بسم الله الرحمن الرحيم

تاھىرجان ئابباس

# سۈننەت

## سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى ئورنى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەتقىقات مەركىزى

# سۈننەت | SÜNNET | السنة

## سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى ئورنى

**مۇئەللىپ: تاھىرجان ئابباس**


نەشر قىلغۇچى

**شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەتقىقات مەركىزى**

**بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن**

**2025 -يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى**

**ISBN:** 978-625-6984-79-0

BASKI ve CİLİT | بېسىش ۋە مۇقاۋىلاش

MUTLU BASIM

Sertifika No: 48627



مەزكۇر ئەسەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ئەۋلاد نەشرىياتىغا تەۋە. نەشرىياتنىڭ يازما رۇخسىتىنى ئالماستىن ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ كۆپەيتىپ تارقىتىشىغا، ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.



ئەۋلاد نەشرىياتى

Seyitömer Mh. Uzun Halil Sk. No:12/5 Fatih-İstanbul
Tel & Fax: (0212) 589 02 09 Gsm: (0553) 070 73 50
www.farabi. org. tr. / ewlatneshriyat@gmail.com
Sertifika No: 43840



**ئۆلىمالار بىرلىكى ئالاقە ئۇچۇرلىرى:**

Kemalpaşa Mah. 1. Biga sokak No-27 D-5 Sefaköy
Küçükçekmece İstanbul / TÜRKİYE
Tel No: +90 212 540 31 13
https://olimalar.org/ olemalarjournili@gmail.com

**شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەتقىقات مەركىزى نەشر قىلدى**

**ئىستانبۇل - تۈركىيە**

## مۇندەرىجە


**سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى ئورنى** ..... 2

**بېغىشلىما** ..... 9

**كىرىش سۆز** ..... 11

1. سۈننەتنى بىر پۈتۈن ئىنكار قىلىش ..... 18

2. قىسمەن ئىنكار قىلىش ..... 19

3. مەزمۇن بويىچە ئىنكار قىلىش ..... 19

4. رىۋايەت زەنجىرى بويىچە ئىنكار قىلىش ..... 19

بىرىنچى باب

**ھەزرىتى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)!** ..... 29

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسۇملىقى، ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتىكى خاتاسىزلىقى ..... 32

پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى ..... 37

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش بىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ..... 40

ئىككىنچى باب

**سۈننەت كەلىمىسىنىڭ تېرمىنولوگىيىسى** ..... 73

مۇھەددىسلەرنىڭ قارىشىدا سۈننەت ..... 77

فەقىھلەرنىڭ قارىشىدا سۈننەت ........ 77
سۈننەت ئۈقۇمى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 77
سۈننەتنىڭ ئەھمىيىتى ........ 85
سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئورنى ........ 86
قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ پەرقى ........ 91
سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ........ 94

ئۈچىنچى باب

**سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى ئورنى** ........ 99
ساھابە كىراملارنىڭ سۈننەتنى چىڭ تۇتىدىغانلىقىغا قارىتا ئاللاھنىڭ تەستىقى ........ 101
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ مۇتلەق ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە دائىر ئايەتلەر.... ........ 105
سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر ھەدىسلەر.... ........ 108
ساھابە كىرام ۋە سەلەپ سالىھىنلارنىڭ سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرى ........ 110

تۆتىنچى باب

**ئىسلام ئاساسى قانۇنىنىڭ مەنبەسى** ........ 117
سۈننەت ئىسلام ئاساسى قانۇنىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىدۇر 122
سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر ھەدىس شەرىپتىن دەلىللەر ........ 125
سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قۇرئان كەرىمدىن دەلىللەر ........ 130

بەشىنچى باب

**سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە بۇ ھەقتە ئۇمۇمىي چۈشەنچە ........ 139**

بىرىنچى بۆلۈم: قۇرئانچىلار (يەنى سۈننەتنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى ئورنىنى رەت قىلغۇچىلار) توغرىسىدا ........ 139

ئىككىنچى بۆلۈم: مۇتەۋاتىر سۈننەتنىڭ ھەممىسى ھۆججەتتۇر ........ 147

ئۈچىنچى بۆلۈم: ئاھاد ھەدىس (سۈننەت) نىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىللەر ........ 148

تۆتىنچى بۆلۈم: ئاھاد خەۋەرلەرنىڭ يېتەرلىك تەكشۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت چۈشەندۈرۈش ........ 151

بەشىنچى بۆلۈم: سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويۇش ئەۋزەللىكى بارلىقىغا دائىر دەلىلەر ........ 154

ئالتىنچى باب

**سۈننەت نۇرىدا يېتىلگەن ساھابە كىرام، تابىئىن ۋە تەبى-تابىئىنلەرنىڭ سۈننەت ھەققىدە قانداق خىزمەتلەرنى قىلغانلىقى توغرىسىدا ........ 165**

قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت نۇرىدا يېتىلگەن يېڭى جەمئىيەت ........ 165

ساھابە كىراملارنىڭ سۈننەتكە ئەگىشىشتىكى سەزگۈرلۈكى ........ 168

سەلەپلەرنىڭ سۈننەتكە قارىتا پوزىتسىيىسى ........ 178

ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشتا كۆرسىتىلگەن سەزگۈرلۈك ........ 180

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغان ھەدىس توقۇش ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى ........ 181

ساھابە كىرام ۋە تابىئىنلارنىڭ بۇ خۇسۇستىكى تەمكىنلىكى 182

تۇقۇلما ھەدىسلەرنىڭ شاللىنىشى ..... 200

راۋىيلەر ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان ..... 202

ھەدىس كىتابلىرى سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈلگەن ..... 205

خەلق ئارىسىدا ھەدىس دەپ قارىلىپ كەلگەن ئەقلىي سۆزلەر ..... 207

ھەدىسلەرنىڭ سان جەھەتتىكى كۆپلىكىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار ..... 210

ئىلىم ئىشتىياقى ..... 216

شارائىت مۇناسىۋىتى ..... 220

ئۇلار ئەستە ساقلاش داھىلىرى ئىدى ..... 221

ھەدىس لەۋزىلىرىنىڭ پەرقلىقلىقى ..... 223

سۈننەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يېزىلغانلىقىغا دائىر دەلىللەر ..... 226

تەدۋىنگە زىت دەلىللەرگە قارىتا مۇلاھىزە ..... 227

ھەدىسلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرۇلغانلىقىغا دائىر دەلىللەر ..... 230


## يەتتىنچى باب


**ھەدىس ئىلمى ھەققىدە** ..... 237

ھەدىس ئىلمى ..... 237

ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى ..... 239

سەنەد ۋە ئىسناد ..... 244

راۋى (ھەدىس رىۋايەتچىسى) سۆزىنىڭ ئىپتىلموگىيىسى ..... 245

قانداق ئادەملەرنى ھەدىس رىۋايەتچىسى دېيىشكە بولىدۇ؟ ..... 249

راۋىيلارنىڭ ھەدىس خىزمىتىدىكى رولى ..... 251

راۋىيلارنىڭ تەبەقەلىرى ..... 254

**خاتىمە** ..... 260

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى كۆيۈمچان، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## بېغىشلىما

بارچە ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ھەق دىنىنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىگە دۇرۇت ۋە سالام يوللايمىز.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، سۈننەت ئىسلام مەنبەلىرىنىڭ قۇرئان كەرىمدىن كېيىنكى ئاساسى ۋە شەرىئەت قانۇنىنىڭ ئىككىنچى چوڭ دەلىلىدۇر. قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش ئۈچۈن سۈننەتكە موھتاجمىز، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى ئۆزىنىڭ سۈننەتلىرى بىلەن چۈشەندۈرگەن.

ھازىرقى زامانىمىزدا ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ پىتنە-پاساتلىرى سەۋەبىدىن بەزى كىشىلەر سۈننەتنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق شەكلىنىپ قالماقتا. شۇ سەۋەبتىن سۈننەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە دىنىمىزدىكى ئورنىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپرەك ئوتتۇرىغا چىقىشى زامانىمىزنىڭ تەلىپى بولۇپ قالدى.

قېرىندىشىمىز ئۇستاز تاھىرجان ئابباسنىڭ «سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى ئورنى» ناملىق بۇ ئەسىرى شۇ ساھەدىكى چوڭ بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان قىممەتلىك كىتابتۇر. ئەسەر

سۈننەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، يېتىپ كېلىش تارىخى، ھاياتىمىزدىكى ئەھمىيىتى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلەشتىكى ئورنىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

بۇ ئەسەر «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن باشتىن ئاخىرغىچە دىققەت بىلەن تەكشۈرۈلدى. زۆرۈر جايلارغا تۈزىتىش بېرىلىپ، مۇئەللىپكە قىممەتلىك تەۋسىيەلەر تەقدىم قىلىندى. مۇئەللىپمۇ بۇ تەۋسىيەلەر ئاساسىدا ئەسەرنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

**تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ئۇستازلار:**

1. ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ
2. ئۇستاز ئابدۇلەھەد ھاپىز
3. ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
4. ئۇستاز ئۆمەر قارىھاجىم
5. مەھمۇتجان داموللام
6. ئابدۇرراززاق قارىھاجىم
7. ئۇستاز مۇھەممەد رەھىم
8. ئۇستاز نىزامۇددىن قارىھاجىم تەمكىينى

**تەۋسىيەمىز**

بۇ ئەسەر خەلقىمىزنىڭ سۈننەت ھەققىدىكى بىلىم ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان قىممەتلىك مەنبەدۇر. شۇڭا ھەربىر مۇسۇلماننىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇشىنى چىن دىلىمىزدىن تەۋسىيە قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەتقىقات مەركىزى

2025/06 23

ئىستانبۇل

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى كۆيۈمچان، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## كىرىش سۆز

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ۋە ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. بىزنىڭمۇ بارلىق گۈزەل ماختاشلىرىمىز ۋە ھەمدۇ – سانالىرىمىز ئاللاھقا بولسۇن، پۈتۈن ياردەم، مەغپىرەت ۋە ھىدايەت ئاللاھتىندۇر؛ بىزمۇ ياردەم ۋە ھىدايەتنى پەقەت ئاللاھتىن تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. بىز مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانە بىر ۋە شېرىكى يوق يەكتادۇر. يەنە شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۈلۈغى، ئەخلاق-پەزىلەتتە ئەڭ ئۈستۈنى ۋە تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلىغان شەپقەتلىك ئاتا، مېھرىبان ئۇستازدۇر. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەر تۈرلۈك مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن مۇئەللىم، ماھىر قوماندان ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دۇنياغا ئادالەت نۇرىنى تارقاتقان ئۈلۈغ داھىيدۇر. ئاللاھ ئۇنىڭغا، ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا چەكسىز رەھمەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن.

غەرب دۇنياسى سانائەتلىشىپ، ئىلىم – پەندە تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، ئىنسان پىكرى كاپىتالىزم چەمبىرىكىگە قامىلىپ قالدى. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ماددىيەتچىلىك تەسىرىدە روھىي دۇنياسى

ئىغىر زەربىگە ئۇچراپ، مەنىۋى قىممەت قارىشى تۈۋەنلەپ كەتتى. بۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار پىكرىي جەھەتتىن ئادىشىپ، ئىدىيەۋى جەھەتتىن چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختا ئىسلامغا باغلانغان دەۋرلەردە دۇنيانىڭ ئەڭ يۇكسەك مەدەنىيەتلىرىنى بەرپا قىلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىغا «مۇسۇلمان دۆلەتلىرىمۇ تەرەققىي قىلىش ئۇچۇن غەربكە ئوخشاش ئەقىلنى ۋەھيىدىن ئۇستۇن قويۇشى كېرەك» دېگەن خاتا چۈشەنچىنى تارقاتتى. ھالبۇكى تارىخقا نەزەر سالساق، مۇسۇلمانلار ئىسلام مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋرلەردە (8ـ13 ئەسىرلەر) پەن-تېخنىكا، پەلسەپە، تېبابەت، ماتېماتىكا قاتارلىق ساھەلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ مەزگىللەردە:

ـ باغداد، قۇرتۇبە، قاھىرە قاتارلىق شەھەرلەر دۇنيانىڭ ئىلىم-پەن مەركەزلىرىگە ئايلانغان.

ـ خاۋارىزمى، ئىبن سىنا، فارابى قاتارلىق ئالىملار يېتىشىپ چىققان.

ـ ئىلىم-پەن بىلەن دىنىي ئېتىقاد ئارىسىدا ماسلىشىش بولغان.

ـ غەرب دۇنياسى مۇسۇلمانلاردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن.

ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە بەزى مۇتەپەككۇرلار مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ پارلاق تارىخىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، غەربنى تەقلىد قىلىش كېرەك، دېگەن خاتا قاراشنى تارقاتتى. ئۇلار:

ـ دىن بىلەن پەننى قارمۇ-قارشى دەپ قارىدى.

ـ ئەقىلنى ۋەھيىدىن ئۇستۇن قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ـ غەربنىڭ تەرەققىيات يولىنى بىردىنبىر يول دەپ بىلدى.

غەرب دۇنياسىنىڭ بۇنىڭدەك ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك ۋە ئىدېئولوگىيە كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىشى، ئىنسانلارنى پۈتۈن دىنلارنىڭ مۇقەددەساتلىرىغا قارشى خاھىشقا ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەساتلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئالاھىدە گەۋدىلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ خىل ئاينىش بارا ـ بارا غەرب ئەللىرىگە كۆچۈپ

بارغان خەلقلەر ئارىسىدا راۋاج تېپىپ، بىرى قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرسە يەنە بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى ئىنكار قىلىشتەك قىلمىشلارنى سادىر قىلىشقا باشلىدى.

ئالدىغان بولساق، دانىيەلىك يۆنىلىش پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى «راسمۇس پالۇدان» 2022-يىلى شۋېتسىيەنىڭ مالمو، نوركوپىن ۋە جونكوپىڭ دېگەن شەھەرلەردە قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرۈش ئىغۋاگەر-چىلىكىنى ئېلىپ باردى. 2023 -يىلى شۋېتسىيەدە ئىراقلىق مومىكا ئىسىملىك بىر بەتبەخت ئۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمنى كۆيدۈرۈشى ئۈچۈن شۋېتسىيە ساقچى ئىدارىسىدىن رۇخسەت ئالغانلىقىنى ۋە قۇرئان كەرىمنى كۆرىدۈرىدىغانلىقىنى بىلجىرلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. مانا شۇنىڭدەك 2024 يىلى ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق كەرەم زاھىر باشچىلىقىدا بىر تۇركۇم ئاتالمىش ئۇيغۇر مەخلۇقلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى ئىنكار قىلىش ۋە بەش ۋاقىت نامازنى جاھىلىيەتتىن قالغان مۇشرىك ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى دەپ، جۆيلۈپ يۈرمەكتە. مانا بۇلار زامانىۋىلىق بىلەن بىرگە كەلگەن ئىدىيىۋى چەتنەشنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنىڭ ئېنىق مىسالىدۇر.

17-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەرب دۇنياسى سانائەتلىشىش دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسى مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلدى. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغانلىقى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى چاقىرىقلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى.

بۇ ئىسلاھات لايىھەلىرىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى ئىككى خىل يۆنىلىشتە راۋاجلاندى. بىرىنچى يۆنىلىش بولسا، زامانىۋىلىقنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئەنئەنىنى خاتالىقلاردىن تازىلاش شوئارى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر قۇرۇلمىسى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن ئىبارەت تار دائىرىدىن چىقالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئىككىنچى يۆنىلىش، مۇسۇلمانلار ئۆز جەمئىيىتىدە ئىسلامنىڭ

جەۋھىرى ۋە بىردىنبىر قانۇن مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىمدىن يىراقلىشىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باي مىراسىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى تەكىتلىدى. بۇ يۆنىلىشنىڭ ئەڭ رادىكال كۆرۈنۈشى سۈننەت ئىنكارچىلىق پىكرى بولۇپ، ئۇلار ئىسلامدا قۇرئاندىن باشقا ۋەھىيگە ئاساسلانغان بىلىم مەنبەسى يوق دەپ دەۋا قىلدى.

19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ خىل قاراشقا تەۋە باشتا ئىگناز گولدزىھېر [1] (Goldziher) ۋە يوسۇپ شاخت (Joseph Schacht) قاتارلىق غەرب شەرقشۇناسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭغان بىر قىسىم مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا چىققان.

گولدزىھېر: «ھەدىسلەرنىڭ كۆپ قىسمى سەھىھ ئەمەس. بۇلارنى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن قالغان ھۆججەتلەر دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. بۇلار پەقەت يېتىلىش دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمگەكلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن تېزىسنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا؛ شاخت: «فىقھىي ھەدىسلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى سەھىھ دەپ قوبۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇلار ئىككىنچى ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىن باشلاپ كىشىلەر ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىش ئارقىلىق توقۇپ چىقىرىلغان» دەپ سۈننەت ۋە ھەدىسلەرگە قارشى رەھىمسىز ھۇجۇم قوزغىغان.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىسىرلىق تەتقىقاتچى مۇھەممەد تەۋفىق سىدقى[2]، ھەدىسلەرنىڭ «تەدۋىن « يەنى خاتىرىلىنىش ئۇنىڭغا نۇرغۇن

[1] «ئىگناتىس» نىڭ ئىسمى «يىتسخاق يەھۇدا بۇداپېشت » بولۇپ، ئىگناز گولدزىھېر» دەپ تونۇلغان ماجارىستانلىق يەھۇدىي ئەسلىك شەرقشۇناستۇر. ئۇ، 1850 -يىلى، 22-ئىيۇن تۇغۇلۇپ، 1921 - يىلى – 13-نويابىر ئۆلگەن. ئۇ گېرمانىيەلىك تېئودور نۆلدېك ۋە گوللاندىيەلىك كرىستىيان سنۇك خۇرگرونيې بىلەن بىرلىكتە غەربتە، ياۋروپادا يېڭى چاغ ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ قارىلىدۇ.

[2] مۇھەممەد تەۋفىق سىدقى مىسىرلىق تەتقىقاتچى ۋە مۇتەپەككۇر بولۇپ، 1881- يىلى تۇغۇلۇپ، 1920 -يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قۇرئانچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. «ئەل-مەنار» ژۇرنىلىنىڭ ئاكتىپ يازغۇچىلىرىدىن بىرى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى مىسىرنىڭ داڭلىق

توقۇلما سۆز  ياكى بۇزۇق ئەنئەنىلەر كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەلىيلەشكەن ھادىسە دېگەن. سىدقى «ئىسلام پەقەت قۇرئاندۇر» دېگەن ماقالىسىدا قۇرئاننىڭ ھۆكۈم جەھەتتە يېتەرلىك يوليورۇق ئىكەنلىكىنى يازغان.

20 – ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە بۇ ئىدىيە مىسىردا دوكتور ئەھمەد سۇبھى مەنسۇر تەرىپىدىن باش كۆتۈرگەن. دوكتور ئەھمەد سۇبھى مەنسۇر 1977 ـ يىللىرى ئەزھەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. لېكىن 1987 ـ يىلى خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغان ۋە شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا سۈننەتنى ئىنكار قىلىش جىنايىتى بىلەن ئىككى ئاي قاماقتا ئېلىنغان. كېيىن ئۇ ئىبنى خەلدۇن مەركىزى ۋە باشقا جايلاردىكى كىتاب، ماقالە، تەتقىقات ۋە لېكسىيەلەر ئارقىلىق مۇستەقىل ھالدا ئۆز پىكىرلىرىنى تارقاتقان. 2002 ـ يىلى ئىبنى خەلدۇن مەركىزى تاقىلىپ، نۇرغۇن قۇرئانچىلار دىنغا ھاقارەت قىلىش جىنايىتى بىلەن تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، سىياسىي پاناھلىق تىلەپ ئامېرىكىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئامېرىكىدا تۇرمۇشى مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ۋىرگىنىيە ئىشتاتىدا خەلقئارالىق قۇرئان مەركىزىنى قۇرغان ۋە «ئەھلى قۇرئان» تور بېكىتىنى قۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇ ماقالە، كىتاب ۋە تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان.

ئەھمەد سوبھى مەنسۇر ھەدىسلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ئۇمەييە جەمەتى چوڭ ئاتىسى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفياننىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ۋە رەقىبلىرىنىڭ ئورنىنى چۈشۈرىدىغان ھەدىسلەرنى توقۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئوخشاشلا ئابباسىيلارمۇ ئىبنى ئابباسنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. دېمەكچى مەنكى، ئىككى دۆلەتنىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەرەپدارى دىنىي روھانىيلار ئارقىلىق ھەدىسلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمدار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، رەقىبلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدىغان ھەدىسلەرنى

---

يازغۇچىلىرىدىن.

تۇقۇپ چىققان. مەسىلەن، مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسكە ئوخشاش. بۇ ھەدىس ئۇمەۋىيە دەۋرىدە جەبرىييە مەزھىبىنىڭ كىلىپ چىقىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ھەممە نەرسە ئىنسانغا تەقدىر قىلىنىپ كەتكەن دىگەن قاراش بويىچە ھۆكۈمدارلىق ھۆكۈمدارلارغا تەقدىر قىلىنىپ كەتكەن دىگەن ئىدىيەنىڭ شەكىللىشىنى كەلتۈرۈپ چىققان. مەنسۇر مۇنداق دەيدۇ: بۇ تۈر ھەدىسلەرنى پەيدا قىلىشنىڭ ئارقىسىدىكى مەقسەت، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى باشقا ئىشلارغا بوراپ، ئۇلارنى ئەركىن پىكىر قىلىشتىن چەكلەش.

سۈننەتنى ئىنكار قىلىش ھادىسىسى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلارنىڭ كۆرۈنەرلىك نامايەندىلىرىنى خاۋارىجلار تەمسىل قىلىدۇ. خاۋارىجلار نۇرغۇن ساھابە كىراملارنى كاپىرغا چىقارغان بولسا، يەنە نۇرغۇننى پاسىقلىق بىلەن ئەيىبلەپ، ئالLاھنىڭ كىتابىدىن باشقىسىغا ئىشەنمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. ئۇلارغا ئەگىشىپ راپىزىلار چىقىپ ئەھلى بەيتتىن كەلگەن سۈننەتتىن باشقىسىنى ھۆججەت دەپ قوبۇل قىلمايدىغان بولغان. بۇ خىل تائىپىلەر ھەر ۋاقىت ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغان.

بۇ ئىدىيە، كىيىنكى مەزگىللەردە ھىندىستاندا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكى دەۋرىدە ئەھمەد خان تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ قۇرئاننى پەقەت ئۆز پىكرى بويىچە تەپسىر قىلغان ۋە ھەدىسنى قوبۇل قىلىشقا قىيىن شەرتلەرنى قويۇپ، كۆپىنچە ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغان. ئۇنىڭدىن كىيىن پاكىستاندا ئابدۇللا چاكرالۋى، ئەھمەد دىن ئامرىتسارى ۋە غۇلام ئەھمەد پەرۋىز قاتارلىقلار بۇ پىكىرنى داۋاملاشتۇرغان.

سۈننەت ئىنكارچىلىرى يەنە بەزى ھەدىسلەرنى پارس مىللەتچىلىكى قىلىدىغان بىر تۈركۈم جەمئىيەت كىشىلىرى پارسلارنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمدارلىق تەسىرىنى قايتىدىن تىكلەش مەقسىتىدە توقۇپ چىققان دەپ قارايدۇ.

ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ قارىشى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈردە گەۋدىلىنىدۇ:

ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى سۈننەتنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەشتىكى رولىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ھازىرقى زامانغا ماس كەلمەيدۇ دەپ قاراپ، ھەدىسلەرنىڭ توقۇلما ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

زامانىۋىلىقنىڭ چەكلىك «دىن» چۈشەنچىسىگە ئاساسلانغان يەنە بىر خاتا قاراش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىنى پەقەت دىنىي دائىرىگە قىستاپ قويۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارلىق تەرەپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەلىماتلىرىنى ۋە ئۆلگىلىك يوللىرىنى (سۈننىتىنى) پەقەت ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئارىسىدىكى مەنىۋى-روھىي مۇناسىۋەتكىلا چەكلەپ قويىدۇ.

كونا-كىلاسسىك ھەدىس ئىنكارچىلىرىغا كەلسەك، ئۇلار (قۇرئانچىلار) قۇرئان كەرىمدىن باشقا ئىككىنچى بىر ۋەھيىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى قۇرئاننىڭ سىرتىدىكى سۆز، ۋەھيي ئەمەس، شۇڭا ھەدىسقا ئەمەل قىلىش مۇسۇلمانلارغا لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك ھەدىسنىڭ ھەممىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى دەپ قاراش توغرا ئەمەس، چۈنكى ھەدىسنى دەلىللەيدىغانلار شەخس بولغانلىقى ئۈچۈن، شەخسلەرنىڭ خاتالىشىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى چاغلاردا ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىنى چەكلىگەن؛ كېيىنچە يول قويغان دېيىلگەندىمۇ، ھەدىسلەرنىڭ رەسمىي شەكىلدە يېزىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئىككى ئۈچ ئەسىردىن كېيىن ئەمەلىيلەشكەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن ئۇيدۇرما ھەدىسلەر توغرا ھەدىسلەرگە ئارىلىشىپ كەتمىگەن دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەتنى ئىسلام قانۇنىنىڭ مەنبەلىرىدىن ھېسابلاشقا بولمايدۇ،- دەپ قارايدۇ. ھەمدە ئاھاد ھەدىسنى ئەقىدە مەسىلىلىرىدە دەلىل سۈپىتىدە كۆرمەسلىك، ياكى سەھىھ ئاھاد ھەدىسلەرگە كۆرە قىياسنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ياكى مەدىنە خەلقىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى سەھىھ ئاھاد ھەدىسلەردىن ئۈستۈن كۆرۈش ياكى ئەقلىنى ھاكىم قىلىۋېلىپ، ئۇنى نەقىل يەنى ۋەھيىنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش

ياكى «سەھىھەين» يەنى بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن ئىبارەت ئىككى سەھىھ كىتابتىن باشقا ھەدىس كىتابلىرىنى قوبۇل قىلماسلىقتەك خاھىشقا ئىگە. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن ئىبارەت بۇ ئىككى كىتابتا «تەسھىھ» يەنى توغرۇلاشقا تېگىشلىك ھەدىسلەرنىڭ كۆپلىكىنى ئېيتىپ بىلجىرلايدىغانلارمۇ مەۋجۇت.[1]

مانا يۇقارقىلاردىن ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ مەركىزى ئىدىيەسىنى تۆۋەندىكىدەك خولاسىلاشقا بولىدۇ:

## 1. سۈننەتنى بىر پۈتۈن ئىنكار قىلىش

- قۇرئان كەرىمنىلا مەنبە قىلىپ، سۈننەتنى رەت قىلىدۇ.
- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنىڭ نەقىل قىلىنىشىنى ئىشەنچسىز دەپ قارايدۇ.
- دىنىي ھۆكۈملەرنى پەقەت قۇرئاندىنلا ئېلىش كېرەك دەپ قارايدۇ.
- سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش ئەۋزەللىكىنى رەت قىلىدۇ.

## 2. قىسمەن ئىنكار قىلىش

- مۇتىۋاتىر ھەدىسلەرنىلا قوبۇل قىلىپ، باشقا ھەدىسلەرنى رەت قىلىدۇ.

---

[1] توغرا بىز «بۇخارى خاتالاشمايدۇ» دېيەلمەيمىز، ئەمما شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى ”ئىسلام ئۈممەتى بىر خاتالىق ئۈستىگە بىرلەشمەيدۇ“ چۈنكى ئىسلام ئۈممىتى بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن ئىبارەت بۇ ئىككى كىتابنى بىردەك قوبۇل قىلغان. مانا بۇ بىرلىشىش مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىشتە نوقتىلىق ھۆججەت بولالايدۇ. بۇخارى ۋە مۇسلىمنى دارىقۇتنى ۋە باشقىلاردەك مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا تەھقىقلەپ چىققانلار يوق ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ مەقسىدى بۇ ئىككى كىتابتىن خاتالىق ئىزدەپ چۈشۈرۈش ئەمەس، تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈش مەقسەت قىلىنغان. ئەمما ھازىر بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەمەس سۈننەتنى بىر پۈتۈن تەنقىدلەشنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. بۇ خىل شەخسلەرنىڭ غەرىزى بىلەن دارقۇتنىنىڭ مەقسىتىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى كۇنۇمىزدىكى تەنقىدچىلەرنىڭ مۇرادى پۈتكۈل سۈننەتكە جەڭ ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت.

- سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى قۇرئانغا زىت دەپ قاراپ رەت قىلىدۇ.

- ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنىلا قوبۇل قىلىپ، ئەمەلىي ئەھكاملارغا ئائىت ھەدىسلەرنى رەت قىلىدۇ.

### 3. مەزمۇن بويىچە ئىنكار قىلىش

- غەيبىي ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەرنى رەت قىلىدۇ.
- مۆجىزىلەر ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ.
- زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلەن زىتلاشقاندەك كۆرۈنگەن ھەدىسلەرنى رەت قىلىدۇ.

### 4. رىۋايەت زەنجىرى بويىچە ئىنكار قىلىش

- ئاھاد ھەدىسلەرنى رەت قىلىدۇ.
- رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ.
- ھەدىس توپلاش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىيلىكىنى رەت قىلىدۇ.

بۇ قاراشلارنىڭ ئاساسەن ھەممىسى ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ھەدىس تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن رەت قىلىنغان بولۇپ، ھەدىس ئىنكارچىلىرى ھەدىس ئۇسۇل ئىلمىنىڭ مېتودولوگىيەسىگە ئاساسلانماستىن، پەقەت ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ياكى پەن تەرەققىيات ۋە ئۇچۇر دەۋرىگە ماسلىشالمايدۇ، دېگەن پەرەزگە تايىنىپ، ھەدىس توغرىسىدا خالىغانچە ھۆكۈم چىقارغان.

بۇنداق چۈشەنچە، ماددىي دۇنيا بىلەن روھىي دۇنيانى، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان ئىسلامنىڭ ئاسا-سىي پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدۇ.

ھەقىقەتتە، سۈننەت - قۇرئان پرىنسىپلىرىنىڭ رېئال ھاياتتا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرۇلۇشىدۇر. شۇڭا، سۈننەتنى ئاساس قىلمىغان ھەر قانداق پىكىر ۋە تۇرمۇش

ئۇسۇلىنىڭ ئىسلامىي ماھىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

مىسىرنىڭ سابىق فوند ۋە ۋەقپە مىنىستىرى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە سۈننەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «سۈننەت، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلىشىدە ئاساسلىق يادرولۇق رول ئوينايدىغان پەيغەمبەرگە خاس بايان بولۇپ، ئۇ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ھاياتتا ئىجرا قىلىنىش قوللانمىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ دىنىي پەرزلەر، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر، ئەدەپ – ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە سودا – سېتىق قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپ ۋە ئەھكاملارنىڭ تەپسىلاتىنى ۋە ئىجرا قىلىنىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ نەزەرىيە قىسمىنىڭ تەتبىقاتى ۋە ئۇنى تەپسىلىي شەرھلەپ چۈشەندۈرىدىغان ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق زۆرۈرىي پرىنسىپلىرىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش قۇرئان كەرىمدە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەستۇر (ئاساسى قانۇن) بىلەن نىزامنامە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئاساسى قانۇن نىزامنامىنىڭ مەنبەسىدۇر. نىزامنامە دەستۇرنىڭ تەپسىلاتى ۋە قوللىنىلىشىدۇر، ئاساسى قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان ھەرقانداق نىزامنامىنىڭ ھېچ بىر ئىناۋىتى بولمىغىنىدەك، ئەمەلىي ھاياتتا ئىجرا قىلىنىدىغان نىزامنامىسى بولمىغان دەستۇرنىڭمۇ رولى بولمايدۇ»[1].

ئاۋىستىرىيەلىك مۇتەپەككۇر مۇھەممەد ئەسەد مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر، سۈننەتتىن ۋاز كېچىش ئۇ ئاساسنى بۇزۇپ تاشلىغانلىق بىلەن بارابەر... چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى سۈننەتنىڭ ئۈستىگە بىنا قىلىنغان. ئەگەر

---

[1] «سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە سۈننەتنى قويۇپ، قۇرئان كەرىمگە ئېسىلىش توغرىسىدا» (دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق).

بىنانىڭ قۇرۇلمىسىنى ئېلىۋەتسىڭىز، بىنا قەغەز ئۆيدەك ئۆرۈلۈپ كەتمەمدۇ؟ بۇنداق بىنانىڭ كىمگە ۋە نېمىگە پايدىسى بار؟»[1]

ھەدىسلەر شەرقشۇناسلار ئېيتقاندەك پەيغەمبىرىمىز ئالەمدىن ئۆتۈپ 1، 2 ئەسىردىن كېيىن خاتىرىلەنمىگەن؛ ئەكسىچە، ھەدىس پەيغەمبىرىمىزنىڭ سائادەت دەۋرىدىن باشلاپلا خاتىرىلەنگەن ۋە ئەستە ساقلانغان... كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە بۇ تېكىستلەر كېيىنكى ئەۋلادلارغا يازما ۋە ئېغىز ئارقىلىق مىراس قالدۇرۇلغان. «ئەقەبە» كېلىشىمىنىڭ يىگىتلىرىدىن بىرى بولغان جابىر ئىبنى ئابدۇللا ۋاپات بولغاندا، ئۇ زات ئارقىسىدا ئىبنى ئابباسقا ئوخشاش چوڭ بىر مىراسخورنى، يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى خاتىرىلەيدىغان زور بىر مەنبەنىڭ قالغانلىقىنى ئېيتقان.[2]

بۇلاردىن باشقا يەنە ھەممام ئىبنى مۇنەببىھنىڭ «سەھىپەتۇس سەھىھە» دېگەن ئەسىرىمۇ، ئوخشاش دەۋردىكى ھەدىس مەنبەلىرىدىن بىرى. ھەممام ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن ئايرىلمايتتى. ئۇ، ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىنىڭ سۆزلىگەن پۈتۈن ھەدىسنى خاتىرىلەپ ـ يېزىۋالاتتى.

بۇ سەھىپىلەر بۈگۈنكى كۈندە، مۇھەممەد ھەمىدۇللاھ[3] تەرىپىدىن

[1] «يول ئېغىزىدىكى ئىسلام» 85 – بەت، (مۇھەممەد ئەسەد).

[2] ئىبنى ئەبى ھاتەم «تەقدىمەتۇل جەرىھ» 46 – بەت.

[3] بۈيۈك ئالىم، «مۇھەممەد ھامىدۇللاھ» 1908 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئابادقا تەۋە دەككان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. شۇ شەھەردىكى دارۇل ـ ئۇلۇم مەدرىسىسىدە ئوقۇغان. ئالىي مائارىپنى يەنە شۇ يەردىكى ئوسمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا تاماملىغان. «ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ھوقۇقى» تېمىسىدا ماگىستىرلىق تېزىسى تەييارلىغان. كېيىنچە دوكتورلۇق ئېلىش ئۈچۈن ئوسمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن گېرمانىيەنىڭ بون شەھىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېتقا ئەۋەتىلگەن. 1933 ـ يىلى «دۆلەتلەر ئومۇمىي ھوقۇقى» كەسپىدە دوكتورلۇقنى تاماملىغان. ئوخشاش تېمىدىكى تەتقىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن پارىژغا كەتكەن. پارىژدىكى «ئىلمىي تەتقىقات دۆلەت مەركىزى»نىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. بۇ يەردە ئىلمىي تەتقىقات، ئىزدىنىش ۋە نەشرىيات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەللىككە يېقىن ئەسىرى بار. ئەسەرلىرى نۇرغۇن غەرب ۋە شەرق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

نەشر قىلىنىپ، ئېلىپ بېرىلغان كاربون ئانالىزى ـ تەتقىقات نەتىجىسىدە سەھىپىلەرنىڭ بۇندىن 14 ئەسىر بۇرۇن يېزىلغانلىقى ئېنىقلانغان. شۇنىڭدەك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئوخشىشى «مۇسنەد ئىبنى ھەنبەل» (ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇسنەدى) دىمۇ كەلتۈرۈلگەنلىكىدۇر. بۇ ھەدىسلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىمۇ بۇخارى ۋە مۇسلىمغا ئوخشاش سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان. مانا بۇ ھەدىسلەرنىڭ تا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا يېزىپ قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرسەتكىنىدەك، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇقسانسىز ۋە خاتالىقسىز ۋە تولۇق ھالدا ساھابە، تابىئىن ۋە تەبە تابىئىنلار ئارقىلىق ھەدىس مەجمۇئەلىرىگە كىرگەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىنىڭ دەسلەپتە چەكلىنىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار، مىسىرلىق كاتتا ھەدىس ئالىمى ئەھمەد مۇھەممەد شاكىرنىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە، قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئىدى. قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قۇرئاننى يادلاش، چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىلاھىي كالام ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغان. كېيىنچە، ساھابىلەر قۇرئان بىلەن ھەدىسنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان سەۋىيەگە يەتكەندە، ھەدىسلەر قۇرئاندىن ئايرىم ھالدا يېزىلىشقا باشلىغان. بۇ خاتىرىلەش ئىشى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (ئىسلام تارىخىدا «ئىككىنچى ئۆمەر» دەپ تونۇلغان) دەۋرىگە كەلگەندە، تېخىمۇ سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلغان.

ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىن باشلاپلا ھەم يېزىلغان ھەم ئېغىزدىن ئېغىزغا يەتكۈزۈلگەن. يەمامە ئۇرۇشىدا كۆپلىگەن قۇرئان قارىلىرىنىڭ شېھىت بولۇشى ھەزرىتى ئۆمەرنى قۇرئاننى رەسمىي توپلاشقا تۈرتكە بولغانىدەك، ھەدىسلەرنىڭ كىتاب ھالىتىدە ساقلىنىش مەسىلىسىمۇ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ

دىققىتىنى تارتقان ۋە ئۇ كىشى بۇ ئىشنى رەسمىي يولغا قويغان.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆمەۋىي سارايلىرىدا يېتىشكەن بولۇپ، ھەدىس، تەپسىر ۋە رىجال ئىلمىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئۇ خەلىپىلىك قىلغان ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە، خىلاپەت تېرىتو-رىيىسىدىكى ئىسلام مەملىكەتلىرىدە كۆپلىگەن ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. بۇ مەزگىلدە مەملىكەتلەر ئادالەتلىك باشقۇرۇلۇپ، پۈتۈن خەلق باياشات ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈردى.

بۇ كاتتا زات يۇقىرىقى خىزمەتلەردىن سىرت، ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىپ رەسمىي كىتاب شەكلىدە توپلىنىشىدەك مۇھىم ئىشقا تۈرتكە بولدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىيەت ۋە قىساس قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە يېزىپ بەرگەن ئەمر ئىبنى ھەزمنىڭ نەۋرىسى، مەدىنە ۋالىسى ئەبۇ بەكر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەزمغا بۇ ھەقتە پەرمان چۈشۈردى.

ۋالىي بۇ ۋەزىپىنى ياش تابىئىنلەردىن بولغان مۇھەممەد ئىبنى شىھاب زۆھرىگە تاپشۇردى. شۇنداق قىلىپ، زۆھرى ھەدىسلەرنى توپلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى رەسمىي باشلاپ، ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى رەسمىي ھەدىس توپلىغۇچى (مۇدەۋۋىن) بولۇش شەرىپىگە نائىل بولدى.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن باشلىتىلغان بۇ «تەدۋىن» خىزمىتى پەقەتلا ئىمام زۆھرى بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. مەككىدە ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئابدۇلئەزىز جۇرەيج، ئىراقتا سەئىد ئىبنى ئەبى ئەرۇبە، شامدا ئەۋزائى، مەدىنىدە يەنە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان، كۇفىدە ئىبنى قۇدامە ۋە سۇفيان سەۋري، بەسرىدە ھەمماد ئىبنى سەلەمە، خۇراساندا ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك بۇ خىزمەتنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا ھەدىس ھەققىدە ئالەمچە مول ماتېرىيال قالدۇرۇپ كەتكەن.

تەدۋىن دەۋرىدىن كېيىن، ھەدىسلەر تېما ۋە بابلارغا ئايرىلغان ھالدا كىتابلار تەلىپ قىلىنىشقا باشلىغان ۋە بۇ باسقۇچ ئىسلام ھەدىس تارىخىنىڭ ئالتۇن دەۋر بولۇپ ئەنگە ئېلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئەبۇ

داۋۇد تايالىسى[1]، مۇسەددەت ئىبنى مۇسەرھەد، ئەلھۇمەيدى ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە ئوخشاش تاللانغان شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىنى يازغاندا، يەنە بىر تەرەپتىن ئابدۇرراززاق ئىبنى ھەممامغا ئوخشاش ئالىملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىبنى ئەبى زىئب، ئىمام مالىك، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەلقەتتان ۋە ياھيا ئىبنى سەئىد ئەلئەنسارىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ يەنە بۇ ئالتۇن دەۋرنىڭ مېۋىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ زاتلار بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى ۋە يەھيا ئىبنى مەئىنگە ئوخشاش بۈيۈك مۇھەددىسلەرنىڭ شەيخلىرىدۇر. بۇ بۈيۈك شەيخلەرنىڭ بېغىنىڭ مېسى سۈپىتىدە ناھايەت «كۈتۈبۇس سىتتە» دەك ھەدىس توپلاملىرى مەيدانغا كەلگەن. دېمەك ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىككىنچى قانۇن مەنبەسى بولۇپ قوبۇل قىلىنغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى بىر ئالتۇن دەۋرنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسىنى ئېچىپ، بۇ ساھەدە ئالتۇن دەۋر ياراتقانتى.

بۇ ئۇلۇغ شەخسلەر ئومۇمەن زامانداش بولۇپ، بىر-بىرىگە سەپداش ۋە ئۇستاز ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم دوست ئىدى، ئىمام تىرمىزى بۇخارىدىن دەرس ئالغان. ئىمام نەسەئى ۋە ئەبۇ داۋۇدمۇ ئوخشاش دەۋرنىڭ ھەدىس ئالىملىرىدىن ئىدى.

بۇ ئۇلۇغ زاتلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىسىدا ئۈچ-تۆت ئەۋلاد ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئەۋلادلارنىڭ ئالتۇن زەنجىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشتۇرىدىغان ھالقىلار ئۈزۈلۈپ قالمىغان. مانا بۇ ھالقىلارغا باغلانغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي مەنبەسى بولغان سۈننەت، ساھابە كىرامدىن باشلاپ، تابىئىن ۋە تەبەئە تابىئىنغىچە

---

[1] «ئەبۇ داۋۇد ئەل تەيالىسى» - تەيالىسى مىلادىيە 750 -يىلى تۇغۇلۇپ، 819 -يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئەسلى پارس مىللىتىدىن بولۇپ، توشقان ھەدىس ھاپىزلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ جەرىر ئىبنى ھازىم، ھەمماد ئىبنى زەيد، ھەمماد ئىبنى سەلىمە، شۇئبە، سۇفيان ئەس سەۋرى ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىدىن ھەدىس ئالغان. ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك ئىدى، ئۇ بۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭ توپلىغان ھەدىسلىرى «مۇسنەد تەيالىس» دەپ تونۇلغان. ئۇ بەسرىدە ياشاپ، بەسرىدە ۋاپات قىلغان.

بولغان مەزكۇر ھەدىس ئالىملىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن توپلانغان، يادلانغان ۋە كىتاب ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ كىتابلار ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.

دېمەك سۈننەت ـ ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى قانۇنىدۇر. ﴿زىكىرنى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى بىز قوغدايمىز﴾[1] دېگەن ئايەت كەرىمىنىڭ مەنىسى بويىچە، سۈننەت قۇرئان كەرىم بىلەن بىرگە قوغدالغان ۋە سائادەت ئەسرىدىن[2] باشلاپ يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋە يادقا ئېلىنغان. بەشىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ دەۋرىدە رەسمىي قەيتكە ئېلىنىپ، كىتاپلاشتۇرۇلغان. ھەمدە نۇرغۇن ئىلمىي ئاساس ۋە تەتقىقاتلارغا ماۋزۇ بولۇپ، كۈنۈمىزگەچە يېتىپ كەلگەن.

...... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكى دىنىي زۆرۈرىيەت، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ زۆرۈرىيەت قەلبىدە زەررىچە ئىمانى بولغان كىشىلەر دەلىل تەلەپ قىلمايدىغان ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ھەقىقەت. ئەمما بىزنىڭ بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى دەلىل ۋە پاكىتلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىشىمىز، سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ شۈبھىلىك قاراشلىرىنى ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەش پەردىسى ئارقىسىغا ئۆتىۋېلىپ، ئاۋام مۇسۇلمان خەلقنىڭ زېھنىنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا تۆھمەت قىلماقچى بولغان بىدئەتچىلەرنىڭ سۈيىقەستلىرىنى، بولۇپمۇ بۇ دەۋردە ئەقلىي ئەركىنلىك باھانىسى بىلەن توختىماي جۆيلۈيدىغانلارنىڭ گۇمان ۋە ئۇيدۇرما پىتنە پاساتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

مانا بۇ ئەسەر، سۈننەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ دىنىي قىممىتىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان يەرلىك ۋە چەتئەللىك يازغۇچىلارغا قارشى بىر خىل جاۋاب خاراكتېرىدىدۇر. ئىددىئا قىلىنغاندەك ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن بەك كېيىن يېزىلماي، ئەكسىچە بۇ ئىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىلا باشلانغانلىقىنى؛

[1] سۈرە ھىجر، 9 – ئايەت.

[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان دەۋر.

ساھابىلەر دەۋرى بويىچە كۆپ قىسمىنىڭ يېزىلغانلىقىنى ۋە بۇ مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان قىممەتلىك بىر تەتقىقاتتۇر.

بۇ ئەسەردە بىز، سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان شۇبھىلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تەھلىل قىلىپ، ئۇلارغا قۇرئان كەرىم، ھەدىس، تارىخى ۋە ئەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق جاۋاب بېرىشكە ۋە مۇھىم دەپ قارالغان تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى يورۇتۇپ ئۆتۈشكە تىرىشتۇق:

1. سۈننەتنىڭ شەرئىي دەلىل بولۇشىنىڭ قۇرئان كەرىمدىن دەلىللىرى.
2. سۈننەتنىڭ ساقلىنىش تارىخى ۋە ئۇسۇللىرى.
3. ھەدىس رىۋايەت قىلىش ۋە توپلاش جەريانىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى.
4. سۈننەتسىز قۇرئاننى توغرا چۈشىنىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى.
5. سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش ئەۋزەللىكى.
6. سۈننەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتلىرى.

ئەسلى سۆزىمىزگە كەلسەك، بۈگۈنكىدەك بىر مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، ھەر خىل ۋەسىلىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى زۆرۈر بولغان بىر قىسىم ھەقىقەتلەرنى يىغىنچاقلاپ، سىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەقدىم قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

مەقسىتىمىز بۇ نۇقتىلارنى يورۇتۇش ئارقىلىق ـ ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىلەرگە توغرا يول كۆرسىتىش، شۇبھىگە چۈشۈپ قالغانلارنى قايىل قىلىش ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتۇر.

بۇ ئىلىم ئەھلىلىرى، تەتقىقاتچىلار ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇھىم ئەسەر بولۇپ، سۈننەتنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنىنى چۈشىنىشتە يېتەكچى رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئاللاھ تائالادىن بۇ كىتابنىڭ مۇسۇلمانلارغا، جۈملىدىن خەلقىمىزگە پايدىلىق بولۇشىنى ۋە ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىلەرگە يول كۆرسىتىشىنى

تىلەيمىز.

جانابى ئاللاھ بىزنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابىنىڭ پەيزىدىن مەھرۇم قىلمىسۇن! پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئالىم – ئۆلىمالارنىڭ نۇرلۇق ئىزىدىن ئايرىمىسۇن. يېگانە ھەق دىن بولغان ئىسلامنىڭ قەدرى – قىممىتىنى بىلىشنى، ئۇنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئىدراك قىلىپ ياشاشنى ۋە ئۆزى رازى بولغان قۇللارنىڭ ئارىسىغا كىرىشنى ھەممىمىزگە نېسىپ قىلسۇن!

ئامىن! تىرىشىش بىزدىن مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىن.

بىرىنچى باب

## ھەزرىتى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)!

ھەزرىتى مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن دەۋر قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن ئىنسانلارغا ھەتتا جىنلارغىمۇ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسىدۇر، شۇنداقلا دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئەسكەرىي بىر داھىيدۇر. ئۇ، مىلادىيە 571 ـ يىلى مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. 632ـ مەدىنىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى: مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇمەناف ئەلقۇرەيشى (يەنى قۇرەيشلىك ئابدۇمەناف ئوغلى ھاشىم ئوغلى ئابدۇلمۇتتەلىب ئوغلى ئابدۇللاھ ئوغلى مۇھەممەد) دۇر. ئۇ زات بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا جەمئىيەتتە مۇھەممەدۇل ئەمىن (ئىشەنچلىك مۇھەممەد) دەپ تونۇلغان.

موھەممەد، ئەرەبچە ئىسىم بولۇپ، مەنىسى: «مەدھىيەلەنگەن، ماختالغان» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ زات يەنە مۇستاپا، مەھمۇد، ياكى ئەھمەد قاتارلىق ئىسىملەر بىلەنمۇ ياد ئېتىلىدۇ. ئۇ زاتنىڭ كۇنيەسى (لەقەبى) « ئەبۇلقاسىم» يەنى «قاسىمنىڭ ئاتىسى» دۇر. كۇنيە، ئەرەب جەمئىيەتىدە، كىشىنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئىسمىگە قارىتا بېرىلگەن ئىسىمدۇر.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى ئەرەب بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى: ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇتتەلىبتۇر. ئانىسىنىڭ ئىسمى: ئامىنە بىنتى ۋەھبىدۇر. پەيغەمبىرىمىز

ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مەككە شەھرىدە، قۇرەيش قەبىلىسى، بەنۇ ھاشىم جەمەتى، ئابدۇلمۇتتەلىب ئائىلىسىدە، مىلادىيە 571 ـ يىلى ـ 4 ئاينىڭ ـ 21 كۈنى (يەنى، ھىجرىيە رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى)، دۈشەنبە ئەتىگەندە، بامدات نامازدىن سەل بۇرۇن، ھاۋانىڭ ساپ ـ سالقىن ۋاقتىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئىككى ئايلىق بولغاندا دادىسى ۋاپات بولغان. ئالتە (يەنە بىر رىۋايەتتە تۆت) ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئامىنە ۋاپات بولۇپ، چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ تەربىيەسىگە ئۆتكەن. ئابدۇلمۇتتەلىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەككىز ياشقا كىرگەندە ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسى – ئابدۇللاھنىڭ قېرىندىشى (تاغىسى) ئەبۇ تالىبنىڭ تەربىيەسىگە ئۆتكەن. ئون ئىككى يېشىدا تاغىسى ئەبۇ تالىپ بىلەن بىرگە شامغا بارغان. ئۇ 25 ياشقا كىرگەندە تىجارەت بىلەن ئىككىنچى قېتىم يەنە شامغا بارغان. شامدىن كېلىپ، ئۆزىدىن ئۆتمەي خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد بىلەن توي قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەندە، مەككىدە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق كەلكۈن ئاپىتى سەۋەبلىك بەيتۇللاھنىڭ تاملىرى ئاجراپ كەتكەن، شۇ سەۋەبلىك مەككە ئەھلى كەبىنى رېمونت قىلماقچى بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ رېمونت ئىشىغا قاتناشقان ۋە «ھەجەرۇل ئەسۋەد»[1] نى ئۆز ئورنىغا قويۇش مەسىلىسىدە، قەبىلىلەر ئارىسىدا كېلىپ چىققان دە – تالاشلارنى دانالىق بىلەن ھەل قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 40 كىرگۈچە ئاساسەن مەككىدە ياشىغان. مەككىدە كۆپىنچە چارۋىچىلىق ۋە تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغان.

تارىخ، ـ مىلادىيە 610 ـ يىلى 2 – ئاي ئىدى. بۇ كۈنلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتاتتى. توساتتىن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر شەخس پەيدا بولۇپ : «بېشارەت ساڭا ئى مۇھەممەد ! مەن بولسام جىبرىئىل، سەن بولساڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئوقۇ !» دېدى. پەيغەمبەر

[1] تاۋاپنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، كەبىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە قويۇلغان مۇبارەك تاش.

ئەلەيھىسسالام : «مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دېگەندە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق سىقىپ، قويۇۋېتىپ : «ئوقۇ !» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دېگەندە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇ زاتنى يەنە قاتتىق سىقىپ، قويۇۋېتىپ: «ئوقۇ !» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئوقۇشنى بىلمەيمەن » دېگەندە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىم يەنە قاتتىق سىقىپ قويۇۋېتىپ: ﴿ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ، ئىنساننى ئۇيۇل قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ ھورمەتلىكتۇر. ئۇ، قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى﴾[1] دەپ، جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان تۇنجى ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بەردى.

بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتە بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز تۇرانە ئۇچرىشىش ھادىسىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن؛ قورققانلىقىدىن مۇبارەك چىرايى ئاقىرىپ، پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك باسقان ھالدا ئۆيىگە قايتقان ۋە ئايالى خەدىچە ئانىمىزغا: «مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار!...» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارام ئېلىپ، بىرئاز تېنىچلانغاندىن كېيىن، يۈز بەرگەن ئەھۋالنى خەدىچە ئانىمىزغا بايان قىلىپ، ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالغانلىقىنى ئېيتقان. خەدىچە ئانىمىز: «قورقمىسىلا! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سىلىنى ھەرگىز خار قىلمايدۇ، چۈنكى سىلە خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلەر ـ رەھىم قىلىسىلا، ئاجىز ـ بىچارىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنىلا، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىلا، مېھمانلارنى ياخشى كۈتىلا، مەزلۇملارغا ياردەم قىلىسىلا، ئاللاھ سىلىگە شەيتاننى ۋە بولمىغۇر ئىشلارنى مۇسەللەت قىلمايدۇ» دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي قىلغان.

دېمەك، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كامالەت يېشى بولغان 40 ياشقا كىرگەندە، ئۇ زاتنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنى جاھالەت

---

[1] ئەلەق سۈرىسى، 1 – 5 ئايەتلەر

قاراڭغۇلۇقىدىن ئىمان ۋە مەرىپەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن بېشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى باشلانغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى 13 يىل داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، مىلادىيە 622 ـ يىلى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان. مەدىنىدىكى 10 يىللىق ھاياتىدا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى، ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدا بىرلىككە كەلتۈرگەن.

ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئەتنىڭ جەۋھىرى ۋە تولۇقلىنىپ كامالەتكە يەتكەن نۇسخىسىدۇر. ئۇ چاقىرغان دىن، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى قانۇنى قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق ھاياتىدا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتابتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ھال ھەرىكىتى ۋە تەقرىرى (يەنى باشقىلارنىڭ قىلغان سۆزى ۋە ئىش – ھەرىكىتىنى ماقۇللىشى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەدىس ياكى سۈننەت دەپ ئاتىلىدۇ. سۈننەت بولسا قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى قانۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەججەتۇلۋىدادىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل سەۋەبلىك 632 ـ يىلى 6 – ئاينىڭ 8 – كۈنى، دۈشەنبە چۈشتىن كېيىن مەدىنەدە (ھىجرىيە كالېندارى بويىچە) 63 يېشىدا رەپىقىسى ئائىشىنىڭ ئۆيىدە ۋاپات بولغان ۋە شۇ ئۆيىنىڭ ئۆزىگە دەپنە قىلىنغان.

### پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسۇملىقى،[1] ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتىكى خاتاسىزلىقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئاۋۋالقى دەلىلى-

[1] «مەسۇمىيەت» كەلىمىسىنىڭ يىلدىزى « ئىسمەت» بولۇپ، ئىسمەت جانابى ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى گۇناھ ئىشلاردىن ساقلايدىغانلىقى ۋە شەرئىي ھۆكۈملەردە خاتا كېتىشتىن قوغدايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ـرىدىن بىرى ئۇ زاتنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. پۈتۈن ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنىڭدەك بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا بىردەك قاراشقا ئىگە. پەيغەمبەرلەر ۋەھيىنى يەتكۈزۈش مەسىلىسىدە قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشتىن مەسئۇمدۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىنى يوشۇرۇش، يالغان سۆزلەش، ياكى ئۆزلىرىگە چۈشكەن ھۆكۈملەرنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەسلىك ياكى ئۇ ھۆكۈملەرنىڭ ھەقىقەتتى ئۈستىدە شەك قىلىش، ياكى ئۇ ھۆكۈملەرنى ئۈممەتكە جايىدا يەتكۈزمەسلىك قاتارلىق ئىشلاردىن مەسئۇمدۇر. شۇنىڭدەك شەيتاننىڭ ئۇلارغا پەرىشتە قىياپىتىدە كۆرۈنۈشى ياكى شەيتانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن ۋەھيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ خەلەل پەيدا قىلىشى، ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە ھېس – تۇيغۇلىرىغا مۇسەللەت بولىۋېلىشىدىن مەسئۇمدۇر. شۇنىڭدەك پەيغەمبەرلەر ئاللاھتىن كەلگەن ھەرقانداق بىر ۋەھيىگە ئۆز تەرىپىدىن بىر نەرسە ياكى بىرەر كەلىمە قوشۇپ قويىشى، بىرەر مەسىلە ۋە ئەھكامدا ئۆزلىرىنىڭ دىتىغا ياقماي قالسا يوشۇرۇش ياكى ئۆزگەرتىشتەك ئەھۋاللاردىن تامامەن مەسئۇم ۋە پاكتۇر. جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىنى ئۆز دەۋرگە مۇناسىپ مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەن. شۇ جۈملىدىن، جانابى ئاللاھ «ئى بەندىلىرىم! بۇ سىلەرگە مېنىڭ ۋەھيىمنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن تاللىغان ئەلچىمدۇر. ئۇنىڭ دېگەنلىرى قىلغانلىرى ھەممىسى توغرا ۋە راستتۇر، ئۇنىڭ دېگىنىگە ئىشىنىڭلار قىلغىنىنى قىلىڭلار» دېگەن مەزمۇندا ئۇنى نۇرغۇن مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەن.

جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋەھيىنى تولۇق يەتكۈزۈش، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولمايدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ رىسالىتىنى ئۇنىڭ مۇرادى بويىچە يەتكۈزمىسە، ياكى بىرەر مەسىلىنى يوشۇرسا ياكى كەم زىيادە قىلسا، ئەسلا كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ

سىنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1] يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق، سىلەردىن ھېچبىر ئادەم ئۇنى قوغداپ قالالمايتتى﴾[2]، ئاندىن كېيىن جانابى ئاللاھ ئۇ پەيغەمبەرنىڭ راست ۋە توغرا يەتكۈزگەنلىكىگە شاھىتلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيي قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك - شۈبھىسىزكى سەن توغرا يولغا باشلايسەن﴾[3]، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى،سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ﴾[4]، ئايەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك ئۇ ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلەشتىن تامامەن مەسۇم ۋە پاكتۇر. ﴿پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾[5]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا جانابى ئاللاھ ئۇ زاتقا ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ مونۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ

---

[1] ﴿يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ وَإِنْ لَمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ وَاللّٰهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ﴾ (سۈرە مائىدە، 67 – ئايەت).

[2] ﴿وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ * لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ * ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ * فَمَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ عَنْهُ حَاجِزِينَ﴾ (سۈرە ئەلھاقق، 44 – 47 ئايەت).

[3] ﴿وَكَذَلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحًا مِنْ أَمْرِنَا مَا كُنْتَ تَدْرِي مَا الْكِتَابُ وَلَا الْإِيمَانُ وَلَكِنْ جَعَلْنَاهُ نُورًا نَهْدِي بِهِ مَنْ نَشَاءُ مِنْ عِبَادِنَا﴾ (سۈرە شۇرا، 52 – ئايەت).

[4] ﴿وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَى * مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَى * وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى﴾ (نەجم سۈرىسى، 1 – 3 ئايەت).

[5] ﴿إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى﴾ (نەجم سۈرىسى، 4 – ئايەت).

دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تامامىلىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ شۇ قېتىملىق سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە مەن ئاللاھ بۇيرۇغان نەرسىلەرنى قالدۇرماي تولۇق يەتكۈزدۈم، شۇنىڭدەك ئاللاھ چەكلىگەن نەرسىلەردىنمۇ قالدۇرماي چەكلىدىم»

دېمەك، پەيغەمبەرلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ھەرقانداق خاتالىقتىن مەسۇم[2] ۋە پاكتۇر. ئەگەر ئۇلاردىن سەھۋەنلىك بىلەن خاتالىق سادىر بولۇپ قالسا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن دەرھال تۈزىتىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىم بىلەن ئىسپاتلانغان دەپ كەسكىن ئېيتالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە مۇستەقىل ھۆججەت ئىكەنلىكى ھەدىسى قۇدسىدىكى «جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن...» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى بىلەنلا سابىت بولغان. چۈنكى ئۇ زات:

- ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە ئېزىپ قېلىشتىن
- شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچراشتىن
- ئاللاھقا نىسبەتەن يالغان سۆزلەشتىن
- ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە بىپەرۋالىق قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىشتىن تامامەن مەسۇمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ألا إني أوتيت الكتاب ومثله معه» (بىلىڭلاركى، ماڭا كىتاب (قۇرئان كەرىم) ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش (سۈننەت) بېرىلدى) دېگەن سۆزى قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ ھەر

[1] ﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلَامَ دِينًا﴾ (سۈرە مائىدە، 3 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

[2] «مەسۇم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىۋاستە قوغدالغان (گۇناھسىز) دېگەن مەنىدە.

ئىككىلىسىنىڭ ۋەھيي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزى ۋە مەنىسى ھەر ئىككىلىسى ۋەھيىدۇر، سۈننەتنىڭ بولسا مەنىسى ۋەھيىدۇر. دېمەك، ھەر ئىككىلىسى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيي بولۇپ، شەرىئەت قانۇنىنى بەلگىلەشتە ھۆججەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرى سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ:

- «إنما الأعمال بالنيات» (ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىق)

- «بني الإسلام على خمس» (ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان)

- «ما حرم رسول الله صلى الله عليه وسلم كما حرم الله» (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھارام قىلغان نەرسە ئاللاھ ھارام قىلغانغا ئوخشاش ھارامدۇر)

- «صلوا كما رأيتموني أصلي» (مېنىڭ ناماز ئوقۇغىنىمدەك ناماز ئوقۇڭلار)

- «خذوا عني مناسككم» (ھەج پائالىيەتلىرىڭلارنى مەندىن ئۆگىنىڭلار)

- «فعليكم بسنتي» (سۈننىتىمنى لازىم تۇتۇڭلار)

بۇ ھەدىسلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش-ئەمەللىرى ۋە سۈكۈت قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تركت فيكم امرين ما تمسكتم بهما لن تضلوا: كتاب الله وسُنّةَ نبيّهِ» (مەن سىلەرگە ئىككى نەرسە قالدۇردۇم، ئۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىز ئازمايسىلەر: ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى)[1] دېگەن سۆزى ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە خاتالاشمايدىغان، سۆزىدە سەممىي ۋە مەسۇم بىر پەيغەمبەرنىڭ سۆزىدۇر. بۇ بىزگە ئۇنىڭ سۈننىتىگە مۇستەھكەم ئېسىلساق ئازمايدىغانلىقىمىزنىڭ دەلىلىدۇر.

[1] ئىمام مالىك رىۋايىتى.

ئازغۇنلۇق پەقەت سۈننەتنى تەرك ئەتكەندە ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغاندا كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتكە بىرلىكتە ئەمەل قىلماي تۇرۇپ ئازغۇنلۇقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى ‹قۇرئانچىلار› دەپ ئاتىۋالغانلار ئازغۇنلۇقتىن خالىي ئەمەس، چۈنكى ئازغۇنلۇقتىن ساقلىنىشنىڭ شەرتى - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتكە بىرلىكتە ئەمەل قىلىشتۇر.

## پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى

1 - ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن ئۇ زاتقا ئىشىنىشكە ۋە قوللاپ ياردەم قىلىشقا ۋەدە ئېلىنغان.

جانابى ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۆز ۋاقتىدىلا ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) تەستىقلىغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» (دېدى). ئاللاھ: «(بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنە بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ: «(ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى﴾[1]

[1] ﴿وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ النَّبِيِّينَ لَمَا آتَيْتُكُمْ مِنْ كِتَابٍ وَحِكْمَةٍ ثُمَّ جَاءَكُمْ رَسُولٌ مُصَدِّقٌ لِمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِ وَلَتَنْصُرُنَّهُ قَالَ أَأَقْرَرْتُمْ وَأَخَذْتُمْ عَلَى ذَلِكُمْ إِصْرِي قَالُوا أَقْرَرْنَا قَالَ فَاشْهَدُوا وَأَنَا مَعَكُمْ مِنَ الشَّاهِدِينَ﴾ (ئال ئىمران سۈرىسى، 81 – ئايەت).

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ۋە تاغىسى ئابباس مۇنداق دېگەن: «جانابى ئاللاھ بۇرۇن ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە تىرىكلام بولىدىكەن ئۇ زاتقا ئىمان كەلتۈرۈش، ياردەم قىلىش، شۇنىڭدەك ئۈممەتلىرىگە شۇ تەۋسىيەنى قىلىشقا ۋەدە ئالغان»[1]

2- ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن، ئەمما بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ﴾[2]، يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن﴾[3].

3- ئۇ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ۋە ئاخىرقىسىدۇر

بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ

---

[1] قال علي بن أبي طالب وابن عمه ابن عباس -رضي الله عنهما-: «ما بعث الله نبيًّا من الأنبياء، إلا أخذ عليه الميثاق: لئن بعث الله محمدًا وهو حي، ليؤمِنَنَّ به ويَنصرنَّه، وأمره أن يأخذ الميثاق على أُمته، لئن بُعِث محمد وهم أحياء، ليُؤمِنُنَّ به ولَيَنْصُرُنَّه». (تەپسىرى ئىبنى كەسىر، 2 – توم، 68 – بەت).

[2] ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِّلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ (سەبە سۈرىسى، 28 – ئايەت).

[3] ﴿قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا﴾ (ئەئراپ سۈرىسى، 158 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

سۆز ـ ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس)﴾[1]

**4ـ ئۇ، ئالەملەرگە رەھمەت ۋە توغرا يول كۆرسەتكۈچى پەيغەمبەردۇرر**

بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[2]،بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! چوقۇمكى مەن سىلەرگە رەھمەت ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى بولۇپ ئەۋەتىلدىم»[3]. ئەبۇ ھورەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ساھابە كىراملار تەرىپىدىن مۇشرىكلارغا قارشى ئاللاھقا دۇئا قىلىش ئىلتىماسى كەلەگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن لەنەتلىگۈچى ئەمەس، بەلكى رەھمەت ۋە توغرا يول كۆرسەتكۈچى بولۇپ ئەۋەتىلدىم»[4]

**5 ـ ئۇنىڭ پەزىلىتىنى دوستىلا ئەمەس ھەتتا دۈشمىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان**

ئۇ زاتنىڭ گەپ – سۆز، ئىش – ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىدە ئەڭ دۇرۇس ۋە ئەڭ مۇكەممەللىكى، دۈشمىنى بولغان بىر قىسىم ئىنسابلىق شەرقشۇ-ناسلارنىمۇ قايىل قىلغان. «ۋىل دۇرانت» ئىسلام ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەققىدە كۆز قارىشى ئىجابىي سەخىس بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك شەخسىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك كىشى ھەققىدە سۆز قىلماقچى بولساق، «مۇھەممەد»

---

[1] ﴿مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ وَكَانَ اللهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا﴾ (ئەھزاب سۈرىسى، 40 – ئايەت).

[2] ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ﴾ (ئەنبىيا سۈرىسى، 107 – ئايەت).

[3] عن أبي هريرة -رضي الله عنه- قال: قال رسول الله -صلى الله عليه وسلم-: «يا أيها الناس، إنما أنا رحمة مُهداة»؛ (ئىمام ھاكىم «مۇستەدرەك» دېگەن كىتابىدا رىۋايەت قىلغان).

[4] عن أبي هريرة -رضي الله عنه- قال: قيل: «يا رسول الله، ادْعُ الله على المشركين، قال: «إني لم أُبعَث لعّانًا؛ وإنما أنا رحمة مُهداة» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

(ئەلەيھىسسالام) تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بىردىن بىر شەخستۇر؛ ئۇ ئەرەب چۆللىرىنىڭ قاقاس قۇملىقىغا تاشلانغان بەدەۋىي بىر خەلقنى ئازغىنە بىر ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دۇنيا ئەھلىگە ئەخلاق نەمۇنىسى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقتى. ئۇ، بۇ مۇۋەپپەقىيەتكە تارىختىكى ھېچ بىر ئىسلاھاتچى نۇقسان تاپالمايدىغان مۇكەممەل دەرىجىدە ئېرىشكەن»[1].

شەرقشۇناس مايكىل ھارت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيا تارىخىدا تەسىر جەھەتتىن ئەڭ كۈچلۈك شەخس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نى دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ چوڭ شەخسىيەتلەر تىزىملىكىنىڭ بېشىدا قويغانلىقىم بەلكىم نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنى ھەيران قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مەن ھەقىقەتەن مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) نىڭ تارىختىكى بىردىنبىر دىن ۋە سىياسىي سەۋىيەدە ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ گەۋدىلىك ئۇسۇلدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەخس ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن»[2].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش بىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ؟

مۇسۇلمانلىقنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ئادەتتە ئۇنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بولمىسا ئۇ ئاساسى يوق تىلدىكى قۇرۇق ئىمان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولغان ئىمانىنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولسا، تۆۋەندىكى ئۆلچەملەرگە ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشى كېرەك. ئۆلچەمگە چۈشسە، ئۇنىڭ ئىمانى ھەقىقىي ئىماندۇر،

---

[1] «قصة الحضارة»، 13 – توم 47 – بەت.

[2] «ئۇلارنىڭ ئىسلام ھەققىدە ئېيتقانلىرى» (ئىمائۇددىن خەلىل)

ئۆلچەمگە چۈشمىسە ساختا ئىماندۇر.

بۇ ئۆلچەم ۋە تەلەپلەر:

1 ـ ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە تاللانغان ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ۋە ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ ئېنىق ۋە كەسكىن ھالەتتە: ﴿ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار﴾[1]، دېگەن بولسا، يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە بىز نازىل قىلغان نۇرغا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[2].

بەزىلەر ئېيتىشى مۇمكىن: «ئەلۋەتتە بىز مۆمىنلەر پەيغەمبەرگە چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىمىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئىشىنىش يەنە قانداقمۇ ئىمان ئاساسلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ؟» بۇنداق دېگۈچىلەرگە دەيدىغىنىمىز شۇكى، قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار﴾[3] دېگەن ئايەتتە جانابى ئاللاھ بىز مۆمىنلەرگە: ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئىمانىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، قەتئىي بوشىشىپ قالماڭلار، ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە ۋە ئىشەنچ بىلەن چىڭ تۇتۇشقا تىرىشىڭلار دېمەكتە... بىز بۈگۈن پىتنە پاسات كۆپىيىپ، ياخشىنىڭ ئورنىنى يامانلىق ئىستىلا قىلىۋالغان ئاجايىپ ئېغىر ئەھۋالدا ياشاۋاتىمىز. ھەمدە دىن – دىيانەتتىن

---

[1] ﴿فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الْأُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾ ( سۈرە ئەئراف، 158 ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ﴿فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالنُّورِ الَّذِي أَنْزَلْنَا وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ سۈرە تەغابۇن، 8 – ئايەت.

[3] ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي نَزَّلَ عَلَى رَسُولِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِي أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ﴾ سۈرە نىسا، 136 – ئايەت.

ئۇزاق، كىتاب سۈننەتتىن يىراق زېھنىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ شۇرىغانلىق بوران – چاپقۇنلىرى ئەۋج ئالغان بىر دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز، مانا بۇ بىزدىن پەيغەمبەرگە بولغان ئىمانىمىزنى ۋە ئۇنىڭ رىسالىتىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىدىغان بارلىق يوللارنى توختىماي ئىزدىشىمىزنى، بۇ ئارقىلىق ئىمانىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 2ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىماندا سەمىمىي ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى ئۇ زاتنى ياخشى كۆرۈشتۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەرقانداق كىشى ئۇ زاتنى بالا – چاقا، ئاتا – ئانا ھەتتا ئۆز جېنىدىن ئۆتە ياخشى كۆرمەي تۇرۇپ، ھەقىقىي مەنىدە مۆمىن بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر مېنى ئاتا – ئانا ۋە ئەھلى ـ ئەۋلادىڭلاردىنمۇ ئۆتە ياخشى كۆرمەي تۇرۇپ، ھەقىقىي مەنىدە مۆمىن بولالمايسىلەر»[1]، شۇنىڭدەك ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشامدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ئەسەردە، ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قولىنى تۇتۇغلۇق ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:«ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۆزۈمدىن قالسا سىلە ماڭا ھەممىدىن سۆيۈملۈك» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئى ئۆمەر! جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەتتا ئۆز جېنىڭدىنمۇ مەن سۆيۈملۈك بولۇشۇم كېرەك» دېدى، ئاندىن ئۆمەر « سىلە ئۆز جېنىمدىنمۇ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك»، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەمدى بولدى، ئى ئۆمەر» دېگەن[2]. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر

---

[1] «فوالذي نفسي بيده، لا يؤمن أحدكم حتى أكون أحبَّ إليه من والده وولده»، (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

[2] «عبدالله بن هشام؛ حيث قال: ((كنا مع النبي صلى الله عليه وسلم وهو آخذٌ بيدِ عمرَ بن الخطاب، فقال له عمر: يا رسول الله، لأنت أحبُّ إليَّ من كل شيء إلا من نفسي، فقال النبي صلى الله عليه وسلم: لا، والذي نفسي بيده، حتى أكون أحب إليك من نفسك، فقال له عمر: فإنه الآن،

ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى كۆرۈشكە تەشنا مۇھەببەت پىدائىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن مېنى ئەڭ سۆيىدىغانلار مەندىن كېيىن كېلىدۇ، ئۇلار مېنى كۆرۈش بەدىلىگە ئائىلىسى ۋە مال مۈلكىنى پىدا قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ»[1]

بۇ تەشنالىق ۋە سۆيگۈنىڭ تەمىنى تېتىشنىڭ يولىنى بايان قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىسلەت بار، بۇ ئۈچ خىسلەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن كىشى ھەقىقىي مەندە ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ؛ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولۇشى، بىر كىشىگە بولغان سۆيگۈ (ۋە نەپرەت) پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن بولۇشى، شۇنىڭدەك كۇپۇرغا قايتىشنى ئوتقا تاشلىنىشتىنمۇ بەكرەك يامان كۆرۈشى»[2].

ساھابە كىراملار ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئۆزلىرىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۈلگىسىنى ياراتقان. ئۇلار ئۇ زاتنى جېنى ۋە مېلى بىلەن قوغدىغان. مەسىلەن: ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ساھابە كىراملارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ نۇرغۇن كۆرۈنۈشلىرى بار. شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا مۇشرىكلار تەرىپىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ مۇبارەك ساھابىلىرى قورشىۋېلىنغان. بۇ قېيىن ئەھۋالدا ساھابە كىراملار بەدەنلىرى بىلەن قالقان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداشقا تىرىشقان. مانا بۇ ئەبۇ تەلھە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا

---

والله، لأنت أحب إليَّ من نفسي، فقال النبي صلى الله عليه وسلم: الآن يا عمر» ( ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

[1] «من أشد أمتي لي حبًّا ناسٌ يكونون بعدي يودُّ أحدهم لو رآني بأهله وماله» (ئىمام مۇسلىم رىۋايەتى) .

[2] «ثلاثٌ من كُنَّ فيه وجد بهنَّ حلاوة الإيمان: من كان الله ورسوله أحب إليه مما سواهما، وأن يحب المرء لا يحبه إلا لله، وأن يكره أن يعود في الكفر بعد إذ أنقذه الله منه، كما يكره أن يقذف في النار» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

تـۇرۇپ، ئۇنـى دۇشـمەنـنـىڭ ئوقلـىرىـدىـن قوغـداش ئۈچـۈن كۆكرىـكـىنى قالقان قـىلـىپ: «سـاڭا جىـنىـم پـىدا بولسـۇن ئـى ئـالـلاھنـىڭ پـەيغەمـبـىرى!»»[1] دەپ، سۆيگۈسـىـنى ئـىزھـار قـىلغـان. ئەبۇ دۇجانە يامغـۇردەك يېغـىۋاتقـان ئوقلارغا قارشـى پـەيغەمبەر ئەلەيـھىسـسالامـنـىڭ ئارقا تـەرىـپـىدىـن كۆكرىـكـىـنـى قالغان قـىلغـان، شـۇنـىڭـدەك مـالـىك ئـىبـنـى سـىـنان پـەيغەمـبـەر ئەلەيـھـىسـسالامـنـىڭ مـەڭـزىـگـە پـېتـىـپ كـەتـكـەن قالقانـنـىڭ پارچـىسـىـنى چـىشـى بـىلـەن چـىشـلـەپ ئـېلـىـپ، مـەڭـزىدىـن ئـاققـان قانـنـى ئـىـغـىـزى بـىلـەن سـۈمـۈرۈپ پاكـىزلـىغـان. پەيغەمـبـەر ئەلەيـھىسـسالامنـى قەسـتـلەپ تاغدىـن يومۇلـۇتـىلـغـان چوڭ قۇرام تاشـنـى توسـۇۋېلـىـشـقا تـىرىـشـقـان، لـېكـىـن كـۈچـى يەتـمـەي، ئاخـىرى تاشـنـىـڭ ئاسـتـىغا تـەلـھـە ئـىبـنـى ئـۇبەيـدۇللاھ ئـۆزىـنـى تـاشلاپ پـەيغەمـبـەر ئەلەيـھىسـسالامـنـى قوغـداپ قالغـان ۋە پـەيغەمـبـەر ئەلەيـھىسـسالامـنـىڭ جـەنـنـەت بـىلـەن بـىشـارەتـىـگـە نـائـىـل بولغان»[2].

«ھۇدەيبىيە شـەرتـنامـىسـى» دە، قۇرەيشـلـەر ۋە ئۇلارنـىڭ ئـىتـتـىپاقداشـلـىرى تـەرىـپـىدىـن پـەيغەمـبـەر ئەلەيـھىسـسالامغا ئـەلچـى بولـۇپ كـەلـگـەن ئۇرۋە ئـىبنـى مـەسـئـۇد، سـاھـابـە كـىراملارنـىڭ پـەيغەمـبـەر ئەلەيـھىسـسالامغا بولغـان سۆيگۈسـى ۋە ھۆرمـەتـلـىرىـنـى كـۆرۈپ مۇنـداق دېـگـەن: «ئـاللاھ بـىلـەن قەسـەمكـى مـەن نۇرغـۇن پادىـشـاھلارغا، قەيسـەرلـەرگـە، كـىسـرالارغا ۋە نەجاشـىـيغا ئەلچـى بولـۇپ بارغان، ئـاللاھ بـىلـەن قەسـەمكى ئۇلارنـىڭ ھېچ بـىرىـنـى خـەلقـى مۇھـەمـمـەد ( ئەلەيـھىسـسالام) نـىـڭ سـاھابـىلـىرى ئۇنـى ھۆرمـەتـلـىگـەنـدەك ھۆرمـەتـلـىـگـىـنـىـنـى كۆرمـىدىـم. ئـاللاھ بـىلـەن قەسـەمكى ئـەگـەر مۇھـەمـمـەد (ئەلەيـھىسـسالام) تـۈكـۈرسـە، تـۈكـرۈكـى ئۇنـىـڭ سـاھابـىلـىرىـنـىڭ بـىرىـنـىڭ ئالـىقـىنـىغـا چۈشـىـدىـكـەن ۋە ئۇنـى يـۈز-كـۆزى ۋە بەدىـنـىـگـە سـۈركـەيدىـكـەن. ئۇلارنـى بـىـر ئـىشـقا بۇيرىـسـا دەرھـال ئـىـجـرا قـىلـىشـقا ئالدىرايدىـكـەن، تاھـارەت ئالسـا، تاھـارەت ئالغـان سـۇيـىـنـى تـالـىشـىـپ ئۇرۇشـۇپ كـەتـكـىلـى تـاس قالـىدىـكـەن، ئۇنـىڭ يېـنـىـدا يۇقـىرى ئاۋاز بـىلـەن پـاراڭ قـىلمايدىـكـەن، ھەتتـا ئەيمـەنـگـەنـلـىكـىدىـن ئۇنـىڭ چـىرايـىغـا

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

تىكىلىپمۇ قارىمايدىكەن»[1]

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سىلىنى مەن ئائىلەم، بالاچاقىلىرىم ۋە جېنىمدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۆيدىكى چېغىمدا داۋاملىق ئۆزلىرىنى سېغىنىپ قالىمەن، يانلىرىغا كېلىپ ئۆزلىرىنى كۆرمىگىچە چىدىيالمايمەن. گاھىدا ئۆلۈمنى ئەسلەپ قالىمەن، ئەجەبا دەيمەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە «ئاخىرەتتە پەيغەمبىرىمىز جەننەتتە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە يۇقىرى ئورۇندا بولىدۇ، ئەمما مەن جەننەتكە كىرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى كۆرەلمەي قالامەنمۇ! دېگەن ئەندىشە بىلەن قورقۇپ كېتىمەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھەسسالام ئۇ كىشىگە دەماللىقچە جاۋاب قايتۇرمىدى، ئاندىن ئۇزۇن ئۆتمەي مونۇ ئايەت نازىل بولدى: «كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار»[2].

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن باشقا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ساپ مۇھەببەتنىڭ قانداق بولۇشى ۋە ئۇنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قوپۇش ئارزۇسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرغۇن ئەھۋاللار بار.

3 ـ ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى قەدىرلەش:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەھىمدىللىك، كەڭ قورساقلىق، مۇلايىملىق، ئەپۇچانلىق ۋە ۋاپادارلىققا ئوخشىغان ھاياتىمىزدا كەم قالغان نۇرغۇن ئېسىل ئەخلاقلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. بۇنىڭغا ئالاقىدار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «چوقۇمكى مەن ئېسىل ئەخلاقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] سۈرە نىسا، 69 ـ ئايەت ( تەپسىرى ئىبنى كەسىر، ئىككىنچى توم، 354 – بەت)

ئەۋەتىلدىم[1]».

بۇ ئەخلاقلارنىڭ جۈملىسىدىن ئۇ زاتنىڭ رىسالىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش، ئائىلىسى، بالا - چاقىلىرى ۋە ئۇز جىنىدىنمۇ بەكرەك ئۇ زاتنى ياخشى كۆرۈشتۇر. ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن﴾[2]، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش شۇ كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ كامىللىقىنىڭ دەلىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «كامىل ئىمانغا ئىگە بولغان كىشى گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىدۇر. سىلەرنىڭ ياخشىڭلا ئۆز ئەھلىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر»[3] جانابى ئاللاھ بىزنى ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە ئەمەل – ئىبادەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشقا ئەمرى قىلغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرگە - ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾[4]، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە نائىل بولۇپ، ئۇنىڭ مەجلىسىگە يېقىن بولالىشىمىز ئۈچۈن چوقۇم ئۇ زاتنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشىمىز ئەڭ زۆرۈر ۋاجىباتلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلار ۋە قىيامەت كۈنى ئورۇن جەھەتتە ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغانلار، ئاراڭلاردا ئەڭ ياخشى ئەخلاققا ئىگە كىشىلەردۇر»[5].

---

[1] «إنما بُعثتُ لأتمم صالح الأخلاق» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

[2] ﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ ...﴾ (سۈرە ئال ئىمران، 159 – ئايەت).

[3] «أكمل المؤمنين إيمانًا أحسنهم خلقًا، وخيركم خيركم لنسائهم» (ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى).

[4] ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللهَ كَثِيرًا﴾ (سۈرە ئەھزاب، 21 – ئايەت).

[5] «إن من أحبكم إليَّ وأقربكم مني مجلسًا يوم القيامة أحاسنكم أخلاقًا ...» (ئىمام تىرمىزى

**4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە تولۇق ئىتائەت قىلىش ۋە سۈننىتىنى قوغداش:**

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە بىزنى پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان. جۈملىدىن سۈرە مائىدە، 92 – ئايەتتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر﴾، شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايەتتە: ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[1]، يەنە بىر ئايەتتە جانابى ئاللاھ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش، ھىدايەت تېپىشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار﴾[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى سۈننەتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلىشقا بۇيرۇغان، ھەمدە ئۇنى قوغداشنىڭ ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلۇش ۋە خاتالىقتىن ساقلىنىشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىدا خۇتبىسىدا مۇنداق دېگەن: «شەيتان سىلەرنىڭ بۇ زېمىنىڭلاردا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىنىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا سىلەر كۆزۈڭلارغا ئىلمەيدىغان كىچىك گۇناھلاردا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشىڭلارغا رازى، شۇڭا ئېھتىيات قىلىڭلار! مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇردۇم، ئۇ ئىككى نەرسىگە مەھكەم ئېسىلساڭلار قەتئىي

رىۋايىتى).

[1] ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا وَاتَّقُوا اللّٰهَ إِنَّ اللّٰهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾ (سۈرە ھەشرى، 7 – ئايەت).

[2] ﴿وَإِنْ تُطِيعُوهُ تَهْتَدُوا وَمَا عَلَى الرَّسُولِ إِلَّا الْبَلَاغُ الْمُبِينُ﴾ (سۈرە نۇر، 54 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىم»[1].

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «(ياخشىلىقنى كۆپ قىلىپ يامانلىقنى تاشلاپ، ئاللاھقا بولغان) تەقۋالىقىڭلارنى ئاشۇرۇشنى، (سىلەرگە تەيىن قىلىنغان ئەمىر) ھەبەشىستانلىق قۇل بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەمرىگە بويسۇنۇشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، چۈنكى مەندىن كېيىن ياشىغانلار نۇرغۇن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ، شۇڭا سىلەر مەندىن كېيىن مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە راشىد خەلىپىلەرنىڭ تۇتقان يولىنى ئۆزۈڭلارغا لازىم تۇتۇڭلار، ھەتتا ئېزىق چىشىڭلار بىلەن چىشلەپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار. (دىن نامىدىن ئۇنىڭغا خىلاپ) يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار، چۈنكى (دىن نامىدىن) پەيدا قىلىنغان ھەر قانداق ئىش بىدئەتتۇر، ھەر قانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانۇنلاشتۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن سۈننەت بار. مەسىلەن: پەرز نامازنىڭ سۈننەتلىرى، نەپلە روزا، يېمەك – ئىچمەك ئادابلىرى، كىيىم – كېچەك، ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەت ۋە باشقا نۇرغۇن قائىدە يوسۇنلار بار. مانا بۇ سۈننەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش لازىم. چۈنكى شۇنداق قىلىش پەيغەمبەرگە بولغان سۆيگىمىزنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكىمىزنىڭ ئەمەلىي نامايەندىسىدۇر. ھەمدە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىمىز. چۈنكى سۈننەتكە ئەمەل قىلىش بەندىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدۇ، رابىبغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ھەتتا ئۇنى ياخشى كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. بىر ھەدىسى قۇدسىيدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «بىر بەندەم ماڭا نەپلە ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىشىشنى داۋاملاشتۇرسا مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى،

---

[1] «سەھىھۇد تەرغىب» 40 بەت.

[2] «أوصيكم بتقوى الله والسمع والطاعة، وإن عبدًا حبشيًّا، فإنه من يَعِشْ منكم بعدي، فسيرى اختلافًا كثيرًا، فعليكم بسنتي وسنة الخلفاء المهديين الراشدين، تمسكوا بها وعَضُّوا عليها بالنواجذ، وإياكم ومحدثات الأمور؛ فإن كل محدثة بدعة، وكل بدعة ضلالة» (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن، مەندىن نېمىنى سورىسا، شۇنى بېرىمەن، نېمىدىن پاناھ تىلىسە، شۇنىڭدىن ساقلايمەن»[1]

ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭ يېتەكلىشىگە ئەگىشىش جەھەتلەردە ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىك ئۈلگە ياراتقان. ئۇلارنىڭ بۇ ئۈلگىلىك نامايەندىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان (ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان) بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇندىن بىر ئۈزۈك ياسىتىپ، كۆزىنى ئالقان تەرىپىگە قىلىپ سالغان. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر دەرھال ھەممىسى ئۈزۈك ياسىتىپ سېلىشقا باشلىغان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ، قولىدىكى ئۈزۈكنى قولىدىن چىقىرىپ: مەن بۇ ئۈزۈكنى كۆزىنى ئالقىنىم تەرىپىگە قىلىپ سالغان ئىدىم ـ دەپ، ئۈزۈكنى ئېتىۋەتكەن ۋە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى قەتئىي سالمايمەن» شۇنىڭ بىلەن باشقىلارمۇ قولىدىكى ئۈزۈكلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغان»[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ، مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار ئوتتىن بىر چوغنىڭ قولىدا بولۇشىنى ئىرادە قىلامدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەمگە ئۈزۈكۈڭنى ئېلىپ، پايدىلانغىن، دېيىلگەندە ئۇ ئادەم دېدىكى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى پەيغەمبەر

---

[1] «... وما يزال عبدي يتقرب إليَّ بالنوافل حتى أحبه، فإذا أحببتُه، كنتُ سمعه الذي يسمع به، وبصره الذي يبصر به، ويده التي يبطش بها، ورجله التي يمشي بها، وإن سألني لأعطيَنَّه، ولئن استعاذني لأُعيذَنَّه» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

[2] فعن ابن عمر رضي الله عنهما: «أن رسول الله صلى الله عليه وسلم اصطنع خاتمًا من ذهب، وكان يلبسه فيجعل فصَّه في كفِّه، فصنع الناس خواتيم، ثم إنه جلس على المنبر فنزعه، فقال: إني كنت ألبس هذا الخاتم وأجعل فصَّه من داخلٍ، فرمى به، ثم قال: والله لا ألبسه أبدًا، فنبذ الناس خواتيمهم» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

ئەلەيھىسسالام تاشلىۋەتكەن نەرسىنى قەتئىي ئالمايمەن»[1]

ئەبى سەئىد خۇدەرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملار بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇۋېتىپ، توساتتىنلا پۇتىدىكى كەشىنى چىقىرىپ، سول تەرىپىدە قويۇپ نامازنى داۋاملاشتۇرغان، بۇنى كۆرگەن جامائەتمۇ پۇتىدىكى كەشلىرىنى سېلىۋەتكەن؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، سىلەرنىڭ كەشىڭلارنى سېلىۋېتىشكە نېمە سەۋەب بولدى؟ دەپ ـ سورىغانىدى، ئۇلار: بىز سىلىنىڭ كەشلىرىنى سېلىۋەتكەنلىرىنى كۆرۈپ سېلىۋەتتۇق – دېگەنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، كەشىمنىڭ تاپىنىدا نىجاسەت بارلىقىنى ئېيتقانلىقى (ئۈچۈن سېلىۋەتتىم) – سىلەردىن قايسى بىرىڭلار مەسجىدكە كەلگەندە تاپىنىغا قاراپ بىرەر نىجاسەت كۆرۈلسە ئۇنى (تۇپراققا) سۈرتۈپ (پاكىزلىۋەتكەندىن كېيىن) ناماز ئوقۇسۇن»[2]

ئەبۇ مەسئۇد ئەلبەدرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ۋەقەلىكتە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «مەن بىر خىزمەتچىمنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئەدەپلەۋاتقان ئىدىم، توساتتىن ئارقامدىن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى، ئاچچىقىم تازا ئەۋجكە چىققان ئىدى، شۇڭىمۇ ئاۋازنى ئېنىق ئاڭقىرالماي ئارقامغا قارىسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «بىلىپ قويغىن ئى ئەبۇ مەسئۇد» دېگەن ھالدا ماڭا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ ھەيۋىتىدىن قامچا قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر

---

[1] وعن عبدالله بن عباس رضي الله عنه: «أن رسول الله صلى الله عليه وسلم رأى خاتمًا في يد رجل فنزعه فطرحه، وقال: يعمِد أحدكم إلى جمرة من نار فيجعلها في يده، فقيل للرجل بعدما ذهب رسول الله صلى الله عليه وسلم: خذ خاتمك؛ انتفع به، قال: لا والله، لا آخذه أبدًا؛ قد طرحه رسول الله صلى الله عليه وسلم» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

[2] فعن أبي سعيد الخدري رضي الله عنه قال: «بينما رسول الله صلى الله عليه وسلم يصلي بأصحابه إذ خلع نعليه فوضعهما على يساره، فلما رأى ذلك القوم ألقوا نعالهم، فلما قضى رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاته، قال: ما حملكم على إلقاء نعالكم؟ قالوا: رأيناك ألقيتَ نعليَكَ فألقينا نعالنا، فقال صلى الله عليه وسلم: إن جبريل عليه السلام أتاني فأخبرني أن فيها قَذَرًا - أو قال: أذًى - وقال: إذا جاء أحدكم إلى المسجد، فلينظر، فإن رأى في نعليه قذرًا أو أذًى، فليمسحه وليصلِّ فيهما» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

ئەلەيھىسسالام ماڭا: «بىلىپ قويغىن ئى ئەبۇ مەسئۇد ئاللاھنىڭ جازاسى سىنىڭ بۇ خىزمەتچىنى جازالىشىڭدىن نەچچە ھەسسە قاتتىق (ئاللاھنىڭ ئىنتىقامىدىن ھەزەر قىلغىن!)» دېدى، ئاندىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بۇندىن كېيىن ھېچ قانداق بىر قۇلنى ئۇرمايمەن» دېدىم»[1]

ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى پەتھى قىلغاندا، كەنتنىڭ سىرتىدىكى ئېشەكلەرنى تۇتۇۋېلىپ، پۇشۇرۇشقا باشلىغان ئىدۇق، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسى كېلىپ: «دىققەت قىلىڭلار! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى ئېشەك گۆشىنى يېيىشتىن چەكلىدى. چۈنكى ئېشەك گۆشىنى يېيىش شەيتاننىڭ ئىشىدىن بولغان نىجىس ئىشتۇر» دەپ جاكارلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاراقشىپ قايناۋاتقان قازانلارنىڭ ھەممىسى دۈم كۆمتۈرۈلدى»[2]

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: «خەيبەر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۈگۈن مەن قوماندانلىق بايرىقىنى شۇنداق بىر كىشىگە بېرىمەنكى، ئۇ كىشى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، خەيبەرنى ئاللاھ ئۇنىڭ قولى بىلەن پەتھى قىلىدۇ»، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ، مەن ئۇ كۈنگە قەدەر ھاياتىمدا ھېچ قاچان مەنسەپ ئارزۇسىدا بولۇپ باقمىغان ئىدىم، ئۇ كۈنى مەن «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆرسە چاقىرىپ قالارمۇ» دېگەن ئۈمىتتە بوينۇمنى سوزۇپ تەلمۈرۈپ كەتتىم. ئاندىن

[1] وعن أبي مسعود البدري قال: «كنتُ أضرب غلامًا لي بالسوط، فسمعت صوتًا من خلفي: اعلم أبا مسعود، فلم أفهم الصوت من الغضب، قال: فلما دنا مني إذا هو رسول الله صلى الله عليه وسلم، فإذا هو يقول: اعلم أبا مسعود، اعلم أبا مسعود، قال: فألقيتُ السَّوط من يدي، فقال: اعلم أبا مسعود أن الله أقدر عليك منك على هذا الغلام، قال: فقلت: لا أضرب مملوكًا بعده أبدًا» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

[2] وعن أنس بن مالك رضي الله عنه قال: «لما فتح رسول الله صلى الله عليه وسلم خيبرَ، أصبنا حُمُرًا خارجًا من القرية فطبخنا منها، فنادى منادي رسول الله صلى الله عليه وسلم: ألا إن الله ورسوله ينهيانكم عنها؛ فإنها رجس من عمل الشيطان، فأُكفِئتِ القدور بما فيها، وإنها لتفور بما فيها» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىي ئىبنى ئەبى تالىپنى چاقىرىپ بايراقنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ: «ماڭغىن، ئاللاھ ساڭا پەتھ نېسىپ قىلغانغا قەدەر ئارقاڭغا قارىمىغىن!» دېدى. ئەلىي بايراقنى ئېلىپ بىر ئىككى قەدەم ماڭغاندىن كېيىن توختاپ، ئارقىسىغا قارىماي تۇرۇپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلار بىلەن نېمىگە ئاساسەن ئۇرۇشىمەن؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام) ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دېگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقىن، قاچانكى ئۇلار شۇنى دېسە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مېلىنى، جېنىنى سەندىن ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن ئىسلامنىڭ ھەققى بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھقا» دېگەن»[1]

جابىر رازىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «بىر جۈمە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ: « ئى جامائەت ئولتۇرۇڭلار!» دېگەن ئەسنادا مەسجىدكە كىرىپ كەلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد دەرھال مەسچىتنىڭ كىرىش ئېغىزىدا (يەنى كىرگەن يېرىدە) ئولتۇرغان، بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئابدۇللاھ ئىببنى مەسئۇد كەلگىن! دەپ – (ئۇنى يېنىغا چاقىرغان)»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىزنىڭ ئېغىر-لىقىنى، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە باشقا ئاجايىپ ئۆرنەكلەر بار.

---

[1] وعن أبي هريرة رضي الله عنه: «أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال يوم خيبر: لأعطينَّ الراية رجلًا يحب الله ورسوله، يفتح الله على يديه، قال عمر بن الخطاب رضي الله عنه: ما أحببتُ الإمارة إلا يومئذٍ، قال: فتساورتُ لها؛ رجاءَ أن أُدعى لها، قال: فدعا رسول الله صلى الله عليه وسلم عليَّ بن أبي طالب، فأعطاه إياها وقال: امشِ ولا تلتفت حتى يفتح الله عليك، فسار عليٌّ شيئًا ثم وقف ولم يلتفت، فصرخ: يا رسول الله، على ماذا أقاتل الناس؟ فقال: قاتلهم حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله وأن محمدًا رسول الله، فإذا فعلوا ذلك، فقد منعوا منك دماءهم وأموالهم إلا بحقها وحسابهم على الله» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

[2] وعن جابر بن عبدالله رضي الله عنهما قال: «لما استوى رسول الله صلى الله عليه وسلم يوم الجمعة قال: اجلسوا، فسمع ذلك ابن مسعود فجلس على باب المسجد، فرآه رسول الله صلى الله عليه وسلم فقال: تعالَ يا عبدالله بن مسعود» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

**5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام داۋاملىق ئوقۇغان ئىستىغپار ۋە دۇئالارنى يادلاش ۋە ئۇنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش:**

مەسىلەن ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار، ئۆي ۋە مەسچىتكە كىرىش-چىقىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە ئىستىغپارلار ھەممىسى كىشىنى ھەمىشە رەببى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ.

**6ـ شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش ۋە بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش:**

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ بۇ بۈيۈك دىن ئۈچۈن ھاياتىدا قانچىلىك جاپالىق بەدەل تۆلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ۋاستە... بۇ ئادەتتە ئەرتىسلەرنىڭ ۋە پۇتبولچىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلىشكە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى بىزگە ئۈرنەك. ئۇنى ئۆگىنىپ ھاياتىمىزدا ئەمەلىيلەشتۇرسەك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىمىزنى تەرتىپكە سالغان بولىمىز.

ئەينى ۋاقىتتا ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىغا زور ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى داۋاملىق ئۆگىنىپ، بالىلىرىغا ئۆگىتەتتى. ئەلى ئىبنى ئەلھۇسەيىن مۇنداق دېگەن: «بىز قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرىنى قانداق ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلگەن بولساق، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان غازاتلىرىنىمۇ ئۆگىنىشكە شۇنداق كۆڭۈل بۆلەتتۇق»[1].

ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس مۇنداق دېگەن: «ئاتىمىز بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ غازاتلىرىنى ساناپ بېرەتتى ھەمدە ئۇنى قېتىرقىنىپ ئۆگىتەتتى ۋە دەيتتىكى، ئى ئوغلۇم! مانا بۇ سىلەرنىڭ ئەجدادىڭلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى، بۇنى قەتئىي زايە قىلىۋەتمەڭلار»[2].

---

[1] « علي بن الحسين رضي الله عنه يقول: «كنا نعلم مغازي النبي صلى الله عليه وسلم كما نعلم السورة من القرآن"، «البداية و النهاية» (ئىبنى كەسىر ـ 3ـقىسىم ـ 297ـبەت).

[2] وقال إسماعيل بن محمد بن سعد بن أبي وقاص رضي الله عنه: «كان أبي يعلمنا المغازي ويعدها

ئەمەلىيەتتىمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىماھالىنى ئوقۇش ئۇنىڭ رىسالىتىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىدۇ. ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنى ياخشى چۈشەنگەنلەر، ھەقىقەتەن ئۇ زاتنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى، ئەگەر ئۇ زاتنىڭ تەرجىمىھالىدىن باشقا بىر مۆجىسى بولمىغان،تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ئۇنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتىپ ئاشاتتى»[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھايات پائالىيىتىنى ئوقۇش، ئەدەپ ـ ئەخلاقى ۋە مۇئامىلە ئۇسۇلىدىن مەلۇماتلىق بولۇش بىزنى گۈزەل مەنىۋى ئوزۇققا ئىگە قىلىدۇ ھەمدە ھاياتىمىزدا دۇچ كەلگەن ئازاب ۋە قىيىنچىلىقلارنى يەڭگىللىتىدۇ. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇش روھ ئۈچۈن دورا، ۋىجدان ۋە يۈرەك ئۈچۈن ئابىھاياتتۇر.

7 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى يالغۇز تىلغا ئالماسلىق:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلغاندا، مۇئەھەممەد ئەلەيھىسسالام، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ياكى ئاللاھنىڭ رەسۇلى دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىش لازىم، ھەتتا ھەدىس سۆزلىنىۋاتقان ئورۇنلاردا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆز قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇ ھەقتە جانابىي ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن (تولاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (تولاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ﴾[2] شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايەتتە خۇددى ئۆز ئارىمىزدا بىر – بىرىمىزنى چاقىرغاندەك چاقىرماسلىقىمىز

علينا ويقول: يا بَنيَّ، هذه مآثر آبائكم فلا تضيعوها."

[1] «الملل والنحل» (ئىبنى ھەزم)

[2] ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَنْ تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ﴾ (سۈرە ھۇجۇرات، 2 – ئايەت).

توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر ـ بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار﴾[1] ئەمەلىيەتتىمۇ جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، «ئى نەبىي ياكى ئى رەسۇل » دەپ خىتاب قىلىدۇ. ئىسمى بىلەن خىتاب قىلغان ئەمەس.

8ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ھۆرمەت قىلىش:

ئۇنىڭ ھەدىسى سۆزلەنگەندە ئەدەپ بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش، كىمنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تۇرۇپ ئاڭلاش لازىم.

سەلەپ سالىھلەر شۇنداق قىلاتتى. ئەبۇ سەلەمەتىل خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مالىك ئىبنى ئەنەس ھەدىس سۆزلەشكە چىقىشىنىڭ ئالدىدا، ناماز ئۈچۈن تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالاتتى، بېشىغا ئەڭ چىرايلىق كېلىشكەن سەللىسىنى كىيىپ، ساقاللىرىنى رەتلىك تارايتتى. ئۇنىڭدىن بۇ توغرىلىق سورالغاندا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە بولغان ھۆرمىتىمدىن شۇنداق قىلىمەن»[2] دەپ، جاۋاب بېرەتتى.

سەئىد ئىبنى مۇسەييىبتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ۋەقەلىكتە بىر كۈنى ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا ھەدىس ھەققىدە سورالغان؛ ئۇ ياتقان يېرىدىن قوپۇپ، تۇرۇپ ئولتۇرۇپ ھەدىس سۆزلەشكە باشلىغان. ئۆزۈڭىزنى چارچاتمىسىڭىز بولاتتى،ـ دېيىلگەندە؟ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى يېتىپ تۇرۇپ سۆزلەشنى ياقتۇرمايمەن، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

---

[1] ﴿لَا تَجْعَلُوا دُعَاءَ الرَّسُولِ بَيْنَكُمْ كَدُعَاءِ بَعْضِكُمْ بَعْضًا﴾ (سۈرە نۇر، 63 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

[2] والرامهرمزي في «المحدث الفاصل» (ص٥٨٥) ، من طريق أبي سلمة الخزاعي ، قال :» كان مالك بن أنس إذا أراد أن يخرج ليحدث : توضأ وضوءه للصلاة ، ولبس أحسن ثيابه ، ولبس قلنسوة ، ومشط لحيته ، فقيل له في ذلك ؟ فقال : أوقر به حديث رسول الله صلى الله عليه وسلم″.

وإسناده صحيح إلى مالك رحمه الله .

ئىبنى مۇبارەك مېڭىۋاتقان ھالەتتە ھەدىس سۆزلەش ھەققىدە سورالغاندا، بۇ ئىلىمگە ھۆرمەتسىزلىك، دەپ ـ جاۋاب بەرگەن.

9 ـ نۇرغۇن سېكۇلارىزىم، ئاتېئىزىمچى ۋە ھەدىس ئىنكارچىلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان ۋە ئۇنى كەمسىتىدىغانلارغا قارشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى قوغداش:

بۇ خىل تائىپىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە قارشى تۇرۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى، ھەمدە جىھاد تۇرلىرىدىن چوڭ بىر جىھادتۇر.

10 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆپلەپ دۇرۇت ۋە سالام يوللاش:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم – سۈپەتلىرى زىكىر قىلىنغاندا دۇرۇت يوللاشقا سەل قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى كاتتىدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا بىر دۇرۇت ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون رەھمەت ئاتا قىلىدۇ. ئون خاتالىقىنى ئۆچۈرىدۇ، ۋە دەرىجىسىنى ئون ھەسسە كۆتۈرىدۇ»[2]

---

[1] ﴿وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ ۚ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ (ئەھزاب سۈرىسى، 56 – ئايەت).

[2] رواه أنس بن مالك رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «مَن صلَّى عليَّ صلاة

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇنىڭ دېگىنىنى دەڭلار، ئەزاندىن كېيىن ماڭا دۇرۇت ئېيتىڭلار، كىمكى ماڭا بىر دۇرۇت يوللىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون رەھمەت ئېھسان قىلىدۇ. ئاندىن ماڭا ئاللاھتىن «ۋەسىلە» تىلەڭلار، ۋەسىلە جەننەتتىكى بىر مەنزىل بولۇپ، بۇ مەنزىل ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىر بەندىگە بېرىلىدۇ. مەن ئاشۇ بەندە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. كىمكى ئاللاھتىن ماڭا ئاشۇ مەنزىلنى تىلىسە، ئۇ كىشى مېنىڭ شاپائىتىمگە ھەقلىق بولىدۇ»[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلىي ئىبنى ھۈسەيندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئىسمىم زىكىر قىلىنغاندا، ئاڭلاپ تۇرۇپ ماڭا دۇرۇت يوللىمىغان كىشى بېخىل كىشىدۇر»[2]

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن زىكىر قىلىنغاندا، دۇرۇت يوللىمىغان كىشى خار بولۇپ كەتسۇن!»[3]

ئەۋس ئىبنى ئەۋستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈنلەرنىڭ ئەۋزىلى جۈمە كۈنىدۇر، چۈنكى ئۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان، ئۇ كۈندە ۋاپات بولغان،

---

واحدة، صلَّى الله عليه عشر صلوات، وحُطَّت عنه عشر خطيئات، ورُفعت له عشر درجات» (ئىمام نەسەئى رىۋايىتى).

[1] وعن عبدالله بن عمرو بن العاص رضي الله عنهما أنه سمع النبي صلى الله عليه وسلم يقول: «إذا سمعتُم المؤذن فقولوا مثلما يقول، ثم صلوا عليَّ؛ فإنه من صلى عليَّ صلاة، صلى الله عليه بها عشرًا، ثم سَلُوا الله ليَ الوسيلة، فإنها منزلة في الجنة لا تنبغي إلا لعبد من عباد الله، وأرجو أن أكون أنا هو، فمن سأل ليَ الوسيلة حلَّت له الشفاعة» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

[2] وعن عبدالله بن علي بن حسين عن أبيه علي بن حسين عن أبيه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: «البخيل من ذُكرتُ عنده، ثم لم يصلِّ عليَّ» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

[3] وعن أبي هريرة رضي الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «رغِمَ أنفُ رجلٍ ذُكرت عنده فلم يصلِّ عليَّ» (ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى).

ئـۇ كۈنـدە سـۇر چېلىنىـدۇ، ئـۇ كۈنـدە ئىنسـانلارنىڭ ھەممىسـى ئۆلـدۇ، شـۇڭا ئـۇ كۈنـدە ماڭـا كـۆپ دۇرۇت يـوللاڭلار، چۈنكـى سـىلەر يوللىغـان دۇرۇت ماڭـا يەتكۈزۈلىـدۇ» دېگەنـدە، ساھابە كـراملار: «ئـى ئـالـلاھنىـڭ پەيغەمبىرى! سـىلە ۋاپات بولغاندىن كېيىـن بەدەنلىرى چىرىپ كېتىدىغان تۇرسا دۇرۇت سـىلىگە قانداق يەتكۈزۈلىـدۇ؟ دېيىلگەنـدە؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام: «ئـاللاھ تائـالا پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسـىتىنى زېمىنغا ھارام قىلغان»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

مانا بۇلار بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەردۇر، كىم ئۇنى قىلسا مۇۋەپپەقىيەت ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىـدۇ، كىم سەل قارىسا، بۇ ساۋاپتىن مەھرۇم قالغانلىقىنى ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن كۆرسۇن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشىمىز كېرەك؟

«نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئال بىر مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچـۈن سورىلىشى كېرەك بولغـان سوئالدۇر. گەرچە بىر مۇسـۇلمان پەيغەمبىرىنى نېمـە ئۈچـۈن ياخشى كۆرۈشى كېرەكلىكىنى بىلىـمۇ، يەنـىلا بـۇ مۇھەببەتنـى تېخىمـۇ چوڭقۇرلاشـتۇرۇش ئۈچـۈن بـۇ سـوئالنى ئۆزىگـە قويۇشـى ۋە قۇرئان-ھەدىس ئاساسىدا جاۋاب تېپىشى كېرەك. بىـز بـۇ يەردە نۇرغۇن جاۋابلار ئىچىدىن پەقەت بىر نەچچە جاۋابنىلا بايان قىلىپ ئۆتۈشكە تىرىشىمىز:

1 -پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش پەقەت ھېسسىيات مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ تەلىپىدۇر.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش پەقەت ھېسسىيات مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ تەلىپىدۇر» دېگەن بۇ ئاساسي

[1] وعن أوس بن أوس قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «إن من أفضل أيامكم يوم الجمعة؛ فيه خُلق آدم وفيه قُبض، وفيه النفخة، وفيه الصعقة، فأكثروا عليَّ من الصلاة فيه؛ فإن صلاتكم معروضة عليَّ، قال: قالوا: يا رسول الله، وكيف تُعرض صلاتُنا عليك وقد أَرَمْتَ - يقولون: بليت؟ فقال: إن الله عز وجل حرَّم على الأرض أجساد الأنبياء» (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى).

پىرىنسىپ ناھايىتى مۇھىم. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندە تەپسىلىي چۈشەندۈرىمىز:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىماننىڭ زۆرۈر تەركىبى قىسمىدۇر. بۇ مۇھەببەت پەقەت ھېسسىي تۇيغۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئەقىدىۋىي مەسئۇلىيەتتۇر. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە بۇ ھەقتە كەلگەن دەلىللەر بۇ مەسىلىنىڭ ئىمان بىلەن زىچ باغلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمرى (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قوۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»﴾[1].

بۈيۈك تەپسىرشۇناس ئالىم ئىمام قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى سۆيۈشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر ۋە بۇ مەسىلىدە ھېچقانداق پىكىر ئىختىلاپى يوق. شۇنداقلا بۇ مۇھەببەت ھەرقانداق مۇھەببەت ۋە سۆيگۈدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.»

شۇنىڭ ئۈچۈن «نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش كېرەك؟» دېگەن سوئالغا بېرىدىغان تۇنجى جاۋابىمىز: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش پەقەت ھېسسىيات ۋە ھاياجان مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ

---

[1] ﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّىٰ يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ ۗ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾ (سۈرە تەۋبە، 24 – ئايەت).

تەلپىي ۋە ئەقىدىنىڭ بىر پارچىسىدۇر».

2 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش ئىماننىڭ تەمى ۋە لەززىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسىدۇر.

ئىمان ئېيتىش ۋە ئىماننىڭ تەمىنى تېتىش- بىرى ئىشنىڭ باشلىنىشى، يەنە بىرى بولسا ئىشنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىدۇر. «ئىماننىڭ تەمى ۋە لەززىتىگە ئېرىشىش» ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. مانا مۇشۇ نۇقتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تېتىمىغان بىلمەيدۇ، تېتىغان چۈشەندۈرەلمەيدۇ.»

بىراق بۇ مەنزىلگە يېتەلەيدىغان، بەندىچىلىك يولىدا بەلگىلەنگەن بۇ نىشانغا ئېرىشەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن مۇنداق بىر سوئالنى سورىشىمىز كېرەك: «ئىمان ئېيتىش بىلەن ئىماننىڭ تەمىنى تېتىشنىڭ ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟» ئەگەر پەرق بولمىسا بۇنداق بىر نىشان ئىشەنگەن مۇئمىننىڭ ئالدىغا قويۇلمايتتى.

بۇ ھەقتە كۆپ نەرسە دېيىشكە بولىدۇ؛ ئەمما بىر قانچە جۈملە بىلەن يىغىنچاقلىساق: ئىمان ئېيتقۇچى ئاللاھقا قۇل بولىدۇ، ئىماننىڭ تەمىگە يەتكۈچى ئاللاھقا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك «خەلىل»، پەيغەمبىرىمىزدەك «ھەبىب» بولىدۇ. ئىمان ئېيتقۇچى ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن تەلەپ قىلغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى مەجبۇرىيەت دەپ قارايدۇ. ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغۇچى ھەر بۇيرۇق ۋە چەكلىمىنى ئۆزىنى رەببىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ چوڭ ۋاستە دەپ قارايدۇ.

مەسىلەن: ئىمان ئېيتقۇچى ئۈچۈن بەش ۋاقىت ناماز ئاللاھنىڭ ئۈنىڭدىن كۈندە تەلەپ قىلغان بىر ئىبادەت؛ ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغۇچى ئۈچۈن بولسا ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىش، ئۇنىڭغا يېتىش، رەببىگە مۇناجات قىلىش ۋە سۆزلىشىش پۇرسىتىدۇر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىماننىڭ تەمىنى ئەڭ كۆپ تېتىغان پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن ناماز كۆزىنىڭ نۇرى ۋە يورۇقلۇقى ئىدى.

مانا ئىمان ئېيتقۇچى بىلەن ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغۇچى ئارىسىدىكى

پەرقلەر مۇشۇنداق. ئۇنداقتا، ئىمان ئېيتقان بىر ئىنساننىڭ ئىماننىڭ تەمىنى قانداق تېتىيالايدۇ؟ قانداق قىلسا بۇنداق مۇھىم بىر قىممەتكە ئېرىشەلەيدۇ؟

بۇ مۇھىم سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ 7-ئايىتىنى ئەسلىشىمىز كېرەك. بۇ ئايەتتە رەببىمىز مۇنداق دەيدۇ: ﴿... لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە پىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[1]

بۇ ئايەتتە ئىپادىلەنگەن مەسىلىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياسىدا ۋە تىلىدا بىر دۇئاغا ئايلانغاندى. قۇرئاننىڭ، ئۇنىڭ قەلبىگە ۋە پىكىر دۇنياسىغا سالغان بۇ ئۇيۇقلار، ئۇ مۇبارەك تىلدا مۇنداق ئىپادىلەنگەندى: «ئى ئاللاھ! بىزگە ئىماننى سۆيدۈرگىن ۋە ئۇنى قەلبىمىزنىڭ زىننىتى قىلغىن. كۇپۇرلۇق، پاسىقلىق، ھەر تۈرلۈك ناچار ئىشلار، ھەددىدىن ئېشىش ۋە يەنە ساڭا ئاسىيلىقنى يىرگىنچلىك قىلىپ كۆرسەتكىن. بىزنى ئەقلى پىشىپ يەتكەنلەردىن قىلغىن.»

بۇ ئايەت ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىدىكى «ئىماننى سۆيۈش» ئىبارىسى ناھايىتى مۇھىم. ئىماننى سۆيۈش ۋە ئۇنى قەلبكە سىڭدۈرۈش، يۈرەكنىڭ زىننىتى قىلىش؛ مانا بۇ ئىماننىڭ تەمىنى تېتىشتۇر.

بۇ چۈشەندۈرۈشلەردىن كېيىن ئەسلى ئۈستىدە توختىلىشىمىز كېرەك بولغان مەسىلىگە يەنە بىر قېتىم قايتساق ۋە ئىماننىڭ تەمىنى قانداق تېتىغىلى بولىدىغانلىقىنى قايتا سورىساق، قانداق بىر جاۋاب ئالىمىز؟ ئۇنىڭ ئۇيۇق ۋە نىشانىنى بىزگە بىلدۈرگەن پەيغەمبىرىمىز جاۋابىنى

[1] ﴿وَلَٰكِنَّ اللهَ حَبَّبَ إِلَيْكُمُ الْإِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوبِكُمْ وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ ۚ أُولَٰئِكَ هُمُ الرَّاشِدُونَ ﴾ (ھۇجۇرات سۈرىسى، 7 – ئايەنىڭ بىر قىسمى).

ئۆزى بىرىپ، مۇنداق دەيدۇ: «كىمدە ئۈچ نەرسە تېپىلسا، ئۇ ئىماننىڭ تەمىنى تېتىغان بولىدۇ: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئەلەيھىسسالامنى ھەممە نەرسىدىن بەك سۆيۈش؛ بىر كىشىنى ياخشى كۆرسە ئۇنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش؛ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كۇپۇرلۇققا قايتىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش».

پەيغەمبىرىمىز ئىماننىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن ساناپ ئۆتكەن ئۈچ ئاساسلىق سەۋەبنىڭ بىرىنچىسى: «جانابى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئەلەيھىسسالامنى ھەممە نەرسىدىن بەك سۆيۈش.» مانا بىز بۇ سەۋەبتىن شۇنى دەيمىزكى، پەيغەمبىرىمىزنى سۆيۈش، ئىماننىڭ تەمى ۋە لەززىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسىدۇر.

3 – پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش ئاللاھنى سۆيۈشنىڭ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرۈمى ھەم رەھمىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر.

بۇ مەزمۇن قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1]

بۇ ئايەتتە رەببىمىز ئۆزىنى ھەقىقىي مەنىدە سۆيۈشنى، ئۆزىنىڭ ئەلچىسىگە ئەگىشىش شەرتىگە باغلىغان. چۈنكى ئەگىشىش، تەقلىد قىلىش ياكى يەتكۈزۈلگەن خەۋەرلەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنلاش سۆيگۈ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنسان سۆيمەيدىغان بىرىنىڭ ئېيتقانلىرىنى نېمىشقا قىلسۇن؟ چۈنكى ئەگىشىش سۆيۈش بىلەن باشلىنىدۇ.

بۇ يەردە يەنە بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ئىلاھىي قۇرۇلمىنىڭ ئۈچ ئاساسىي ئوبيېكتىپى بار. بۇلار

[1] ﴿قُلْ إِن كُنتُمْ تُحِبُّونَ اللَّهَ فَاتَّبِعُونِي يُحْبِبْكُمُ اللَّهُ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ ۗ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ (سۈرە ئال ئىمرا، 31 – ئايەت)

تەرتىپ بويىچە «ئاللاھ، كىتاب (قۇرئان) ۋە پەيغەمبەر» دۇر. بۇ ئۈچ ئاساسىي ئوبيېكتىپنىڭ بىرگە ماھىيەت جەھەتتىن ئەڭ يېقىنى پەيغەمبەردۇر. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى پەيغەمبەر ئىنساندۇر، بەشەردۇر؛ ئەۋەتىلگەن مۇخاتەب مۇھىتمۇ ئىنسان، بەشەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى ئايەتتە رەببىمىز، پەقەتلا «ماڭا ئەگىشىڭلار، ماڭا بويسۇنۇڭلار» دېمەي، بەلكى «ئەۋەتكەن ئەلچىمگە ئەگىشىڭلار، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار» دەپ، مۆمىنلەرنى ئەلچىسىگە ئەگىشىشكە يۈزلەندۈرگەن. ئەھۋال بۇنداق بولغاندا، ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر بىلەن قۇرۇلۇشى كېرەك بولغان ھوقۇق ۋە مۇناسىۋەت ھەممە نەرسىنىڭ ئالدىدا بولۇشى كېرەك. بۇ ھوقۇقنىڭ تۇنجى باسقۇچى ئەلۋەتتە ئۇنى ھەقىقىي مەنىدە سۆيۈشتۇر. سۆيۈش، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى، ئەگىشىش بولسا ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشىشنى، ئۇ چوڭ سۆيگۈگە ئېرىشىش بولسا ئىلاھىي رەھمەت ۋە كەچۈرۈمگە ھەقلىق بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4 – پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش ـ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا كېچە-كۈندۈز ئۈممىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلغان بىردىنبىر نەرسىسىدۇر.

قۇرئان كەرىم نۇرغۇن ئايەتلىرىدە بىزگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئەخلاقىي پىرىنسىپلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. بۇ پىرىنسىپلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى، قىلغان ئىشىغا ۋە قىيىن ئىشلارغا قارىتا كىشىلەردىن ھېچقانداق نەرسە كۈتمەسلىكتۇر.

«مېنىڭ ئەجرىم ـ مۇكاپاتىم پەقەت ئاللاھقا يەنى ئالەملەرنىڭ رەببىگە خاستۇر» دېگەن ئىلاھىي پەرمان قۇرئان ئىچىدە ھەر خىل پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى بىلەن توققۇز قېتىم تەكرارلانغان. ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى بولغان نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن، ئاد قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن، سەمۇد قەۋمىگە ئەۋەتىلگەن سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن، ئازغۇن ۋە جاھىل سودوم ۋە گومورە

خەلقىگە ئەۋەتىلگەن لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن، مەدىيەن خەلقىگە ئەۋەتىلگەن شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن ۋە ئەلۋەتتە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن پۈتۈن ئالەمگە جاكارلىغان.

بۇ ھەقىقەتنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن قۇرئاندا ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. بىرى سەبە سۈرىسىدىكى: ﴿ئېيتقىنكى، «مەن (دىنىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە) سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق، (ئەگەر تەلەپ قىلغان بولسام) سىلەرنىڭ بولسۇن؛ مېنىڭ ئەجرىمنى بېرىشنى پەقەتلا ئاللاھ ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»﴾[1] دېگەن ئايەتتۇر.

شۇرا سۈرىسىدىكى ئايەتتە بولسا پەيغەمبىرىمىز ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، بىر نەرسە تەلەپ قىلغان. يەنى: ﴿(پەيغەمبەرلىكنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى تىلەيمەن» دېگىن، ...﴾[2] دېگەن.

ئايەتتىكى «ئەل-مەۋەددەتە فىل-قۇربا» ئىبارىسىگە تەپسىرشۇ-ناسلىرىمىز بىر قانچە خىل مەنا بەرگەن. مەسىلەن: ئىمام تەبەرى، ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغان بىر رىۋايەتكە ئاساسەن، «قۇربا» دېگەن كەلىمىدىن مەقسەت نەسەب تۇغقانچىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە ئايەتنىڭ مۇنداق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان: «مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئەگەشمىسەڭلارمۇ، ھېچ بولمىغاندا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن ئىگە چىقىڭلار!»

ئىمام سەئىلەبى ۋە ئىبنى كەسىر يەنە ئىبنى ئابباستىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىسكە ئاساسەن؛ «ئەل-مەۋەددەتە فىل-قۇربا»

---

[1] ﴿قُلْ مَا سَأَلْتُكُم مِّنْ أَجْرٍ فَهُوَ لَكُمْ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى اللَّهِ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ شَهِيدٌ﴾(سۈرە سەب، 47 – ئايەت)

[2] (سۈرە شۇرا، 23 – ئايەت.)

ئىبارىسىنى «ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش» دەپ چۈشەندۈرگەن. ئىبنى ئابباس نەقىل قىلغان ھەدىس مۇنداق: «مەن سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن بۇ ھىدايەت ۋە ھەقىقەتلەر ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن؛ مېنىڭ كۈتكىنىم پەقەت ئۆزۈڭلارنى ئاللاھقا سۆيدۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشىڭلار ۋە ئۇنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىڭلاردۇر.»

نۇرغۇن تەپسىرشۇناسلىرىمىز بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان مەنانىڭ، تار مەنىدە ئەھلى بەيتكە (ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى فاتىمە ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى) قارىتا تۇيۇلۇشى كېرەك بولغان مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ قايسىسىنى قوبۇل قىلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، يېتىدىغان ئاساسىي مەنا «مۇھەببەت» مەسىلىسىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى قۇرەيشكە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىتىپ ئۇلار بىلەن مۇھەببەت ئاساسىدا بىر مۇناسىۋەت قۇرۇشقا تىرىشقان بولسۇن، مەيلى ئەھلى بەيتكە مۇھەببەت تەلەپ قىلغان بولسۇن، مەيلى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى تەلەپ قىلغان بولسۇن ـ بۇ ئەمەللەرنىڭ بېشىغا پەيغەمبىرىمىزنى سۆيۈشنى يازالايمىز ـ ھەممىسىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى مۇھەببەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن دەيمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش ـ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتى بىلەن كېچە-كۈندۈزىنى ئۈممىتى ئۈچۈن پىدا قىلغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلغان بىردىنبىر نەرسىسىدۇر. ئۈممەتكە چۈشكەن ۋەزىپە بولسا بۇ مۇھەببەتنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئادا قىلىشتۇر.

5 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش، بىزنى ئۆزىگە قېرىنداش قىلغان رەھمەت پەيغەمبىرىگە قارىتا بىر ۋاپادارلىق بۇرچىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىغا ساناقلىق كۈنلەر قالغاندا، بىر گۇرۇپپا ساھابىلەر بىلەن بىللە بەقى قەبرىستانلىقىغا بارغان ئىدى.

قەبرىستانلىقنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇ دىياردىكى ئاھالىلەرگە مۇنداق دەپ سالام بەردى:

«ئاللاھنىڭ سالىمى ئىمان ئەھلى بولغان قەبرە ئىگىلىرىگە بولسۇن. بىزمۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سىلەرگە قوشۇلىمىز.»

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سالىمىدىمۇ رەببى بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇنىڭغا يېتىش ئارزۇسى بار ئىدى. ئاندىن بەزى قەبرىلەرنى بىرمۇ-بىر ئايلىنىشقا باشلىدى. ئاۋۋال ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئاندىن قىزلىرى زەينەب، رۇقىييە ۋە ئۇممۇ گۇلسۇم، كېيىن ئوغلى ئىبراھىم ۋە نەۋرىسى ئابدۇللاھ ۋە باشقىلار... ئەڭ ئاخىرىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئانىسى ۋە پەيغەمبىرىمىز «ئانامدىن كېيىنكى ئانام» دېگەن ئىككى ئايالدىن بىرى بولغان فاتىمە بىنتى ئەسەدنىڭ قەبرى...

ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن كۆزلىرى ياشقا تولاتتى، ئۇلارغا دۇئا ۋە ئىستىغفار قىلاتتى. ئاللاھ رەسۇلىنىڭ بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ھەرىكەتلىرىنى ساھابىلەر دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى، ئۇنىڭ بۇ روھىي ھالىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشاتتى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز مۇبارەك كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكتى ۋە مۇنداق دېدى: «قېرىنداشلىرىمغا سالام! ئۇلارنى كۆرۈشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن.» ئۇ يەردە تۇرغان ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ سۆزى ئۈستىدە بىر-بىرىگە قاراشتى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىنىڭ قېرىنداشلىرى بىز ئەمەسمۇ؟» دېيىشتى.

ئاللاھ رەسۇلىنىڭ يىراقلارغا قارىشى ۋە بۇ سۆزنى قىلىشى ساھابىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ قېرىنداشلىرى دەپ قارايتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىم. قېرىنداشلىرىم بولسا مېنى كۆرمىگەن تۇرۇقلۇق ماڭا ئىمان ئېيتقانلار، ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغان تۇرۇقلۇق چاقىرىقىمغا قۇلاق سالغانلار، مەن بىلەن ئوخشاش ۋاقىت ۋە ماكانىنى ئورتاقلاشمىغان تۇرۇقلۇق ماڭا ئەگەشكەنلەردۇر. مەن ئۇلارنى ئۇ

دەھشەتلىك كۈندە كەۋسەر ھەۋزىنىڭ بېشىدا كۈتىمەن».

بۇ ئىنتايىن چوڭ خۇش بېشارەت ئىدى. بۇ خۇش بېشارەت ئۈستىگە ساھابىلەردىن بىرى: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنى كۆرمىگەن تۇرۇقلۇق، قانداق تونۇيلا؟» دېدى. ساھابىلەرنىڭ بۇ سوئالىغا رەسۇلۇللاھ مۇنداق جاۋاب بەردى: «بىر ئادەمنىڭ پېشانىسى ئاق، پۇتلىرى پارقىراق ئاتلىرى بولسا ۋە بۇلار چوڭ بىر ئات پادىسىنىڭ ئىچىگە ئارىلىشىپ كەتسە، ئۇ ئادەم ئۆز ئاتلىرىنى تونۇمامدۇ؟»، ساھابىلەر بىر ئېغىزدىن: «ھەئە، تونۇيدۇ» دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز: «مەنمۇ ئۈممىتىمدىن بولغانلارنى ناماز ئۈچۈن ئالغان تاھارەت ئىزلىرىدىن تونۇيمەن» دېدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنى كۆرمىگەن تۇرۇقلۇق ئىمان ئېيتقان ئۈممىتى ئۈچۈن مۇشۇنداق چوڭ خۇش بېشارەت بېرەتتى. قېرىنداشلىرىنى قانداق بىر مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغانلىقىنى بايان قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز قېرىنداشلىرىنى مۇشۇنداق سۆيسە؛ ئۇلارغا مۇشۇنداق خۇش بېشارەتلەر بەرسە؛ ئۇنىڭغا قارىتا قىلىنىشى كېرەك بولغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە، بۇ چوڭ ۋاپادارلىققا قارىتا ۋاپادار بولۇش ئەمەسمۇ؟ بۇ مۇھەببەتنى قارشىلىقسىز قالدۇرۇش ئەڭ چوڭ ۋاپاسىزلىق ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنداق بىر ۋاپاسىزلىقنى قىلماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ بىر مۇسۇلمان، كۆپ نەرسىگە قەرزدار بولغان پەيغەمبىرىنى سۆيۈشى كېرەك.

**6 ـ پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام نى سۆيۈش ـ ئۇنى بىزگە نېمەت قىلىپ بەرگەن رەببىمىزگە ھەقىقي مەنىدە شۈكۈر قىلىشنىڭ تەلىپىدۇر.**

جانابى ئاللاھ ئىنسانغا بەرگەن نېمەتلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى چەكسىزدۇر. جانابى ئاللاھنىڭ ﴿ئەگەر ئاللاھنىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر﴾[1] دېگەن ئىلاھىي ئەمرىگە بىنائەن، بۇ جەھەتتە ئاجىز كېلىدۇ. ئەمما نېمەتلەرنى

---

[1] ﴿وَإِن تَعُدُّوا نِعْمَةَ اللَّهِ لَا تُحْصُوهَا ۗ إِنَّ اللَّهَ لَغَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ (نەھل سۈرىسى، 18 – ئايەت).

سانغاندا بەزىدە نۇرغۇن نەرسىلەر ئەسكە كېلىدۇ-يۇ، قۇرئاننىڭ، ئىماننىڭ، ئىسلامنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، جەننەتنىڭ ھەتتا دوزاخنىڭمۇ بىر نېمەت ئىكەنلىكى ئەسكە كەلمەسلىكى مۇمكىن.

بىز بۇ يەردە پەقەت تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پەيغەمبەرنىڭ نېمەت ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىمىز. رەببىمىز ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ چوڭ بىر نېمەت ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى﴾[1]. بۇ ئايەتتە ئوچۇق بايان قىلىنغاندەك، ئەۋەتىلگەن ئاخىرقى ئەلچى مۆمىنلەرگە جانابى ئاللاھ ئاتا قىلغان بىر نېمەت ئىدى. ھەتتا ئەڭ چوڭ نېمەتلەردىن بىرى ئىدى. ھەر نېمەتكە ئۆز تۈرىدىن شۈكۈر قىلىش كېرەك. مال-مۈلۈك نېمىتىنىڭ شۈكرىسى ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشتۇر. بەدەن نېمىتىنىڭ شۈكرىسى ئۇنى ئاللاھ يولىدا تەر تۆكتۈرۈشتۇر. پەرزەنت نېمىتىنىڭ شۈكرىسى ئۇلارنى ئاللاھ رازى بولىدىغان شەكىلدە تەربىيەلەش ۋە خىزمەت قىلدۇرۇشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانداق ھىمايە قىلىمىز؟

جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىنسانلارنى قاراڭغۇ-زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، خار-زەبۇنلۇقتىن ئىززەت - ھۆرمەتكە، جاھالەتتىن ئىلىم - مەرىپەتكە چىقاردى. بۇتپەرەسلىكنى تۈگىتىپ، شېرىك ۋە چىرىك ئەقىدىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتتى.

جانابى ئاللاھ ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ئەگەشكەن ۋە ئۇنى ئۆزىگە رەھبەر

---

[1] ﴿لَقَدْ مَنَّ اللَّهُ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا مِن قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ﴾ (ئال ئىمران سۈرىسى، 164 – ئايەت).

قىلغانلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ، مەڭگۈلۈك ماكان جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇ بۇ يولدا نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئېغىر تالاپەتلەرگە يولۇقتى؛ يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلدى؛ يالغانچى، ساراڭ، سېھرگەر دېگەندەك تاپا ـ تەنە ۋە مالامەتلەردىن قورقمىدى. نەتىجىدە، پۈتۈن دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆزىنىڭ 23 يىللىق مۇجادىلىسىدىن كېيىن پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەۋھىد بايرىقىنى تىكلەپ ئالەمدىن ئۆتتى.

مانا بۇ پىداكار ئۇلۇغ پەيغەمبەرنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئادا قىلىشىمىز كېرەك بولغان ھەققى رەھمىتىمىزنى بىلدۈرۈپ، ۋاپا بۇرچىمىزنى ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتىمىز، قوغدىشىمىز كېرەك بولغان شان-شەرىپى بار. تېخىمۇ مۇھىمى، بىزنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادىتىمىزنىڭ كاپالەتچىسى بولغان قۇرئان كەرىم بىلەن مۇبارەك سۈننىتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىمىز باردۇر.

بىر ھەدىستە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىنى قوغدىسا، ئاللاھ ئۇنى دوزاخ ئوتىدىن ساقلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.» شەپقەتلىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ مۇبارەك سۆزى باشقا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى قوغداش توغرىسىدا دېيىلگەن بولسا، ئۇ زاتنىڭ شەرىپىنى ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن ئامانىتىنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە بۇنىڭ مۇكاپاتىنىڭ قىممىتىنى ھېچ نېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ – ئەلۋەتتە!

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغاندا، ھاياتى ۋە شەرىپى كەمسىتىلگەندە ۋە مۇبارەك سۈننىتى چەتكە قېقىلغاندا ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-ئايالنىڭ قولى بىلەن، تىلى بىلەن، قەلىمى بىلەن، مېلى بىلەن ۋە ھەتتا كېرەك بولغاندا جېنى بىلەن قارشى تۇرۇش، قىسقىسى كۈچى نېمىگە يەتسە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ زاتنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار.

بىز ئىككى مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمان ئۈممىتى، ھەر بىرىمىز ئۆز ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ، قولىمىزدىن نېمە كەلسە شۇنىڭ بىلەن

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە ۋە مۇبارەك سۈننىتىگە ھەقسىزلارچە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكلەردىن قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بولۇپمۇ ئىلىم ئەھلى ئۆلىمالار، مۇسۇلمان ژورنالىست، تېلېۋىزىيە قاناللىرى ۋە بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى تولىمۇ ئېغىر. چۈنكى ئۇلار ھىدايەت ۋە رەھمەت پەيغەمبىرى ھەققىدىكى توغرا مەلۇماتنى توغرا تارقىتىش، ئالىملار ۋە ئاكادىمىكلارنى بۇ مۇھىم تېما ھەققىدە يېزىشقا ۋە سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇنى گېزىت-ژۇرناللار، رادىيو-تېلېۋىزىيە ۋە سوتسىيال مېديا قاتارلىق بارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق تارقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە.

ئەسلىدە مۇسۇلمان پادىشاھلار ئىسلامغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان كۇپپارلارغا قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماقام – مەنسەپلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۇپپارلارغا ياخشىچاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرىگە يان تاياق بولۇپ كەلمەكتە. ئەپسۇس ئۇلار ئامانەتنى زايە قىلىۋەتتى. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى قوغدىيالمىدى، زۇلۇمغا قارشى چىقالمىدى، ھەتتا دىنى مۇقەددەساتلىرىنى دەپسەندە قىلغان مۇرتەدلەرگە قارشىلىق بىلدۈرەلمىدى.

ئۇ زات مەيلى پادىشاھ مەيلى گاداي بولسۇن ھەممىمىزنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇش يولىمىزنى كۆرسەتكەن ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلىدىغان يولنى ئۆگەتكەن داھىمىز، رەھبىرىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش، ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن شەرىئىتى بويىچە ئىش قىلىش، سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئىنكارچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مەجبۇرىيەتتۇر.

بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش تۆۋەندىكى خۇسۇسلاردا گەۋدىلىنىدۇ:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىنىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش

ـ باللار ۋە يېڭى ئەۋلادلارنى كىچىكىدىن باشلاپ پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۆيۈش، ئۇنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۈلگە ئېلىشقا تەربىيەلەش

- قۇرئان ۋە ھەدىسنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە شۇبھىلەرگە ئىلمىي رەددىيە بېرىش

- پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن گېزىت، ژۇرنال، ئۇنىسىن، رادىيو، تېلېۋىزور ۋە سوتسىيال مېدىيا – ئۈچۈر ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق پىروگراممىلارنى تەييارلاش ۋە توغرا مەزمۇنلارنى تارقىتىش

- پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن تور بېكەتلىرىنى قۇرۇش

- پەيغەمبىرىمىزگە ئازار بەرگەن دۆلەتلەرنىڭ مېلىنى بايقوت قىلىش

- پەيغەمبىرىمىز ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچە ۋە تۆھمەتلەرگە قارشى ئىلمىي ئاساستا رەددىيە بېرىش

- پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي سۈننىتى ۋە پەزىلەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش

- ئىسلام دىنىنىڭ رەھمەت ۋە ھىدايەت يولى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق نامايان قىلىش

- پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش

- ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە توقۇغان يالغانلىرى، ئويدۇرمىلىرى ۋە ھاقارەتلىك قىلمىشلىرىغا قارشى دەلىل-پاكىتلار بىلەن رەددىيە بېرىش

- پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ھەقىقىتىنى كۆرسىتىش، ئۇنىڭ سەھىھ سۈننىتى ۋە گۈزەل ھاياتى توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرنى تۈزىتىش

- پەيغەمبىرىمىز ھەققىدىكى ھەقىقىي مەلۇماتلارنى توغرا يوسۇندا تارقىتىش

- ئالىملار ۋە زىيالىيلارنى بۇ مۇھىم ئىشتا يېزىشقا ۋە سۆزلەشكە

ئىلھاملاندۇرۇش

- تەسىر كۈچى زور بولغان بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش.

ئىككىنچى باب

## سۈننەت[1] كەلىمىسىنىڭ تېرمىنولوگىيىسى

سۈننەت كەلىمىسى ئاتالغۇ ۋە تېرمىنولوگىيە جەھەتتە ئوخشىمىغان مەنىلەرگە ئىگە بولغىنىدەك، دىنىي ساھەدىكى ئالىم ۋە پۇقەھالارنىڭ بەرگەن تەبىر ۋە تەرىپلىرىمۇ پەرقلىق.

سۈننەت كەلىمىسىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى، مەيلى ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن مۇتلەق "يول" دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئىسلامدا بىر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا، ئۇ ئىشنى يولغا قويغانلىقىنىڭ ساۋابىدىن باشقا، يەنە ئۇ كىشىگە شۇ ئىشنى قىلغانلارنىڭ ساۋابىنىڭ ئوخشىشىمۇ يېتىپ تۇرىدۇ. كىمكى يامان بىر ئىشنى يولغا قويغان بولسا، ئۇ يولغا قويۇلغان يامان ئىشنىڭ گۇناھى ئۇ كىشىگە بولغىنىدەك، ئۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئوخشىشىمۇ يېتىپ تۇرىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسىدە سۈننەت كەلىمىسىنىڭ بۇ مەنىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز.

---

[1] سۈننەت (السنة): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئىشلىتىلگەن ئورنى (كونتېكىستى) غا قاراپ مەنىسى پەرقلىق بولىدۇ. فىقھ ئىلمىدە: پەرز ۋە ۋاجىپتىن سىرت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادا قىلغان «نەپلە» ئىبادەتنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىس ئىلمىدە: شەرئىي ھۆكۈمنى بىلدۈرسۇن ياكى بىلدۈرمىسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش ـ ئىزلىرى ۋە سۈپەتلىرىنى كۆرسەتسە، ئۇسۇلى فىقھ ئىلمىدە: شەرئىي ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش ـ ئىزلىرى ۋە سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. (ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە)

[2] ئىماما مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەمما ئاتالغۇ مەنىسى بولسا، ئالدىنقىلار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ۋە كېيىنكىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئايلانغان ياشاش ئۇسۇلى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.[1] ﴿(بۇ) سەندىن ئىلگىرى بىز ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىدۇر﴾[2] دېگەن ئايەتتە بولسا، بۇ مەنىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

شەرئىي مەنىسى: سۈننەت كەلىمىسىنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتە ئىپادىلەنگەن مەنە ـ مەزمۇنىغا قارايدىغانلا بولساق، ئۇ كەلىمىنىڭ مەنىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بىر ئالامەت ياكى بەلگە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، لۇغەت ۋە ئاتالغۇ مەنىسىنىڭ ئاساس قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەمما «سۈننەت» كەلىمىسى ئۆزى يالغۇز كەلمەي (بىرىكمە ھالەتتە) «سنّتی» (يەنى مېنىڭ سۈننىتىم) ياكى (تونۇشلۇق) ھالەتتىكى «السنّة» يەنى ئەرەبچىدە تونۇشلۇقنى ئىپادىلەيدىغان «ئەلىپ لام» بىلەن بىرگە كەلگەندە ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن «شەرىئەتنىڭ يولى» دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنە بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا «سۈننەت» نىڭ شەرئىي مەنىسى: قۇرئان كەرىمنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇتەۋاتىر ياكى ئاھاد سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە تەستىقلىرى، مەيلى بۇ ئەقىدە، شەرئىي ئەھكام ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئالاقىدار پەرز، ۋاجىپ ۋە نەپلە ئەمەللەر بولسۇن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسقىسى: سۈننەت – ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئىبىنقلىما بولۇپ، دىندىن بولمىغان «بىدئەت» ئۇقۇمىنىڭ ئەكسىنى چىقىش قىلىدۇ.

«سۈننەت» كەلىمىسىنى دەلىل شەكلىدە ئىشلىتىش ۋە سۈننەتكە ئېسىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەش ساھابە كىراملار، تابىئىن ۋە باشقا سەلەف ئالىملىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئېنىق مەسىلە. شۇ سەۋەبتىن،

[1] "لىسانۇل ئەرەب" كە قاراڭ.

[2] ﴿سُنَّةَ مَن قَدْ أَرْسَلْنَا قَبْلَكَ مِن رُسُلِنَا﴾ (سۈرە ئىسرا، 77 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ساھابە كىراملارنىڭ ياكى تابىئىنلەرنىڭ «مىنەسسۈننەتى كەزا» (يەنى بۇ ئىش سۈننەتتىندۇر) دېگەن ئىپادىلىرىنىڭ مەنىسى، ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە تەستىقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ۋە بۇ سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رىۋايەتلەرنى «مەرپۇ ھۆكۇم» دەپ قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ جەھەتتە سۈننەت دېگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رىۋايەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى مىساللارنى بېرەلەيمىز:

ئەنەس ئىبنى مالىك (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «... مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى مەندىن ئەمەس»[1]. ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىدىن مۇنداق بىر رىۋايەت قىلىنغان: «بىر كۈنى ئىككى كىشى سەپەرگە چىقىپ، يولدا بىر يەرگە كەلگەندە نامازنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالىدۇ، ئۇلار سۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تەيامموم قىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، بىر مەھەل يۈرگەندىن كېيىن سۇ بار يەرگە كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى سۇدا تاھارەت ئېلىپ نامازنى قايتا ئوقۇيدۇ، يەنە بىرى ئوقۇمايدۇ. ئۇلار سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى قايتا ئوقۇغان كىشىگە قارىتا، ساڭا ئىككى قات ساۋاب بار دېگەن بولسا، يەنە بىرىگە سەن سۈننەتكە ئەمەل قىلىپسەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « سەن سۈننەتكە ئەمەل قىلىپسەن» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: «مەن ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت كە ئەمەل قىلدىڭ» دېگەن بولىدۇ.

[1] «وعن أنس بن مالك ـ رضي الله عنه ـ قال: جاء ثلاثة رهط إلى بيوت أزواج النبي ـ صلى الله عليه وسلم ـ يسألون عن عبادة النبي ـ صلى الله عليه وسلم ـ، فلم أخبروا كأنّهم تقالّوها، فقالوا: وأين نحن من النّبي ـ صلى الله عليه وسلم ـ، قد غُفِرَ له ما تقدّم من ذنبه وما تأخّر، قال أحدهم: أمّا أنا فإنّي أصلي اللّيل أبدا، وقال آخر: أنا أصوم الدّهر ولا أفطر، وقال آخر: أنا أعتزل النّساء فلا أتزوّج أبدا، فجاء رسول الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ إليهم فقال: أنتم الّذين قلتم كذا وكذا؟!، أما والله إنّي لأخشاكم لله وأتقاكم له، لكنّي أصوم وأفطر، وأصلي وأرقد، وأتزوّج النّساء، فمن رغِبَ ( أعرض ) عن سنّتي فليس منّي» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

شۇنداق، ساھابە كىراملار، تابىئىن ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن سەلەف ئۆلىمالىرى «سۈننەت» كەلىمىسىنى قۇرئان كەرىمدىن كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسى قانۇن مەنبەسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. بۇ ئارقىلىق ئۇلار «ئىسلامنىڭ قانۇن مەنبەلىرىنى بەلگىلەش» ۋە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئەلۋەتتىكى بۇ ھېچقاچان سۈننەتنىڭ قۇرئانغا قارشى خاس مەنىدە ئىكەنلىكىنى، ياكى «سۈننەت» كەلىمىسىنىڭ قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەن ھۆكۈملەرنىڭ سىرتىدىكى ھۆكۈملەرگە خاس ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىك ئەمەس، بەلكى مۇتلەق ھالدا سۈننەتنىڭ ئومۇملاشقان مەنىسىنىڭ شەرىئەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇسۇلچىلارغا كۆرە سۈننەت: ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەر-لىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ زاتتىن سادىر بولغان پۈتۈن سۆز، ئىش – ھەرىكەت ۋە باشقىلارنىڭ سۆزى ۋە ئىش ھەرىكىتىگە بىلدۈرگەن ئىجابىي ئىپادىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار سۈننەتنى قۇرئاندىن باشقا رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى، ھەرىكىتى ۋە تەستىقىغا خاس دەپ قارايدۇ. ئەمما رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكى ۋە پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىنى بۇنىڭ سىرتىدا قالدۇرىدۇ.

بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇسۇل ئىلمىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى «دەلىل-ئىسپات كەلتۈرۈش ۋە شەرئىي دەلىل مەنبەلىرىنىڭ قىسىملىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ شەرىئەت دەلىللىرىنى قىسىمغا ئايرىشتىكى مەقسىتى ئۇلارنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى پەرقلەندۈرۈشكە ۋە سۈننەتنى قۇرئاندىن باشقا دەلىللەرگە تەقسىم قىلىشقا يېتەكلىگىنىدەك، تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ «يەكۈنلەش» (يەنى مەسىلىلەرنى دەلىللەش ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش) بولۇشىمۇ ئۇلارنى سۈننەتنى شەرئىي ھۆكۈملەرنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە تەستىقى بىلەن كونكرېتلاشتۇرۇپ، ئۇ زاتنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكى ۋە پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى سۆز ۋە ئىش ـ

ھەرىكەتلىرىنى سۈننەت دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇشقا ئېلىپ بارغان.

## مۇھەددىسلەرنىڭ قارىشىدا سۈننەت

ھەدىسشۇناسلارنىڭ تېرمىنولوگىيىسىدە، سۈننەت «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى پۈتۈن سۆز، ئىش- ھەرىكەت، سۈكۈتى - تەستىقى ھال – ھەرىكەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر». مۇھەددىسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارىشىدا، «سۈننەت» دېمەك «ھەدىس» دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

مۇھەددىسلەرنىڭ سۈننەت ئۇقۇمىغا بەرگەن بۇ ئېنىقلىمىسىنىڭ نېگىزلىك تەرىپى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك ھەر بىر سۆز ۋە ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى – مەيلى ئۇ شەرئىي ئەھكام بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بولسۇن - مۇھەددىسلەرنىڭ تەتقىقات ساھەسى ۋە چىقىش نۇقتىسى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## فەقىھلەرنىڭ قارىشىدا سۈننەت

فەقىھ (قانۇنشۇناس) لارنىڭ بەرگەن ئېنىقلىمىسىغا كۆرە سۈننەت، - «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان، ئەمما پەرز ياكى ۋاجىپ بولمىغان شەرئىي ھۆكۈملەر» - دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار سۈننەتنى پەرز ۋە ۋاجىبدىن ئايرىپ قارايدۇ. بۇ ئېنىقلىما ھىجرىيە ئىككىنچى يۈز يىلدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، تابىئىن دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن كېيىن كەڭ تارقالغان.

## سۈننەت ئۇقۇمى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

دەسلەپكى مەزگىللەردە سۈننەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئۇنىڭ تەربىيەلىگەن ساھابىلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلارنىڭ ئەمەلى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى پەرىز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، سۈننەتنىڭ توپلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك

تۈنجى يازما تېكىستلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن باشقا، ساھابە، تابىئىن ۋە تەبەئۇت-تابىئىنلارنىڭ دىنىي مەزمۇنلۇق سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئىمام مالىك قاتارلىق بەزى ئالىملارنىڭ «مەدىنىلىكلەرنىڭ ئەمەلى»، «بىزدە (مەدىنىدە) ئىتتىپاققا كېلىنگەن مەسىلىلەر»، «كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى»، «بىلىنىپ كەلگەن ئەمەلىيەت» قاتارلىق ئىپادىلەر بىلەن تەرىپلىگەن ئەمەلىيەتمۇ مۇھىم دەرىجىدە بۇ مەنىدىكى سۈننەتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى[1] بىراق بۇ خىل ئەمەلىيەتلەر بىلەن جەمئىيەتتىكى ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىش خەۋپى ھەر دائىم مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئومۇمىي سۈننەت تەرىپىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق ھالغا كەلتۈرۈلۈشىگە ئېھتىياج تۇغۇلغان. تارىختىي تەرتىپ بويىچە ئەبۇ ھەنىفە، مالىك، ئەبۇ يۇسۇف، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ۋە شافىئىي قاتارلىق دەسلەپكى فىقھشۇناسلار سۈننەت ماتېرىياللىرىنى بىكىتىشتە بارغانسېرى كۆپەيگەن نىسبەتتە دىنىي خاراكتېرلىك سۈننەت بىلەن يەرلىك ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن سۈننەتلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىش تىرىشچانلىقىغا كىرىشكەن.

بۇ جەرياندا دىنىي مەزمۇنلۇق سۈننەتنىڭ بۇ خاراكتېردا بولمىغان سۈننەتتىن ئايرىلىش ئېنىقلىقى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە شافىئىينىڭ «ئەر-رىسالە» ناملىق ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن. 20-ئەسىردىكى شەرقشۇناسلار بۇ ھادىسىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇرئان بىلەن بىرگە دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى سۈپىتىدە بېكىتىلىشىنىڭ، شۇنداقلا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ سۈننەتنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى دەپ بېكىتىلىشىنىڭ تۇنجى قېتىم شافىئىي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ياكى ئەڭ ئاز دېگەندە بۇ قاراشنىڭ ئۇنىڭ تەرىپىدىن يەكۈنلەنگەنلىكى، ئىلگىرىكى ئەۋلادلارنىڭ چۈشىنىشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىنىڭ بۇ شەكىلدە تەرىپلەنمىگەنلىكى، ئەكسىچە

[1] «مۇۋەتتا»، زاكات بابى، 7 – بەت، «بۇيۇئ» بابى، 61 – بەت.

سۈننەتنىڭ ھەدىسلەردىن مۇستەقىل پەقەت ئەنئەنە مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى دېگەن دەۋاغا ئاساس قىلىنغان.

ئەمەلىيەتتە، ئىستىلاھ سۈپىتىدە سۈننەتنىڭ باشلىنىشىتا پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىغا ئىشارەت قىلمىغانلىقى توغرا بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى پىكرى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى باشلىنىش دەۋرىدىن تارتىپ ئاساسىي پرىنسىپ شەكلىدە قوبۇل قىلىنغان. ئىمام شافىئىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ قىلغان ئىشى، سۈننەت سۆزىنىڭ باشقا ئىشلىتىلىشلىرىدىن ئايرىپ، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن ئىشلىتىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش يۆنىلىشىدە ئىستىلاھلىق بىر يېڭىلىق ئېلىپ كېلىشتۇر. «ئەر ـ رىسالە» دىققەت بىلەن تەتقىق قىلىنغاندا، شافىئىينىڭ ئىسلام ئىلىم ساھەلىرىدە ئورۇنلاشقان پىكىرنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇنى تۇنجى قېتىم تۇتاملىق بىر نەزەرىيەۋى چەمبەردە ئىپادىلەشتىن باشقا بىر ئىش قىلمىغانلىقى كۆرۈلىدۇ.

سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ دەۋرىدىن قارىغاندا، ئىنسانىي سەۋىيەدە ياشالغان ئىسلامىي ھايات تەرزى ئىدى ۋە بۇ جەھەتتىن ئەمەلىيەتلەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىدى. ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ياكى شافىئىنىڭ ياشىغان دەۋرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسىي ئىسلامىي ئېلېمېنتلارنى ئايرىپ، بۇ ئەمەلىيەتلەرنى ئۇنىۋېرسال ئىسلامىي تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئاساس بولىدىغان شەكىلدە تۈزۈش كېرەك ئىدى.

شافىئىنىڭ «ئەر ـ رىسالە» سىدە كۆرۈلگەن قۇرۇلما تىل ۋە بايان ئۇسلۇبىنىڭ سەۋەبى مانا بۇ بولۇپ، شافىئى ياكى ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر مەۋجۇت چۈشەنچە ۋە ئەمەلىيەتتىن مۇستەقىل بىر نەزەرىيە پەيدا قىلغان ئەمەس. مەسىلەن، شافىئىدىن بۇرۇنقى فىقھى ئالىملىرى بىلەن شافىئى ئارىسىدا، رەسۇلى ئەكرەمگە مەنسۇپلۇقى كەڭ تارقالغان دىنىي مەزمۇنلۇق ئەمەلىيەتلەرنىڭ سۈننەتنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى

توغرىسىدا پەرقلىق چۈشەنچە يوق.

شۇنداق بولسىمۇ، تەدۋىن دەۋرىدىن بۇرۇن كەڭ تارقالمىغان «خەۋىرى-ۋاھىد» رىۋايەتلەرنىڭ بىكىتىلىشى، بۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى مەنىسىدە ئۇلگە بولالايدىغان- بولالمايدىغانلىقى، ئەگەر بولالىسا قانداق شارائىتلاردا بولىدىغانلىقى ھەققىدە شافىئى بىلەن باشقىلار ئارىسىدا پەرقلىق چۈشەنچىلەر بار. بۇ مەسىلە، شەرقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدا دەۋا قىلىنغاندەك رەسۇلى ئەكرەمنىڭ ھوقۇقىنىڭ قوبۇل قىلىنىش-قىلىنماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنازىرە بولماستىن، پەقەتلا ئۇنىڭدىن نەقىل قىلىنغان مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىقىنى بېكىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە فىقھى ئۇسۇلى ئىلمىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەكلىدىكى سۈننەت نەزەرىيەسى مەيدانغا كەلگەن.

«سۈننەتنىڭ شەرئىي ھۆكۈم مەنبەسى بولۇشى» مۇسۇلمانلار ئۇچۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرلۇكى، ئۇنىڭ ھەرىكەت-لىرىدىكى ئۇلگىلىك خۇسۇسىيەتكە دىققەت قىلىدىغان ﴿**سىلەرگە - ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە - رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر**﴾[1] دېگەن ئايەت، ئۇنىڭغا ئەگىشىش توغرىسىدا ﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»**﴾[2] دېگەن ئايەت، ئىتائەت قىلىش ھەققىدە ﴿**ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار». ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ كاپىرلارنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ**﴾[3] دېگەن ئايەت، ئۇنىڭغا قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى

[1] سۈرە ئەھزاب، 21 – ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 31 – ئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى، 32 – ئايەت.

ئىپادىلەيدىغان ﴿بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق﴾[1] دېگەن ئايەت، شۇنىڭدەك، ئۇ زاتنىڭ كىتاب ۋە ھېكمەتنى ئۆگەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى﴾[2] دېگەن ئايەتتىكى ھېكمەت سۆزى، ئىسلامدا دىنىي بىلىمنى بەلگىلەشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىغا، يەنى سۈننەتكە ئىشارەت قىلىدىغانلىقى بەزى ئالىملار تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، ئىمام شافىئىينىڭ «ئەر-رىسالە» ناملىق ئەسىرى، 245-257-بەتلەردە بۇ مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەزكۇر ئايەتلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلىرى ۋە پوزىتسىيەسى ئاساسىدا، ئۇنىڭ 22 يىلدىن ئارتۇق پەيغەمبەرلىك دەۋرى جەريانىدا قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرۈپ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغان سۆز-ھەرىكەتلىرى دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. كېيىنچە «قۇرئان ۋە سۈننەت» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن بۇ پرىنسىپ بارلىق ئىسلام مەزھەپلىرى بىرلىككە كەلگەن ئاساس ھېسابلانغان.

سۈننەت گەرچە قۇرئان كەرىمدەك سۆز جەھەتتىن ۋەھيى (ئوقۇلىدىغان ۋەھيى) بولمىسىمۇ، مەنا جەھەتتىن (ئوقۇلمايدىغان) ۋەھيى دەپ قوبۇل قىلىنغان. قۇرئان بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرمىسىمۇ، ئۇنى شەرھىلىگۈچى ئورۇندا كۆرۈلگەن ۋە ھەر خىل جەھەتتىن تۈرلەرگە ئايرىلغان.

بۇلارنىڭ ئىچىدە سۈننەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا يېتىپ كېلىش

[1] سۈرە نەھل، 44 – ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى، 129 – ئايەت.

شەكلىنى ئاساس قىلغان ئايرىش، سۈننەتنىڭ سەھىھلىك مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك. قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن قوللىنىلغان ئايرىشتا سۈننەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى (قەۋل)، ھەرىكەتلىرى (پېئىل) ۋە تەستىقلاش پوزىتسىيەسى (تەقرىر) قاتارلىق ئۈچ تۈردىن تەركىب تاپقانلىقى بېكىتىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان، تەستىقلاش شەكلىدە چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان پوزىتسىيەسى مەنىسىدىكى تەقرىرى سۈننەتنىڭ، مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە چەكلەنمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقى، سۆزلۈك سۈننەتنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنىڭ بولسا پىرىنسىپ جەھەتتىن قۇرئاندىكىلەرگە ئوخشاش مەجبۇرىيەت خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنغان.

ئەمما قۇرئان كەرىم سۆز ۋە مەنا جەھەتتىن مۇتەۋاتىر بولغانلىقتىن، كۆپ قىسمى خەۋەر-ۋاھىدلاردىن تەركىب تاپقان سۈننەت، ئەمەلىيەتتە قۇرئاندىن پەرقلىق بىر ئورۇنغا ئىگە بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرىكەتلىرى يالغۇز ھالدا مەجبۇرىيەت خاراكتېرىگە ئىگە بولمىسىمۇ، ھەر خىل قەرىنىلەر بىلەن دىنىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولالايدىغان ماھىيەتتە كۆرۈلگەن.

مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر يېمەكلىكنى يېيىشى، ئۇ نەرسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنىڭ بېكىتىلىشى ئاز دېگەندە گۇناھ بولماي، مۇباھ (رۇخسەت قىلىنغان) ھېسابلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىر ھەرىكەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي بىر مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلغانلىقى مەلۇم بولسا، ئۇ ھەرىكەت مەجبۇرىيەت خاراكتېرىگە ئىگە قائىدە بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئېغىزچە بۇيرۇقنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەرىكەت شۇ بۇيرۇقنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ.

مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازنىڭ قانداق ئوقۇلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەر مۇشۇنداق. ئۇنىڭ دىنىي

مەجبۇرىيەتلەردىن باشقا ئىبادەت (ئاللاھقا يېقىنلىشىش) مەقسىتىدە قىلغانلىقى مەلۇم بولغان ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىق جەھەتتىن مەجبۇرىي بولمىسىمۇ، دىنىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈلگەنلىكى قوبۇل قىلىنىدۇ. بىر ھەرىكەتنى كۆپ قېتىم قىلىپ بەزىدە تەرك ئېتىشى بولسا ئۇ ھەرىكەتنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك شەكىلدە تەۋسىيە قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

سۈننەتنىڭ فىقھى ھۆكۈم مەنبەلىرى تەرتىپىدە نەزەرىيە جەھەتتىن قۇرئاندىن كېيىن كەلسىمۇ، ئىسلام تەپەككۇرىدا سۈننەت بىلەن قۇرئاننىڭ بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. پەقەت قۇرئاندىكى مەۋجۇت بىر ھۆكۈم سۈننەتتىكى بىر رىۋايەت بىلەن ئەمەلىي زىتلىشىپ، ئۇلارنى ماسلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدىلا، قۇرئاندىكى ھۆكۈم ئېلىنىپ، ئۇ رىۋايەتنىڭ تەرك ئېتىلىدىغانلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. بىراق بۇ ئەھۋالدا بىر ئالىمنىڭ ئۇچۇق دەپ سۈپەتلىگىنىنى يەنە بىرى يوشۇرۇن كۆرەلەيدىغانلىقى ياكى بىرىنىڭ ماسلاشتۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى يەنە بىرى ماسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارىيالايدىغانلىقى ئۇچۇن ئىجتىھاد ۋە تەتبىقلاشتا ئوخشىمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشىلگەن.

ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنىڭ مەنبە قىممىتىنى بەلگىلەش جەھەتتە، قۇرئاندا كۆرسىتىلگەندەك ئۇنىڭ ھەم ئىنسان، ھەم ۋەھىي قوبۇل قىلغۇچى پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتى نەزەرگە ئېلىنىپ[1]، ئىسلام ئالىملىرى مۇئەييەن ئايرىمىلارنى بەلگىلىگەن.

بۇنىڭغا ئاساسەن:

**1.** رەسۇلۇللاھنىڭ پەقەت ئىنسان سۈپىتىدىكى ھەرىكەتلىرى دىنىي ھۆكۈم ئىپادىلىمىسىمۇ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى شەكلىدە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىنىڭ نىيىتى سەۋەبلىك ئاخىرەتلىك

[1] ﴿ئى مۇھەممەد! (ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھىي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر) كەھف سۈرىسى، **110** ئايەت، فۇسسىلەت سۈرىس، **6** – ئايەت.

مۇكاپاتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقى قوبۇل قىلىنغان.

2. پەيغەمبەرلىك سۈپىتى بىلەن قىلغان ھەرىكەتلىرى دىنىي ھۆكۈملەرنىڭ مەنبەسىدۇر.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۆلەت باشلىقى، قوماندان، قازى، ئائىلە باشلىقى، پىكىر يېتەكچىسى قاتارلىق رولى ۋە ئورنى بار. بۇ سۈپەتلەر بىر تەرەپتىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ سۆزى ياكى ئىش-ھەرىكىتىنىڭ دىنىي-ئۇنىۋېرسال خاراكتېرغا ئىگە ئىكەنلىكى ياكى پەقەت ئىنسانىي پىكىر ۋە باھانى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بېكىتىش، دىنىي ھۆكۈم مەنبەسى بولغان سۈننەتنىڭ دائىرىسىنى ئېنىقلاش جەھەتتىن مۇھىم. بۇ بېكىتىشتە قۇرئاننى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەكلىكى ئېنىقتۇر.

ئەمەلىيەتتە سۈننەتتىكى ھۆكۈملەر قۇرئاندىكى ھۆكۈملەر بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا تۆت خىل ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:

1 - قۇرئاندىكى ھۆكۈمگە تولۇق ماس كېلىدىغان سۈننەت. بۇ ئەھۋالدا سۈننەت قۇرئاننى تەستىقلىغۇچى خاراكتېرگە ئىگە. مەسىلەن: «كۆڭۈل رازىلىقى بولمىغان ئەھۋالدا بىر مۇسۇلماننىڭ مېلى باشقا بىرىگە ھالال بولمايدۇ» دېگەن ھەدىس، ﴿**ئى مۆمىنلەر! بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا - سېتىق ئارقىلىق ئېرىشلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا**﴾.[1] » دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىنى ئېيادىلەيدۇ.

---

[1] ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَن تَكُونَ تِجَارَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْ﴾ (نىسا سۈرىسى. 29 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

2 ـ قۇرئاندىكى ھۆكۈمنى چۈشەندۈرىدىغان سۈننەت. قۇرئاندىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان سۆزلەرنى ئېنىقلاشتۇرىدىغان، ئومۇمىي ھۆكۈملەرنى خاسلاشتۇرىدىغان سۈننەت بۇ قىسىمنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ناماز ۋاقىتلىرى ۋە رەكئەتلىرىنى، نامازدا قىرائەتنى بىلدۈرىدىغان ھەدىسلەر، ﴿**نامازنى ئادا قىلىڭلار**﴾[1] دېگەن ئايەتنى چۈشەندۈرىدۇ.

3 ـ قۇرئاندا ھۆكمى بولمىغان مەسىلىلەر ھەققىدە ھۆكۈم ئېلىپ كېلىدىغان سۈننەت. مەسىلەن: چوڭ ئانىنىڭ مىراستا ھەققىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان، پىتىر سەدىقىسى ۋە ۋىتىر نامىزىنى يولغا قويغان ھەدىسلەر.

4ـ قۇرئاندىكى ھۆكۈمنى مەنسۇخ قىلىدىغان سۈننەت. ئاتا ـ ئانا ۋە تۇغقانلارغا ۋەسىيەت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ﴿**ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە خىش ـ ئەقرىبالىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى**﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ «مىراسخورغا ۋەسىيەت يوق» دېگەن ھەدىس بىلەن مەنسۇخ قىلىنىشى، بۇ ئەھۋالنىڭ مىساللىرى ئارىسىدا تىلغا ئېلىنىدۇ. (ئەمما بۇ كۆز قاراش قۇرئاننىڭ سۈننەت بىلەن مەنسۇخ قىلىنىشىنى قوبۇل قىلغان جۇمھۇر ئالىملارغا تەۋە).

## سۈننەتنىڭ ئەھمىيىتى

قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش ۋە ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئېتىقاد، ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى

[1] ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ﴾ (بەقەرە سۈرىسى، 43 – ئايەت.)

[2] ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ إِن تَرَكَ خَيْرًا الْوَصِيَّةُ لِلْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ بِالْمَعْرُوفِ حَقًّا عَلَى الْمُتَّقِينَ﴾ (بەقەرە سۈرىسى، 180 – ئايەت).

ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىدۇ ۋە تەپسىلاتىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى بەلگىلىگەن ۋە ئەجرا قىلىنىش ئۇسۇلىنى پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىلدۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكەنىدەك چۈشىنىپ ياشاش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنى ياخشى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنى ياخشى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

سۈننەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

- سۈننەت، قۇرئان كەرىمدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم مەنبە

- سۈننەت قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە تەپسىر قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە

- ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ

- نۇرغۇن دىنىي مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىشتا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا توغرا يول كۆرسىتىلىدۇ، ۋە ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتە ئۈلگىلىك رول ئوينايدۇ

- ئائىلە، جەمئىيەت ۋە دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ

- كىشىلەر ئارا مۇئامىلىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى بەلگىلەيدۇ.

### سۈننەتنىڭ قۇرئان كەردىكى ئورنى

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ، ئۇنى بالاغەت ۋە پەساھەتتە مۆجىزە قىلدى. ھەمدە قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغاندەك يەنە «(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇبارەك پاك سۈننىتىنى ۋەھىيگە ئوخشاش ئىلھام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئىچكى قىسمىنى

ئۈچـۈقلاپ بـەردى، مۇھكـەم ئايەتلـەرنى يېشـىپ بـەردى، ئومۇمـىي ھۆكۈمـنى خاسلاشـتۇرۇپ بـەردى، مۇتلـەق ھۆكۈملـەرنـى قەيدلەشـتۇرۇپ بـەردى، بـىر قىسـىم ھۆكۈملـەرنـى مەنسـۇخ قىلـدى، ھەمـدە بـەزى مەسـىلىلەرگە مۇستەقىل ھالدا ھۆكۈم بايان قىلدى.

قۇرئـان كەرىمـدە، سـۈننەتنىڭ ئورنـى ۋە ئۇنـىڭ ئىـسلام قانۇنىنـى بەلگىلەشـتىكى رولىنـى ئېنىق ۋە كەسكـىن كۆرسـىتىپ بېرىدىغـان نۇرغۇن ئايەتلەر بايان قىلىندى.

بىرىنچـى ئايـەت: ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشتا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ﴾[1]. ئايەتتە جانابى ئاللاھ ئۆزى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانلار ئۆزلىرى دۈچ كەلگەن ھەر قانداق بىر مەسىلىدە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھاكىم قىلىشى ۋە ئۇ چىقارغان ھۆكۈمگە دىللىرىدا قىلچە غوم ساقلىماسلىقى كېرەكلىكىنى، ئەگەر غوم ساقلاپ قالسا ئۇلار ئىمان ئېيتقان بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىمام ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغان ھەر قانداق ئادەم پۈتۈن ئىشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاكىم قىلىپ، قىلغان ھۆكمىگە قەلبى بىلەن رازى بولۇشى، كۆڭلىدە قىلچە غوم ساقلىماسلىقى ۋە ئىش-ھەرىكىتى بىلەن تەسلىم بولۇپ، تالاش – تارتىش قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتە تولۇق رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ تەسلىم بولمىسا، ھەقىقىي مۆمىن بولالمايدۇ».

ئىككىنچى ئايەت: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت

[1] سۈرە نىسا، 65 – ئايەت.

**قىلىڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾**[1]

بۇ ئايەتتە جانابى ئاللاھ ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە «ئىتائەت» سۆزى تەكرارلانغان. بۇ قۇرئان كەرىمدىن قالسا سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ۋە قۇرئانغا مۇراجات قىلىش قانداق ۋاجىپ بولسا سۈننەتكە مۇراجات قىلىشنىڭ ئوخشاش ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى، مەيلى ئۇ مەسىلە قۇرئان كەرىمدە بۇيرۇلغان بولسۇن ياكى بۇيرۇلمىغان بولسۇن مۇتلەق ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

ئىمام شاتىبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتىكى «ئىتائەت» كەلىمىسىنىڭ تەكرارلىنىشى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ئەمرى قىلغان نەرسىگە بويسۇنۇش ۋە چەكلىگەن نەرسىدىن ساقلىنىش قانداق ۋاجىپ بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرى قىلغان نەرسىگە بويسۇنۇش، چەكلىگەن نەرسىدىن ساقلىنىش مۇتلەق ۋاجىبتۇر؛ بۇ ھۆكۈم مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات چېغىدا بولسۇن ياكى ۋاپات قىلغاندىن كېيىن بولسۇن، مەيلى قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلىنغان مەسىلە بولسۇن ياكى زىكىر قىلىنمىغان بولسۇن شەرئىي مەسىلىلەرنىڭ ئومۇمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» چۈنكى جانابى ئاللاھ بۇ ئايىتى كەرىمدە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش، توسقىنىدىن يېنىش مەسىلىسىدە مۇستەقىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، چۈنكى ئۇ زات بۇ دىننى ئىنسانلارغا يەتكۈزگۈچى ۋە ئۆگەتكۈچى مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ سۆزلىسە ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ، بىرەر شەرئىي قانۇن ئوتتۇرىغا قويسا ئۆز خىيالى بىلەن قانۇن بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن ماقۇللانغان سۆز ۋە قانۇن ـ پىرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ زاتنىڭ ئاللاھنىڭ مۇرادى ۋە ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا بىر سۆز سۆزلىشىنى ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى

[1] سۈرە نىسا، 59 – ئايەت.

بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زاتقا بويسۇنۇش مۇستەقىل ھالدا ۋاجىپ قىلىنغان. ئەمما ئۇ زاتتىن باشقا «ئۇلۇلئەمرى» يەنى ئىش بېشىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىش ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تابى بولغان ئاساستا ۋاجىپ قىلىنغان. يەنى ئەمىر بولغۇچى مادامىكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چەتنەپ كەتمىسە، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئەمىر بولغۇچى كىشىنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خىلاپ يول تۇتۇش ئېھتىماللىقىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشقا قاراشلىق قىلىنغان.

ئۈچىنچى ئايەت: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1]

بۇ ئايەتتە جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ بەندىلىرىنى ياخشى كۆرۈشىنى بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشىنىڭ مېۋىسى ۋە نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىنىڭ سەۋەبى پەيغەمبىرىگە ئەگىشىش بولغىنىدەك، بەندىلەرنىڭ ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ نامايەندىسىمۇ پەيغەمبەرگە ئەگىشىش ئىكەنلىكى بىلەن بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

تۆتىنچى ئايەت: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾ [2]

جانابى ئاللاھ بۇ ئايەتتە ئۆزىنىڭ ئەلچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىككى چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بىلەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 31 ئايەت.

[2] سۈرە نۇر، 63 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى – ئۇنىڭ يولى، ئۇنىڭ سۈننىتى ۋە ئۇنىڭ شەرىئىتىدۇر، ئاخىرەتتە ئىش – ئەمەللەر پەيغەمبەرنىڭ سۆزى ۋە ئىش – ئەمىلىگە كۆرە مىزانغا قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ سۆزى ۋە ئىشىغا ئۇيغۇن كەلگەن ئىش ئەمەللەر قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرى رەد قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك».

بەشىنچى ئايەت: ﴿**پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر**﴾[1]

ئايەتتە كۆرسىتىلگىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان پۈتۈن نەرسىنى ئېلىش، چەكلىگەن پۈتۈن نەرسىدىن يېنىش، مەيلى بۇ نەرسىلەر قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسۇن ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسۇن، ھەممىسىنى مۇتلەق قوبۇل قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆججەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە مۇراجىئەت قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە بەزىلەر «ھازىر ئۇ يوق تۇرسا، قانداق ئىتائەت قىلىمىز؟» دەپ سورىشى مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش دېگەنلىك:

- ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىش
- ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە (قەۋلى، ئەمەلى ۋە سۈكۈتى) ئەگىشىش
- ئۇنىڭ بەلگىلىگەن شەرئىي ھۆكۈملىرى بويىچە ئىش قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

[1] سۈرە ھەشر، 7 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

گەرچە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاش ۋاپات قىلدۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەرىئىتى ۋە سۈننەتلىرىنىڭ ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بىردىنبىر مەقبۇل ۋە كۈچكە ئىگە دىن ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى بولسا قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى سۈننەتنىڭ ساقلىنىشىنىڭ كاپالىتىگە دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ ھۆكمىگە مۇراجات قىلىش، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ئەمەل قىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش، ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە ئەمەل قىلىش، توسقىنىدىن يېنىش توغرىسىدا بەندىلەرگە بەرگەن تەلىماتى دەۋر قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ، زامان، ماكان ياكى مىللەت ئايرىمىسى يوق ھەر ۋاقىت كۈچكە ئىگە. توغرىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئىسلام قانۇنىدىن، ئىسلام قانۇنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

### قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ پەرقى

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەتكە تەۋە بارلىق ئىلىم ئەھلى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قانۇن مەنبەسى، شۇنداقلا بۇ ئىككى مەنبەدىن باشقا پۈتۈن دەلىللەرنىڭ بۇ ئىككى مەنبەگە تايىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاساسەن بىردەك قاراشقا ئىگە.

«قۇرئان كەرىم» ۋە «سۈننەت» بىر-بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان ۋە ھۆكۈم ئىسپاتلاشتا بىر -بىرىدىن ئايرىغىلى بولمايدىغان ئىككى ئاساسلىق مەنبەدۇر.

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە ئاللاھقا مەنسۇپ مۇقەددەس ـ ئۇلۇغ

كىتاب، ھەمدە بۇ دىنىنىڭ بىرىنچى ئاساسى ۋە ئۇل تېشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابى ئاللاھ ئۆنى ئۆزى بىۋاستە قوغدايدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «چوقۇمكى قۇرئان كەرىمنى بىز نازىل قىلدۇق ۋە ئۇنى ئۆزىمىز قوغدايمىز»[1].

گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئۇلۇغلۇق ۋە دەرىجە جەھەتتە نەقەدەر ئۈستۈن ۋە ئۇلۇغ بولسىمۇ لېكىن ئۇنى قۇرئان كەرىم بىلەن تەڭ مەرتىۋىدە قويغىلى بولمايدۇ. شۇ جەھەتتىن ئىلىم ئەھلى، پۇقەھالار قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ئارىسىنى مۇنۇ شەكىلدە پەرقلەندۈرگەن.

بىرىنچى: قۇرئان كەرىم تېكىست ۋە مەنە جەھەتتە ھەممىسى ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق نازىل قىلىنغان ۋەھيىدۇر. ئەمما ھەدىس ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ھەدىسلەرنىڭ بەزىسى تېكىست جەھەتتىن ئاللاھنىڭ سۆزى بولسىمۇ، باشقا ھەدىسلەر مەنە جەھەتتىن ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىدۇر.

ئىككىنچى: قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزى مۆجىزىدۇر. ئەمما ھەدىسنىڭ تېكىسى مۆجىزە ئەمەس، ھەتتا لەۋزى ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان ھەدىسى قۇدسىيلەرمۇ مۆجىزە ئەمەس. چۈنكى جانابى ئاللاھ ئىنسان ۋە جىنلارغا قورئان كەرىمنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەھەددى (يەنى دوئېل) تەلەپ قىلغاندەك[2] ھەدىسى قۇدسىي داخىل ھېچ قانداق بىر ھەدىسكە دوئىل تەلەپ قىلغان ئەمەس. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «جانابى ئاللاھ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى (ھېسسىي) مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرگەن ۋە بۇ مۆجىزىلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەۋمى ئۇلارغا ئىشەنگەن، ئەمما ماڭا

---

[1] سۈرە ھىجر، 9 – ئايەت.

[2] «قُلْ لَئِنْ اجْتَمَعَتْ الإِنسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوا بِمِثْلِ هَـذَا الْقُرْآنِ لاَ يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا» (ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يىغىلىپ بىر – بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەيدۇ) سۈرە ئىسرا، 88 – ئايەت.

بېرىلگەن مۆجىزە بولسا ماڭا ۋەھيي قىلىنغان (كىتاب يەنى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان قۇرئان كەرىمدۇر)، شۇڭلاشقا قىيامەت كۈنى ئۈممىتى ئەڭ كۆپ (پەيغەمبەر) مەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن»[1].

ئۈچىنچىسى: قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇش ئىبادەتتۇر. شۇڭا ئۇنى ئوقۇغان كىشى ھەر بىر ھەرپى ئۈچۈن ئون ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ئەمما سۈننەت، يەنى ھەدىسنىڭ لەۋزىنى ئوقۇش بىۋاستە ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلىق بولمايدۇ، لېكىن شەرئىي ئەھكام ۋە ئىبادەت يوللىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن كۆرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەدىستە كەلگەن بىر قىسىم زىكىر ۋە دۇئالارنى ئىبادەت كاتېگورىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

تۆتىنچى: قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسى مۇتەۋاتىر يول بىلەن نەقىل قىلىنغان، ئەمما ھەدىسنىڭ بەزىسى مۇتەۋاتىر يەنە بەزىسى ئاھاد خەۋەر بىلەن نەقىل قىلىنغان.

بەشىنچى: قۇرئان كەرىمنى ئىنتوناتسىيە[2] بويىچە، تەجۋىدكە سىلىپ، گۈزەل ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«ئاللاھ تائالا ھېچقانداق نەرسىنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن مۇڭلۇق ھالدا قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيدۇ»[3] [4]

ئالتىنچى: نامازدا قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى ئوقۇش، ياكى مەنىسىنى رىۋايەت قىلىش «ئىجما» (مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق تونۇشى)

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] «ئىنتوناتسىيە» (سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇق مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگۈچى تەلەپپۇز ئۇسلۇبى ياكى تاۋۇشنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ، ئېگىز-پەس بولۇپ تۈرۈشىدىن تەشكىل تاپقان رىتىملىق ، ئاھاڭلىق نۇتۇق تۈزۈلۈشى).

[3] هـذا الحديث رواه البخاري (٦٩٨٩) ومسلم (١٣١٩) واللفظ له عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ : (مَا أَذِنَ اللَّهُ لِشَيْءٍ مَا أَذِنَ لِنَبِيٍّ حَسَنِ الصَّوْتِ يَتَغَنَّى بِالْقُرْآنِ ، يَجْهَرُ بِهِ) .

[4] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بويىچە دۇرۇس ئەمەس. سۈننەت، يەنى ھەدىسكە كەلسەك، ھەدىسنىڭ مەقسەت قىلىنغان مۇرادىنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك ياكى بۇرمىلىماسلىق شەرتى بىلەن مەنىسىنى نەقىل قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ لەۋزىگە ئوخشاش ھەدىسنىڭ لەۋزىنىڭ ئۆزى مەقسەت قىلىنمايدۇ، بەلكى شۇ ھەدىس ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان چۈشەنچە ئاساس قىلىنىدۇ. لېكىن تەلەپپۇزى يەنى لەۋزى مەقسەت قىلىنغان بەزى دۇئا ۋە زىكىرلەر بار بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان زىكىرلەرنىڭ بىرىدە «وَنَبِيِّكَ الذي أَرْسَلْتَ» دېگەن جۈملىنىڭ ئورنىغا «وَرَسُولِكَ الذي أَرْسَلْتَ» دېگەن جۈملىنى ئالماشتۇرغان كىشىگە تۈزىتىش بېرىپ: «وَنَبِيِّكَ الذي أَرْسَلْتَ»[1] دېيىشىڭ كېرەك، دەپ تېكىسىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇشتا بولغان.

يەتتىنچى: رۇكۇ ۋە سەجدىدە قۇرئان ئوقۇشقا بولمايدۇ. لېكىن قۇرئاندا ۋە سۈننەتتە كەلگەن دۇئا ۋە تەسبىھلەرنى ئوقۇشقا بولىدۇ.

سەككىزىنچى: جۇنۇپ ھالەتتە قۇرئان ئوقۇشقا بولمايدۇ. لېكىن سۈننەتتە كەلگەن زىكىر ۋە دۇئالارنى ئوقۇش چەكلەنمەيدۇ.

## سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈچ بۆلۈمگە بۆلۈنگەن:

بىرىنچى بۆلۈم: قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈملەرگە تامامەن ماس ھالدا ئۇنى تەكىتلەيدىغان سۈننەتتۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مونۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ: «كىمكى ئاللاھنى بىر دەپ بىلسە، ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشنى ئىنكار قىلسا، ئۇنداق كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈش، مال ـ مۈلكىگە چېقىلىش ھارامدۇر. باشقا ئىشلىرىنىڭ ھېساۋى ئاللاھقىدۇر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى جانابى

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە ماس ھالدا ئۇنى كۈچلەندۈردى: ﴿كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]، يەنە شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «جانابى ئاللاھ مۇشرىكلىك ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىدىن باشقا، بارلىق گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇسى»، بۇ جانابى ئاللاھنىڭ مونۇ سۆزىنى كۈچلەندۈردى: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾[2]، ئوخشاشلا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم» دېگەن سۆزى جانابى ئاللاھنىڭ ﴿سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق﴾[3] دېگەن سۆزىنى كۈچلەندۈردى. ئۇنىڭ: «ئى ئىنسانلار! مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھەدىيەسى» دېگەن سۆزى جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[4] دېگەن سۆزىنى كۈچلەندۈردى. ئۇ زاتنىڭ: «چوقۇمكى سودا – سېتىق ئۆزئارا رازىلىق بىلەن بولىدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن يەنە: «بىر مۇسۇلماننىڭ مېلى پەقەت شۇ مۇسۇلماننىڭ كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن ھالال بولىدۇ» دېگەن سۆزى جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن

[1] ﴿فَمَن يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللَّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىٰ لَا انفِصَامَ لَهَا ۗ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ (بەقەرە سۈرىسى، 256 – ئايەت).

[2] ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَاءُ﴾ (نىسا سۈرىسى، 48 – ئايەت).

[3] ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِّلنَّاسِ﴾ (سەبەئ سۈرىسى، 28 – ئايەت).

[4] ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ﴾ (سۈرە ئەنبىيا، 107 – ئايەت).

يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1] دېگەن سۆزنى كۆچلەندۈردى.

مانا بۇ ھەدىسلەر مەزكۇر ئايەتلەرنىڭ مۇرادىغا تامامەن ماس ھالدا، ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۆكۈملەرنى كۈچلەندۈرۈپ كەلگەن.

ئىككىنچى بۆلۈم: سۈننەت قۇرئان كەرىمدىكى ئىخچام ئايەتلەرنى كېڭەيتىپ بايان قىلىدۇ، ئام ئايەتلەرنى خاسلاشتۇرىدۇ ۋە مۇتلەق ئايەتلەرنى قەيد قىلىدۇ:

مەسىلەن: قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿نامازنى ئادا قىلىڭلار...﴾[2] دېگەن بۇ ئىخچام ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىمنى كۆرگەندەك ناماز ئوقۇڭلار» دېگەن سۆزى ئارقىلىق تەپسىلىي ئېچىپ بەرگەن. يەنە قۇرئان كەرىمدىكى «ئىنسانلارغا ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلىش پەرز قىلىندى»[3] دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەج پائالىيەتلىرىنى مەندىن ئېلىڭلار» دېگەن سۆزى ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ئى مۆمىنلەر! ناماز (ئوقۇماقچى بولۇپ) تۇرغىنىڭلاردا، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى جەينىكىڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار، بېشىڭلارغا مەسىھ قىلىڭلار، پۇتۇڭلارنى ئوشۇقۇڭلار بىلەن قوشۇپ يۇيۇڭلار﴾[4] دېگەن ئام ئايەتنىڭ مەنىسى بىرگە قاچانكى ناماز ئوقۇشقا قوپساڭلار يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، قولۇڭلارنى يۇيۇڭلار،

[1] ﴿ يَـا أَيُّهَـا الَّذِيـنَ آمَنُـوا لَا تَأْكُلُـوا أَمْوَالَكُـم بَيْنَكُـم بِالْبَاطِـلِ إِلَّا أَن تَكُـونَ تِجَارَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْ﴾ (سۈرە نىسا، 29 – ئايەت).

[2] ﴿وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ﴾ (سۈرە بەقەرە، 43 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

[3] ﴿وَلِلَّهِ عَلَـى النَّـاسِ حِجُّ الْبَيْـتِ﴾ (سۈرە ئال ئىمران، 97 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

[4] ﴿يَـا أَيُّهَـا الَّذِيـنَ آمَنُـوا إِذَا قُمْتُـمْ إِلَـى الصَّـلَاةِ فَاغْسِـلُوا وُجُوهَكُـمْ وَأَيْدِيَكُـمْ إِلَـى الْمَرَافِـقِ وَامْسَـحُوا بِرُءُوسِكُـمْ وَأَرْجُلَكُـمْ إِلَـى الْكَعْبَيْـنِ﴾ (سۈرە مائىدە، 6 – ئايەت.

پۈتۈشلارنى يۈيۈشلار دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما بۇ ئام ئۇقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلى سۈننىتى بىلەن خاسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىگەن كىشى، بىر قېتىملىق تاھارەت بىلەن بىر قانچە نامازنى ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلىقى مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن. شۇنىڭدەك كېسەللىك ئەھۋالدا، سەپەردىكى ۋە سەپەرنىڭ سىرتىدىكى ئەھۋاللاردا ئۆتۈككە مەسىھ قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنە قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتتىكى بۇ ئومۇمي ئۇقۇمنى ئۆزىنىڭ: «ئادەم بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچ نەرسىدىن باشقا ئەمەلى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ» دېگەن سۆزى ئارقىلىق خاسلاشتۇرغان. شۇنىڭدەك يەنە قۇرئان كەرىمدىكى ﴿ئاللاھ بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) ھەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى تېگىدۇ،﴾[2] دېگەن ئايەتتىكى ئومۇمي ئۇقۇم پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «مۇسۇلمان كاپىرغا، كاپىر مۇسۇلمانغا مىراسخور بولالمايدۇ» يەنە «قاتىل مىراسخور بولالمايدۇ» دېگەن ھەدىسى بىلەن خاسلاشتۇرۇلغان.

ئۈچىنچى بۆلۈم: سۈننەت، قۇرئان كەرىمدە ھۆكمى ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرگە قارىتا مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش ۋە دىنىي ھۆكۈملەرنى چۈشىنىشتە قوشۇمچە يول كۆرسەتكۈچ ۋەزىپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۈننەتنىڭ بۇ تۈر رولى سۈننەتكە قارشى تائىپىلەرنىڭ كېكىردىكىگە سانجىلغان مىختۇر. چۈنكى سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ بەزىلىرى سۈننەتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلسا، بەزىلىرى مۇتەۋاتىر ۋە ئەمەلىي سۈننەتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ، بەزىلىرى قۇرئان كەرىمنى شەرھلەيدىغان سۈننەتنى قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن قۇرئاندا تېپىلمىغان ھۆكۈملەرنى بايان قىلىدىغان مۇستەقىل سۈننەتنى رەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى ئەڭ خەتەرلىك قاراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سۈننەتنىڭ

[1] ﴿وَأَن لَّيْسَ لِلْإِنسَانِ إِلَّا مَا سَعَىٰ﴾ (سۈرە نەجم، 39 – ئايەت).

[2] ﴿يُوصِيكُمُ اللَّهُ فِي أَوْلَادِكُمْ لِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الْأُنثَيَيْنِ﴾ (سۈرە نىسا، 11 – ئايەت).

بۇ تۈرى قۇرئان كەرىمدە تىپىلمايدىغان مەسىلىلەرگە ھۆكۈم ئىزھار قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئائىشە ئانىمىزدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: بىر ئايال ئۇنىڭدىن: «ھەيزدار ئايال ناماز ئوقۇمدۇ؟» دەپ سورىغان، ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭغا: «سەن ھەرۇرىيە[1] تائىپىسىدىنمۇ؟ بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتتا ئىكەن ھەيز كۆرەتتۇق، ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنى نامازنىڭ قازاسىنى ئادا قىلىشقا بۇيرىمايتتى»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئاياللار ئانا تەرەپ ھاممىسى بولسۇن ياكى دادا تەرەپ ھاممىسى بولسۇن ھېچبىرىنىڭ ئۈستىگە نىكاھلانمايدۇ» مانا بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار ھۆكۈم قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، بەلكى سۈننەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

[1] «ھەرۇرا» ئىراقنىڭ كۇفە ۋىلايىتىگە ئىككى مىل يېقىنلىقتىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ خىلاپىتىگە قارشى چىققان. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ھەرۇرىيە خاۋارىجلىرى دەپ ئاتىلىپ قالغان.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئۈچىنچى باب

## سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى ئورنى

سۈننەت ئىسلام پىرىنسىپلىرىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىكى، ياكى قىلغانلىقى ياكى باشقىلار قىلغان بولسا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىمەي تەستىق قىلغانلىقى ئېنىق بىلىنگەن ھەر قانداق بىر سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتكە ئىشىنىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋاجىبدۇر. چۈنكى سۈننەت ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئومۇمىي ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئورتاق تونۇشى بويىچە ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى ئىككىنچى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدەك پۈتكۈل ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن ھۆججەت ۋە مۇستەقىل قانۇن مەنبەسىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى بىرىنچى ئاساس، سۈننەتنىڭ ئىككىنچى ئاساس ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى: شەك-شۈبھىسىزكى «قۇرئان كەرىم» مۇتەۋاتىر شەكىلدە ئۈزۈلمەستىن كەلگەن قەتئىي دەلىلدۇر. ئەمما، ھەدىس ئىچىدە ئاھاد ھەدىسمۇ بولغانلىقتىن «زەننىي» دەلىل ھېسابلىنىدۇ. قەتئىي دەلىل زەننىي دەلىلنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، شۇڭا شەرىئەت دەلىللىرى ئىچىدە «قۇرئان كەرىم» ھەدىسنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئىككىنچى: ھەدىس قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى ۋە تەپسىرىدۇر. ئەلۋەتتە بايان ۋە تەپسىر ئەسلىگە قارىغاندا تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»

نىڭ مەزمۇنى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى: ھەدىستە «قۇرئان كەرىم»نىڭ شەرئىي دەلىل نۇقتىسىدىن ھەدىسنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەسەرلەر رىۋايەت قىلىنغان. شۇ جۈملىدىن ھارىس ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە يولغا سالغاندا: «(يەمەنگە بارغاندىن كېيىن) بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭ نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن؟» دېگەندە، «ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن» دېگەن؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تاپالمىساڭچۇ؟» دېگەندە، «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن» دېگەن؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قايتىلاپ: «ھەر ئىككىسىدە تاپالمىساڭچۇ؟» دېگەندە، «ئىجتىھادىم بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن، ھەرگىزمۇ بوشىشىپ قالمايمەن» دەپ، جاۋاب بەرگەن. بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئېچىلىپ: «پەيغەمبىرىنىڭ ئەلچىسىنى پەيغەمبىرىنى رازى قىلىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇن» دەپ، ئۆزىنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

شۇنىڭدەك ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەينى ۋاقىتتا شۇرەيھنى كۇفە شەھىرىگە قازى قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا مۇنداق تەۋسىيەدە بولۇپ خەت يوللىغان ئىكەن: «ئاللاھنىڭ كىتابىدا (ھۆكمى) بار بىر مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭ، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئىلتىپات قىلمىغىن، ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابىدا تاپالمىساڭ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ئەگەر بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىدە تاپالمىساڭ ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم (يەنى ئىجما) بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، ئەگەر بۇلارنىڭ ھېچ بىرىدە تاپالمىساڭ، خالىساڭ ئۆزۈڭ ئىجتىھات قىلغىن، خالىساڭ كېيىنگە قالدۇرغىن، كېيىنگە قالدۇرغىنىڭ ياخشى دەپ قارايمەن، ۋەسسەلام»[1].

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: ”ھەدىس «قۇرئان كەرىم» نىڭ شەرھىسى ۋە چۈشەندۈرۈلۈشىدۇر“.

---

[1] ئىمام بەيھەقى رىۋايىتى.

شۇڭا، فىقھىي مەزھەپ ئىماملىرى يازغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە ھەدىسكە زور مىقداردا ئورۇن بەرگەن، ھەمدە ھەدىسنى شەرئىي ئەھكام چىقىرىشنىڭ ئىككىنچى ئاساسى ۋە مەنبەسى دەپ قارىغان.

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دېگەن: "ھەدىسنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇشتىكى مۇستەقىللىقى ئىسلامنىڭ ئاساسىدۇر، بۇنى پەقەت ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغانلارلا ئىنكار قىلىدۇ".

ئىسلام فىقھىسىگە ئائىت كىتابنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم مەيلى قايسى مەزھەپنىڭ كىتابى بولسۇن، ئۇنىڭ ھەممىلا يېرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى، ھەرىكىتى، سۈكۈتىدىن تەركىب تاپقان ھەدىسلەرنىڭ نەقىل قىلىنىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چىقىرىشتىكى ئاساس قىلىنغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

بۇنىڭدىن شۇ ئېنىق مەلۇم بولىدۇكى، كىم سۈننەتنى ئىنكار قىلسا ياكى رەت قىلسا، ياكى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈپ، پەقەت قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلسا، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش دىندىن چىقىش، يەنى مۇرتەد بولۇش دېگەنلىكتۇر.

بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇلار بۇ خاتا ئەقىدىسى بىلەن ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يالغانغا چىقارغان بولىدۇ.

2. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ.

3. ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلىنىش توغرىسىدىكى ئىلاھىي كۆرسەتمىلەرنى رەت قىلغان بولىدۇ.

## ساھابە كىراملارنىڭ سۈننەتنى چىڭ تۇتىدىغانلىقىغا قارىتا ئاللاھنىڭ تەسدىقى

ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھىي نازىل بولۇشقا باشلىغان سائادەت دەۋرىدىن بېرى سۈننەتكە مۇستەھكەم ئېسىلاتتى.

جانابىي ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈننەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى تەستىقلاپ، ئۇلارنى پەيغەمبىرى ئىلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە ئەگىشىشقا، توسقانلىرىدىن يېنىشقا بۇيرۇيتتى، مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن چەكلەيتتى.

ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە مۇتلەق بويسۇناتتى. پۈتۈن سۈننىتىنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا تىرىشاتتى. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان ھەممە نەرسىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن. ساھابە كىراملار ئۆز زامانىسىدىن كېيىن كەلگەن پۈتۈن ئەھلى ئۆلىما ۋە پەقىھ - پۇقەھالارنىڭ ھەممىسىدىن ئەۋزەل ۋە ئارتۇق، ھەمدە قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا ھۆكۈم چىقىرىش، ھەتتا ئىجتىھات قىلىشقا ئىلمىي كۈچى يېتىدىغان تۇرۇغلۇق سۈننەتنى ھۆججەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرى بىرەر مەسىلىگە دوچ كەلگەن ھامان، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجات قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقلۇقىدا بىرەر مەسىلىدە ئىجتىھات قىلغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە ئۇ زاتقا قايتا مۇراجات قىلاتتى. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىجتىھادىنى توغرا تاپمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دەرھال قىلغان ئىجتىھادىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە قايتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارنى سۈننەتكە ئەگىشىشقا ئۈندەيتتى. مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى. ساھابە كىراملارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىشقا، ئەسلا خىلاپلىق قىلماسلىققا جان - دىلى بىلەن تىرىشاتتى ۋە سۈننەتنى ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن پۈتۈن مەسىلىلەردە ھۆججەت قىلاتتى. ساھابە كىراملارنىڭ سۈننەتكە بولغان بۇ مۇئامىلىسىنى جانابىي ئاللاھ ئېتىراپ قىلغان. چۈنكى ئەگەر بۇ ئىش جانابىي ئاللاھنىڭ مۇرادىغا خىلاپ بولغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاگاھلاندۇرۇپ، دەرھال ۋەھيي نازىل قىلغان بولاتتى. لېكىن بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ئۇ زاتقا ئەگىشىش ۋە ئۇزاتنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش توغرىسىدا

ئايەت نازىل قىلغان. ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان زاماندا ساھابە كىراملارنىڭ سۈننەتكە بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ۋەھيى نازىل قىلمىغانلىقى جانابى ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ توغرا قىلىۋاتقانلىقىنى تەستىقلىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئاللاھنىڭ تەستىقى دېمەك، سۈننەتنىڭ شەرىئەتنىڭ قانۇنلىرىنى بەلگىلەشتە ھۆججەت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشنىڭ ۋاجىبلىقىغا دالالەت قىلىدۇ

قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەتلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئايەتلەرنىڭ بەزىسى بىر - بىرىگە ماس ۋە بىر - بىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئايەتلەردۇر. بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئەگىشىش، شۇنىڭدەك ئۇ زاتنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش تەكىتلىنىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿**ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ**﴾[1] ﴿**(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشتا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ**﴾[2].

[1] ﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللّٰهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَنْ يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلالًا مُبِينًا﴾ (سۈرە ئەھزاب، 36 – ئايەت).

[2] ﴿فَلا وَرَبِّكَ لا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمّ لا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِمّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ (سۈرە نىسا، 65 – ئايەت).

بۇ ئاخىرقى ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە ھەزرىتى ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ۋەقەلىكتە مۇنداق دېيىلگەن: ھەزرىتى زۇبەير بىلەن ئەنسارىلاردىن بىر كىشى سۇ تالىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى زۇبەيرگە ئۆز يېرىنى سۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قوشنىسىغا سۇنى قويۇپ بېرىشنى بۇيرۇغان. بىراق، ھېلىقى ئەنسارىلاردىن بولغان كىشى بۇ ھۆكۈمگە نارازىلىق بىلدۈرگەندە، مەزكۇر ئايەت نازىل بولغان.

بۇ ۋەقەدىن مۇنداق ئىككى مۇھىم نۇقتا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:

1. گەرچە سۇ تەقسىماتى ھەققىدە قۇرئاندا بىۋاسىتە ئايەت بولمىسىمۇ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ ئايەت نازىل قىلغان.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە ھەقىقىي بويسۇنۇش ئۇچۇن ئىككى شەرت تەلەپ قىلىنىدۇ:

- كۆڭلىدىن رازى بولۇش

- ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن بويسۇنۇش

بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇ: تاشقى كۆرۈنۈشتىكى بويسۇنۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، قەلبتە نارازىلىق ساقلاش ھەقىقىي ئىماننىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھەقىقىي ئىمان پەقەت قەلبى ۋە ئەمەلىي بويسۇنۇش بىرلەشكەندىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مەزكۇر ۋەقەلىك توغرىسىدا ئىمام شاپىئى مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا چىقارغان ھۆكمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بىرەر ئايەت نازىل بولمىغان، ئەكسىچە ئۇ ھۆكۈمگە رازى بولۇش توغرۇلۇق ئايەت نازىل قىلىنغان. دېمەككى بۇ ئايەت بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ».

يەنە بىر ئايەتتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر

ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1]، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە سەندىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان كىتابلارغا (يەنى تەۋراتقا ۋە ئىنجىلغا) ئىمان كەلتۈردۇق دەۋالغان كىشىلەر (يەنى مۇناپىقلار) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇلار ئەرزىنى شەيتاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ھالبۇكى، ئۇلار شەيتاننى ئىنكار قىلىشقا بۇيرۇلغان، شەيتان ئۇلارنى چوڭقۇر ئازدۇرۇشنى خالايدۇ، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) غا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتاب تەرەپكە ۋە پەيغەمبەر تەرەپكە كېلىڭلار» دېيىلسە، مۇناپىقلارنىڭ سەندىن قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى كۆرىسەن»﴾[2] ئايەتتە قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن مۇناپىقلارنىڭ قاتتىق يۈز ئۆرۈگەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ مۇتلەق ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە دائىر ئايەتلەر....

قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ مۇتلەق ۋاجىپ ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئالدىغان بولساق، جانابى ئاللاھ ئال ئىمران سۈرىسى، 132 – ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار﴾، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار». ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ كاپىرلارنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنى) دوست

---

[1] ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيِ اللَّهِ وَرَسُولِهِ ۖ وَاتَّقُوا اللَّهَ ۚ إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ (سۈرە ھۇجىرات، 1 – ئايەت).

[2] ﴿أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ يَزْعُمُونَ أَنَّهُمْ آمَنُوا بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ يُرِيدُونَ أَن يَتَحَاكَمُوا إِلَى الطَّاغُوتِ وَقَدْ أُمِرُوا أَن يَكْفُرُوا بِهِ وَيُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُضِلَّهُمْ ضَلَالًا بَعِيدًا * وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا إِلَىٰ مَا أَنزَلَ اللَّهُ وَإِلَى الرَّسُولِ رَأَيْتَ الْمُنَافِقِينَ يَصُدُّونَ عَنكَ صُدُودًا﴾ (سۈرە نىسا، 60،61 – ئايەت).

تۇتمايدۇ﴾[1] دېگەن بولسا، يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق كەلگەن: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار﴾[2]، يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ)﴾[3] يەنە بىر ئايەتتە ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق﴾[4]، يەنە بىر ئايەتتە: پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[5]، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[6]. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايەتتە: ﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! ﴾[7] يەنە بىر ئايەتتە بولسا: ﴿ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر (ئىتائەت قىلىشتىن)

---

[1] ئال ئىمران، 32 – ئايەت.

[2] سۈرە ئەنپال، 20 – ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 64 – ئايەت.

[4] ﴿ مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظٗا﴾ (سۈرە نىسا، 80 – ئايەت).

[5] سۈرە ھەشر، 7 – ئايەت.

[6] سۈرە نۇر، 24 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[7] سۈرە نىسا، 115 – ئايەت.

باش تارتساڭلار، بىلىڭلاركى، رەسۇلىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى پەقەت ئوچۇق تەبلىغ قىلىشتۇر﴾[1]، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار﴾[2].

مەيمۇن ئىبنى مىھران جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾[3]، دېگەن بۇ ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھقا قايتىش» دېگەنلىك ئاللاھنىڭ كىتابىغا قايتىش دېگەنلىكتۇر. «پەيغەمبەرگە قايتىش» دېگەنلىك بولسا، پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە، ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ سۈننىتىگە قايتىش دېگەنلىكتۇر.

﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار...﴾ دېگەن ئايەتتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش مۇتلەق ۋە مۇستەقىل ئىتائەتتۇر. «ئۇلۇل ئەمرى»گە (يەنى ئىش ئۈستىدىكىلەرگە) ئىتائەت قىلىش بولسا شەرتلىك ئىتائەتتۇر. چۈنكى گۇناھ-مەسىيەتكە بۇيرۇغان ئەمىر ياكى پادىشاھقا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ دەپ قارالمايدۇ. بۇ ھەقتە نەۋۋاس ئىبنى سەمئان ئەنسارىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياراتقۇچىغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق».[4]

---

[1] سۈرە مائىدە، 92 – ئايەت.

[2] سۈرە مۇھەممەد، 33 – ئايەت.

[3] سۈرە نىسا، 59 – ئايەت.

[4] «لا طاعةَ لمخلوقٍ في معصيةِ الخالقِ»

مانا بۇ ھەدىس ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ كېلىدىغان ئىشلاردا باشقا ھېچكىمگە بويسۇنۇشقا بولمايدىغانلىقتىن ئىبارەت ناھايىتى مۇھىم بىر پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر ھەدىسلەر....

«سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى يەنە سۈننەتنىڭ ئۆزى دەلىللەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىرباز ئىبنى سارىيەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇرۇپ مۇنداق دېدى: سىلەردىن بىرىڭلار ئۆز ساپاسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: "ئاللاھ پەقەت قۇرئاندىكى نەرسىلەرنىلا ھارام قىلغان!" دەپ ئويلاپ قالامدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن قۇرئاندا بايان قىلىنغاندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى بۇيرۇدۇم، تەۋسىيە قىلدىم ۋە چەكلىدىم..» [1]

بۇ ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى قۇرئان كەرىمدىكىگە ئوخشاش مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن.

مانا بۇ سۈننەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ۋە ئۇنى ئەيىبلەيدىغانلارغا بېرىلگەن جاۋابدۇر.

مەزكۇر ھەدىستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەنە بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ، ئىلىم يولىدا ئىزدەنمەي، جاپا – مۇشەققەت تارتماي ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سۈننەتكە ھۇجۇم قىلىشتەك ناباب قىلمىشى بىلەن، ئالدىنقىلاردىن بولغان ھەدىس ئالىملىرىنىڭ سۈننەتكە خىزمەت قىلىش يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن بارلىقىنى قۇربان قىلغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

---

[1] «فعن العرباض بن سارية رضي الله عنه قال: (قام فينا رسول الله صلى الله عليه وسلم، فقال: أيحسب أحدكم متكئًا على أريكته قد يظن أن الله تعالى لم يحرم شيئًا إلا ما في القرآن، ألا وإني والله قد أمرت، ووعظت، ونهيت عن أشياء إنها لمثل القرآن أو أكثر» (ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.)

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، ماڭا ئاسىيلىق قىلسا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»[1]

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق سۆزىدە: «جەننەتكە كىرىشكە ئۇنىمىغانلاردىن باشقا ھەممە ئۇممىتىم جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن، ئەتراپىدىكى ساھابى كىراملار ھەيرانلىق ئىچىدە... جەننەتكە كىرىشكە كىم ئۇنىمايدۇ! ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟ ـ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، ماڭا ئىتائەت قىلمىغانلار جەننەتكە كىرىشكە ئۇنىمىغانلاردۇر» دەپ – جاۋاب بەرگەن»[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇمەردىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ھەممە ئىشنىڭ (مەيلى بۇ ئىش ئەمەل ـ ئىبادەتتە بولسۇن ياكى دۇنيا ئىشلىرىدا بولسۇن) باشلانغۇچى ھاياجانلىنىش، قىزىقىش، ئىنتىلىش ۋە ئاكتىپچانلىق بىلەن باشلىنىدۇ ۋە بۇ خىل قىزىقىشنىڭ بىر زامانى يەنى نورماللىشىپ پەسكويغا چۈشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، مانا بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ سۈننىتىمنى ئۆزىگە لازىم تۇتقان كىشى توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا (توغرا يولدىن ئېزىپ) ھالاك بولۇپ كېتىدۇ»[3]

ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چوقۇمكى مەن سىلەرگە ئۆزەڭلىگە

[1] «من أطاعني فقد أطاع الله، ومن عصاني فقد عصى الله» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.)

[2] عن أبي هريرة  عن النبي ﷺ أنه قال: «كل أمتي يدخلون الجنة إلا من أبى قيل: يا رسول الله ومن يأبى؟! قال: من أطاعني دخل الجنة ومن عصاني فقد أبى» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

[3] «لكل عمل شرة، ولكل شرة فترة، فمن كانت فترته إلى سنتي فقد اهتدى، ومن كانت فترته إلى غير ذلك فقد هلك» (ئىبنى ھەببان رىۋايىتى).

لازىم تۇتساڭلا ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيدىغان ئىككى نەرسىنى قالدۇردۇم، بىرى ئاللاھنىڭ كىتابى، يەنە بىرى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى»[1]

شۇنىڭدەك، ئىرباز ئىبنى سارىيەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە پاراسەتلىك ۋە توغرا يول يېتەكچىسى خەلىپىلەرنىڭ يولىنى لازىم تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئېزىق چىشىڭلار بىلەن چىشلەپ بولسىمۇ ئېسىلىڭلار، بىدئەت ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار»[2]

مۇغىرە ئىبنى شۇبىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا يالغان ئېيتىش باشقىلارغا يالغان ئېيتقانغا ئوخشىمايدۇ، كىمكى ماڭا قەستەن بىر يالغاننى توقۇسا، ئورنىنى جەھەننەمدىن تەييارلاپ قويسۇن»[3]

## ساھابە كىرام ۋە سەلەپ سالىھلارنىڭ سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرى

### 1 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ سۈننەتكە ئەمەل قىلىش توغرىسىدىكى سۆزى

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆز رەيى بويىچە ئىش كۆرىدىغانلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار! چۈنكى ئۇلار سۈننەتنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر. ئۇلار ھەدىس يادىلاشنى ئاجىزلىق ھېس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئېسىدە ھەدىس تۇرمايدۇ. ئۇلار بىرەر سوئالغا دۈچ كەلگەندە: «بىلمەيمىز» دېيىشتىن نومۇس قىلىپ، ئۆز رەيى بويىچە سۈننەت بىلەن قارشىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق كىشىلەرگە يېقىن يولۇماڭلار ۋە ئۇلارنىمۇ ئۆزۈڭلارغا يېقىن يولاتماڭلار»، ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «يېقىندا شۇنداق ئىنسانلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكى مۇتەشابىھ ئايەتلەر ئارقىلىق سىلەر بىلەن جىدەللىشىدۇ،

---

[1] «تركتُ فيكم أَمْرَيْنِ لن تَضِلُّوا ما تَمَسَّكْتُمْ بهما : كتابَ اللهِ وسُنَّةَ نبيِّهِ صلَّى اللهُ عليهِ وسلَّمَ» (مالىك ئىبنى ئەنەس رىۋايىتى)

[2] .ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

بۇ ۋاقىتتا سىلەر سۈننەتنى ئۆزۈڭلارغا لازىم تۇتۇڭلار. چۈنكى ئاللاھنىڭ كىتابىنى ياخشى بىلىدىغانلار سۈننەتنى لازىم تۇتقانلاردۇر».

جانابىي ئاللاھ پەيغەمبەرگە قەستەن يالغان توقۇغانلارنىڭ جازاسىنى ئېغىرلاشتۇردى، بۇنداق بولۇشتا رەسۇلۇللاھقا يالغاننى توقۇش، ئەمەلىيەتتە شەرئىي ھۆكۈملەرنى ئۆزگەرتىش، ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىشتەك ئاقىبەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى مەن دېمىگەن بىر سۆزنى مېنى دېگەن دېسە، ئۇنداق كىشى دوزاختىن ئۆزىگە بىر كىشىلىك ئورۇن ھازىرلىسۇن»[1]. مۇغىرە ئىبنى شۇبىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ھەدىسنىڭ يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ رىۋايەت قىلسا، ئۇنداق كىشى ئىككى يالغانچىنىڭ بىرىدۇر، (يەنى: بىرىنچىسى ھەدىسنى توقۇغىنى بولسا، ئىككىنچىسى يالغان ھەدىسنى رىۋايەت قىلغىنىدۇر.)»[2]. شۇنىڭدەك ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زامان ئاخىرىدا سىلەر ئەمەس ھەتتا ئاتا-بوۋاڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان (سۆزلەرنى) ھەدىس دەپ سۆزلەيدىغان دەججال (سۈپەت) يالغانچىلار پەيدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ پىتنىسىگە چۈشۈپ، ھەقتىن يىراقلىشىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىمۇ ئۆزۈڭلارغا يېقىنلاشتۇرماڭلار»[3].

**2- ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر سۆزلىرى...**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئايال كېلىپ: «سىز يۈز كۆزىدىكى موي – تۈكلەرنى يۇلدۇرغۇچى ئاياللارغا، بەدىنىگە يىڭنە بىلەن گۈل چەككۈچىلەرگە .... ئاللاھ لەنەت قىلسۇن دەپسىز!.. بۇ قانداق گەپ؟» دەپ كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئۇ ئايالغا: «توغرا، دېدىم»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئاندىن بۇ

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئايال: «سىز بۇنى قۇرئانغا نىسبەت بېرەمسىز؟» دېگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد «ھە شۇنداق» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئايال : «مەن قۇرئان كەرىمنى باشتىن ئاخىرى ئوقۇپ چىقتىم، قۇرئان كەرىمدە بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بىرەر ئايەت كۆرمىدىم» دېگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئۇ ئايالغا جاۋاب بېرىپ: «سىز قۇرئام كەرىمدە: ﴿پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇمىدىڭىزمۇ؟» دېگىنىدە، ئۇ ئايال: «ھەئە ئوقۇدۇم» دېگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئۇنداق بولسا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ يۈز كۆزىدىكى موي ـ تۈكلەرنى يۇلدۇرغۇچى ..... ئاياللارغا لەنەت قىلسۇن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

### 3 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر سۆزلىرى...

سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن[3] رىۋايەت قىلىنغان بىر ۋەقەلىكتە، ئۇ زات بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنى سۆزلەۋاتقاندا، بىر كىشى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «بۇ ئاللاھنىڭ كىتابىغا خىلاپ بىر ئىش ئىكەن!» دېگەندە، سەئىد ئىبنى جۇبەير ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۆزۈمنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا زىت ھەدىس سۆزلىدىم دەپ قارىمايمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ كىتابىنى سىزدىن ياخشى بىلەتتى». ئەسلىدە سۈننەتكە قارشى چىققان، ياكى پەقەتلا قۇرئان كەرىمگە ئەگىشىمەن دەيدىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئورتاق تەقدىرى نادانلىقتا چۆكۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىز ئەھلى ئىلىم،

[1] ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا ۚ وَاتَّقُوا اللَّهَ ۖ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾(سۈرە ھەشىر، 7 – ئايەت.)

[2] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] سەئىد بىن جۇبەير ئەل ـ ئەسەدى (ھىجرىيە 46 ـ 95 ـ يىللار) تابىئىنلاردىن بولۇپ، ئىراقلىق دىنى ئالىمدۇر. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئەبدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئەبدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز قاتارلىق بۈيۈك ساھابە كىراملاردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ كېيىن كوفەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۇ يەردە ئۇستازلىق قىلغان.

ھەتتا مۇجتەھىد فەقىھ-فۇقەھالىرىمىز سۈننەتتىن بىلگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىگە ۋە بىلىمىگە تايىنىپ، ناماز ۋە ئۇنىڭ رۇكنىلىرىغا، ھەج ۋە ئۇنىڭ ئەركانلىرىغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئەمەل-ئىبادەتنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيتتۇقمۇ؟ ئەلۋەتتە ياق. چۈنكى ھەممىمىز بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى سۈننەت ئارقىلىق بىلدۇق ۋە باشقىلارغا يەتكۈزدۇق. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاللاھ بىزنى بىر بىلەلمەيدىغان نەرسىلەرگە تەكلىپ قىلغان بولىدۇ؟ بۇنداق بولۇشى ئىمكانسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بىز بەندىلەرگە قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ، ئۇنى پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىش ئارقىلىق ئەمەل قىلىشقا تەكلىپ قىلغان.

**4 - ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىگە دائىر سۆزلىرى....**

خەلىل ئىبنى ئەبى پەزلى دىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ۋەقەلىكتە، ئىمران ئىبنى ھۇسەين ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە شاپەئەت ھەققىدە سۆز قىلغان. بۇنىڭغا قارىتا جامائەتتىن بىر ئادەم: «ئى نەجىدنىڭ ئاتىسى! سىلەر بىزگە قۇرئان كەرىمدە ئەسلى بولمىغان ھەدىسلەرنى سۆزلەيدىكەنلا! دېگەندە. ئىمران ئۇ ئادەمگە قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «سەن قۇرئان ئوقۇغانمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: «ئوقۇغان» دېگەندە، ئۇنداقتا سەن قۇرئان كەرىمدە خۇپتەن نامىزىنىڭ تۆت رەكەت، ناماز شامنىڭ ئۈچ ركئەت، بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت، پېشىن ۋە ئەسىر نامىزىنىڭ تۆت رەكئەتتىن ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى كۆرگەنمۇ؟ دېگەندە، ئۇ ئادەم: ياق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنداقتا سىلەر بۇ مەلۇماتلارنى كىمدىن ئالدىڭلار، بۇلارنى سىلەر بىزدىن، بىز بولساق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالمىدۇقمۇ؟ شۇنىڭدەك ھەر قىرىق قويغا بىر قوي، مانچىلىك تۈگىگە مانچە تۈگە، مانچىلىك دەرھەمگە مانچىلىك دەرھەم زاكات كېلىدۇ، دېگەن مەسىلىلەرنى سىلەر قۇرئان كەرىمدە ئېنىق تاپالامسىلەر؟ دېگەندە، ئۇ كىشى ياق، دەپ-جاۋاب بەرگەندە، بۇلارنى سىلەر بىزدىن، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالمىغانمۇ؟ شۇنىڭدەك جانابى ئاللاھ قۇرئان

كەرىمدە: «قەدىمىي ئۆي» (يەنى بەيتۇللاھنى) تاۋاپ قىلسۇن»[1] دېگەن ئايەتتىن تاۋاپنىڭ يەتتە قېتىم ئىكەنلىكىنى تاپالامسىلەر؟ ..... مانا مۇشۇنىڭدەك بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئالغان[2].

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بىر كۈنى ئۇلار ئۆزئارا ھەدىس مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، بىر كىشى: «بۇنى قويۇپ، بىزگە ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر نەرسە كەلتۈرسەڭلار بولمامدۇ؟» دېگەن؛ بۇنى ئاڭلىغان ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، ئۇ ئادەمگە: «سەن ھەقىقەتەن بىر ئەخمەق ئادەمكەنسەن! ئاللاھنىڭ كىتابىدا نامازنىڭ تەپسىلاتىنى تاپالامسەن؟ رۇزىنىڭ تەپسىلىي ئەھكامىنى تاپالامسەن، توغرا، قۇرئان كەرىم بۇلارنى بەلگىلەپ كۆرسەتتى، ئەمما سۈننەت ئۇنى تەپسىلىي ئېچىپ بايان قىلىپ بەردى» دەپ، كايىغان»[3]

### 5 ـ ئىبنى ھەزمنىڭ سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا بەرگەن جاۋابى

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، جانابى ئاللاھ بىزنى ئۆز كىتابىدا ئىخچام ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرگە مۇكەللەپ قىلمىغان. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلمى ئەزەلىيسىدە ئىنسانلارنىڭ قىسقا ئەقلى بىلەن ئۇ تەكلىپلەرنىڭ مۇرادىنى ئىدراك قىلىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بىزنى ئۆزىمىزگە تاشلاپ قويماي، ئۇ تەكلىپلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، بايان قىلىپ بەرگۈچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتكەن. بۇ توغرىدا ئىبنى ھەزىم مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمنىڭ قايسى بىر ئايىتىدە پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكەت، ناماز شامنىڭ ئۈچ رەكەت ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك رۇكۇ، سەجدە ۋە قىرائەت قاتارلىق ئەركانلارنىڭ سۈپەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغانمۇ؟ ھەمدە، روزا تۇتۇشتا نېمىلەردىن ساقلىنىش كېرەكلىكى، ئالتۇن، كۈمۈش، قوي،

---

[1] سۈرە ھەج، 29 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «شېيخ مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل مۇقەددەمنىڭ دەرسلىرى» دېگەن كىتابقا قاراڭ

[3]

كالا ۋە تۆگە قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ زاكاتىغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي مەلۇماتلىرى، ھەجنىڭ تەپسىلىي ئەركانلىرى، شۇنىڭدەك ئوغرىنىڭ قولىنى قانداق ۋە قەيەردىن كېسىلىشى قاتارلىق دىنىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ قائىدە ۋە ئەھكاملىرى قۇرئان كەرىمدە ئىخچام ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان. ئەگەر بىز مەزكۇر مەسىلىلەرگە ئىخچام شەكىلدە ئەمەل قىلىمىز دېسەك، قانداق قىلىش ۋە نەدىن باشلاش قاتارلىق جەھەتلەردە گاڭگىراپ قالغان بولاتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ...».

خالىد ئىبنى ئەسەدتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ئەسەردە ئۇ زات بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن مۇنداق سورىغان ئىكەن: ئى ئابدۇراھماننىڭ دادىسى! بىز خەۋپلىك ۋە نورمال ھالەتتىكى نامازنى قۇرئان كەرىمدە تاپالايمىز، ئەمما سەپەرنامىزىنى تاپالمايمىز» دېگەندە، ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، بىز ھېچ نېمىنى بىلمەيتتۇق، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى كۆرسەك شۇنىڭ ئۆزىنى قىلاتتۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.[1]

### 6 ـ ئەييۇب سەختىيانىنىڭ سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر سۆزلىرى

ئەييۇب سەختىيانىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ئەسەردە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «سەن بىر كىشىگە ھەدىس سۆزلىسەڭ، ئۇ كىشى ساڭا بىزگە قۇرئاندىن گەپ قىلماسەن دېسە، ئۇنداق كىشىنىڭ ئازغۇن كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويغىن! يەنى سۈننەتنى سۆزلىگەن بىر كىشىگە ماڭا قۇرئاندىن باشقىسىنى سۆزلىمىگىن، دېگەن كىشىگە شەيتان ئوق تەرىپىدىن يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا خاتا ئىشنى توغرا كۆرسەتكەن بولىدۇ. مانا بۇ، ئۇنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى ئازغۇنلۇقتىن ساقلايدىغان نەرسە قۇرئان بىلەن سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە

[1] ئىمام نەسائى رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسە قويۇپ كەتتىم، مەندىن كېيىن شۇ ئىككى نەرسىگە ئېسىلساڭلار مەڭگۈ ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر». مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەتلا ئاللاھنىڭ كىتابى دېمەي سۈننەتنىمۇ بىرگە قوشۇپ كەلتۈرگەن».

ئەييۇب سەختىيانىيدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ئەسەردە بىر كىشى مۇتەررىپ ئىبنى ئابدۇللاھقا: «بىزگە پەقەت قۇرئان كەرىمدىكى نەرسىلەردىن سۆزلەپ بەرگىن» دېگەندە، مۇتەررىپ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىكەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىزمۇ قۇرئان كەرىمدىن باشقا بىر نەرسە خالىمايمىز، لېكىن بىزگە قۇرئان كەرىمنى بىزدىنمۇ ياخشى بىلىدىغان كىشى يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېرەك».

# تۆتىنچى باب

## ئىسلام ئاساسى قانۇنىنىڭ مەنبەسى

ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەتكە[1] تەۋە ئەھلى-ئىلىم ۋە فەقىھ-فۇقەھالارنىڭ بىردەك قارىشىدا ئىسلام ئاساسى قانۇنىنىڭ مەنبەسى تۆتتۇر.

بىرىنچى مەنبە: «قۇرئان كەرىم» دۇر. قۇرئان كەرىم-ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ كالامى ئەزەلىيىسىدۇر. ئۇ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] "ئەھلى سۈننە" قۇرئان-سۈننەت ئەھلى. "ئەھلى سۈننە" دېگەن ئاتالغۇ «ئەھلى سۈننە ۋەل-جامائەت» دېگەن تولۇق ئاتالغۇنىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.

بۇ يەردىكى «سۈننەت» دېگەن سۆزدىن مەقسەت، دىننى يەتكۈزۈش ۋە بايان قىلىش ۋەزىپىسى بېرىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنىڭ ئاساسي مەسىلىلىرىنى چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىدۇر.

«جامائەت» ئۇقۇمى ھەر دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى (سەۋادۇل-ئەزەم) ۋە مۇجتەھىد ئالىملار قاتارلىق ئوخشىمىغان شەكىللەردە چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، ۋەھيىنىڭ تۇنجى مۇخاتاپلىرى بولۇپ، ئېتىقاد، ئىبادەت، ھوقۇق ۋە ئەخلاق جەھەتلەردىن ئىسلامنى پۈتۈن ھالىتىدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزگەن ساھابە جامائىتى دېگەن مەنىدىكى كۆز قاراش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان.

شۇڭا، ئەھلى سۈننەتنى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملارنىڭ دىنىنىڭ ئاساسي مەسىلىلىرىدە تۇتقان يولىنى قوبۇل قىلغۇچىلار» دەپ تەرىپلەش مۇمكىن. بۇ تەرىپتە تىلغا ئېلىنغان «دىننىڭ ئاساسي مەسىلىلىرى» دېگەندىن مەقسەت، ئىسلامغا تەۋە ئىكەنلىكى قەتئىي بىلىنگەن ۋە «ئۇسۇلۇددىن» دەپمۇ ئاتالغان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (ئىسلام ئانسكىپولېدىيىسىگە قاراڭ)

ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان. ئۇنىڭ پاتىھە سۈرىسىدىن ناس سۈرىسىگىچە بولغان پۈتۈن ئايەتلىرىنىڭ توپلىمى «مۇسھەف» ياكى «قۇرئان» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىم ئەڭ ساغلام ۋە مۇتەۋاتىر يول بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ تىلاۋىتى ئىبادەت، تەقۋادارلارغا ھىدايەتتۇر.

قۇرئان كەرىم، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان كىتاب ۋە سەھىپىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە جەۋھىرىدۇر ھەمدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزىسىدۇر. شۇنىڭدەك پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق دەستۇرى ۋە ئىسلام ئاساسى قانۇنىنىڭ بىرىنچى مەنبەسىدۇر.

قۇرئان كەرىم مۇئمىنلارنىڭ ئورتاق شەرىئەت، دۇئا، ھېكمەت، ئىبادەت، جىھاد، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش، زىكىر، پىكىر كىتابى بولغىنىدەك، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بەخت ـ سائادىتى ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ كاپالەتلىك نىزامنامەسىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ، كىتاب، فۇرقان، زىكىر، نۇر، روھ، مەۋئىزە (ئۈگۈت ۋە نەسىھەت) شىپا، ھودا (توغرا يول كۆرسەتكەن) بايان، كالام دېگەندەك ئىسىملىرى قۇرئان كەرىمدە ـ پەرقلىق سۈرىلەردە ـ زىكىر قىلىنغان. بۇ ئىسىملەرنىڭ ھەر بىرى قۇرئان كەرىمنىڭ بىر تەرىپىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ھەر تەرەپكە پەرقلىق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ كۆركەم بىر كىرىستالغا ئوخشايدۇ.

قۇرئان كەرىم 610–يىلى جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولۇشقا باشلىغان. قۇرئان كەرىمنىڭ نازىل بولۇشى، جەمئىي 23 يىل داۋاملاشقان. قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى سۈرىسى فاتىھە ۋە ئەڭ ئاخىرقى سۈرىسى ناس بولۇپ، توپلىمى «قۇرئان» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگىچە بۆلۈنۈشى بار. بۇ بۆلەكلەر 30 پارە، 114 سۈرە، 6236 ئايەتتىن ئىبارەتتۇر.

ئىككىنچى مەنبە: «سۈننەت» تۇر. سۈننەت-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ مۇتەۋاتىر ياكى ئاھاد سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە تەستىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەقىدە، شەرئىي ئەھكام ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە، قىسقىسى: ئىنسانلار ئارىسىدا كۆرۈلگەن بارلىق مەسىلىلەرگە شەرئىي ھۆكۈم بايان قىلىپ بېرىدىغان، قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى قانۇنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىدۇر.

سۈننەت دەرىجە ئېتىبارى بىلەن ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچىسى: قەۋلىي سۈننەتتۇر. (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدۇر) قەۋلىي سۈننەت–سۈننەتنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە ھۆججەت سۈپىتىدە ئىشلىتىلىشى ئەڭ كۈچلۈكتۇر. ئېنىقلىقى، سابىتلىقى ۋە ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىن «قەۋلى سۈننەت» ئەڭ كۈچلۈك سۈننەت دەپ قارىلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان پۈتۈن سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىسالغا ئالىدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: « قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملىكراقىڭلار، ئۇرۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىنراقىڭلار ئەخلاق -پەزىلەتتە ئەڭ ياخشىڭلاردۇر، قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغانلار ۋە ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يىراقتا قالىدىغانلار (سورۇندا ھېچ كىمگە گەپ بەرمەي جىق گەپ قىلىدىغان) ۋات- ۋاتلاردۇر، (باشقىلارنى مەنسىتمەي داۋاملىق گەپ كۆپتۈرۈپ، گەپ ساتىدىغان) كاپ–كاپلار ۋە «مۇتەپەيھىقۇن»لار، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى ساھابە كىراملار ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! «مۇتەپەيھىقۇن» قانداق كىشىلەر؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئۇلار سۆزىدە كۆپتۈرگۈچى، چوڭچى) مۇتەكەببىرلەر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىككىنچىسى: ئەمەلىي سۈننەتتۇر. ئەمەلىي سۈننەت-قەۋلى سۈننەتتىن قالسا ئىككىنچى ئۇرۇندا تۇرىدۇ. ئەمەلى سۈننەت دېگىنىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي يەتكۈزۈش ۋە شەرئىي ھۆكۈملەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئىش-ھەرىكىتى ۋە ھايات

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ھەج ئىبادەتلىرى ۋە ناماز ئەركانلىرىغا ئوخشاش. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەج پائالىيەتلىرىڭلارنى مەندىن ئېلىڭلار» دېگەن ھەدىسى بىلەن، «نامازنى مېنىڭ ئوقۇغانلىقىمنى كۆرگىنىڭلاردەك ئوقۇڭلار» دېگەن ھەدىسى بۇنىڭ جانلىق ئىپادىسىدۇر.

ئۈچىنچىسى: تەقرىرىي سۈننەتتۇر. تەقرىرى سۈننەت ـ دېگىنىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابە كىراملاردىن سادىر بولغان شەرئىي ھۆكۈمگە ئالاقىدار ھەر قانداق ئىش–ھەرىكەتكە ياكى گەپ–سۆزگە قارىتا بىلدۈرگەن ئىجابى ئىپادىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىكرىمە ئىبنى خالىدتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ جەھلىنىڭ ئوغلى ئىكرەمە مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى قېچىپ كەتكەن. ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغان ئايالى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، قايتۇرۇپ ئەكەلگەن ۋە مۇسۇلمان بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ (مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنقى نىكاھىغا قارىتا) ئىقراردا بولغان»[1]. (يەنى ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قايتا نىكاھ قىلىشقا بويرۇلمىغان).

تەقرىرى يەنى سۈكۇتىي سۈننەت، شەرئىي ھۆكۈملەرنى بەلگىلەشتە ھۆججەت بولسىمۇ، لېكىن مەرتىۋە جەھەتتە قەۋلىي سۈننەت ياكى ئەمەلىي سۈننەتنىڭ دەرىجىسىگە قارىغاندا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى مەنبە: «ئىجما» دۇر. ئىجما ـ ھەر قانداق دەۋر ياكى جەمئىيەتتە ياشىغان مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، شەرئىي ھۆكۈم چىقىرىشتا بىرلىككە كەلگەن ئورتاق قارارىدۇر.

ئىجما، ئۆلىمالارنىڭ پىكىر بايان قىلىشى ياكى قىلماسلىقى تەرەپتىن ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

بىرىنچىسى: «ئىجما سەرىھ» (يەنى ئېنىق ئىجما) دۇر. ئېنىق ئىجما ـ ئىجماغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بارلىق مۇجتەھىد ۋە

---

[1] ئىمام ھاكىم رىۋايىتى.

ئۆلىمالارنىڭ ئۆز كۆزقارىشىنى بىر-بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە ئوخشاش پىكىردە بىرلىككە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچىسى: «ئىجما سۈكۈتىي» دۇر. ئىجما سۈكۈتى - مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ بەزىسى ياكى بىرەرسى ئىجاماغا قاتنىشىپ تۇرۇپ، پىكىر بايان قىلىشقا ۋاقتى ۋە پۇرسىتى بولسىمۇ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدە سۈكۈت قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ سۈكۈتى ئىجماغا قاتناشقان ئۆلىمالارنىڭ ئورتاق قارىشىغا قوشۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئىجما، «ئىجما سۈكۈتىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆلىمالار ئىجمانىڭ شەرئىي دەلىل سۈپىتىدە كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن، چوقۇم بەزى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى زۆرۈر دەپ قارىغان:

بىرىنچىسى: بىر مەسىلە ھەققىدە ئىجما قىلىش ئۈچۈن ئۇ مەسىلىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى، ئىجما قىلىشقا ھاجەت يوق ئىدى.

ئىككىنچىسى: ئىجماغا قاتناشقان ئۆلىمالار چوقۇم مۇسۇلمان ۋە مۇجتەھىد دەرىجىلىك ئەھلى ئىلىم بولۇشى كېرەك.

ئۈچىنچىسى: ئىجما دەپ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ھۆكۈم، چوقۇم ئىجماغا قاتناشقان ئەزالار تەرىپىدىن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنغان بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچىسى: ئىجما شەرئىي بىر ھۆكۈم ھەققىدە بولۇشى كېرەك.

مەزكۇر شەرتلەر ئاساسىدا «ئىجما سەرىھ» (ئېنىق ئىجما) ئۆلىمالار تەرىپىدىن كەسكىن دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «ئىجما سۈكۈتى» نىڭ كەسكىن دەلىل بولالايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى، ئىجما سۈكۈتى ئىجما سەرىھكە ئوخشاش كۈچكە ئىگە دېسە، بەزىسى بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. يەنە بەزىسى دەرىجە جەھەتتە ئىجما سەرىھكە يەتمىسىمۇ، ئەمما دەلىل

سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ.

**تۆتىنچى مەنبە: «قىياس» دۇر. قىياس ـ بىر مۇجتەھىدنىڭ، ھۆكمى ئېنىق بولمىغان مەلۇم بىر مەسىلىگە سەۋەبى ئوخشاش بولغان باشقا بىر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى تەتبىقلىشنى كۆرسىتىدۇ.**

مەسىلەن: ھاراقنىڭ ھاراملىقى قۇرئان كەرىمدە ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئەمما نەشە، ئەپيۇن ۋە خېروئىن قاتارلىق مەست قىلغۇچى نەرسىلەر كېيىنكى زامانلاردا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئۈچۈن، ھۆكمى قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، لېكىن ئۆلىمالار بۇ خىل نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىنى ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىش سەۋەبىگە قىياس قىلىپ، ئۇ نەرسىلەرنىڭمۇ ھاراملىقىغا ھۆكۈم قىلغان.

**قىياسنىڭ مىساللىرى قۇرئان كەرىمدە شۇنداقلا ھەدىس شەرىپلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ﴿بىز مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، ئوخشاشلا ئۇنى يەنە ئەسلىگە قايتۇرىمىز﴾[1] دېگەن ئايەتتە ئۇ دۇنيادا مەخلۇقاتلارنىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلىشى دەسلەپتە دۇنياغا ئۇلارنىڭ يوقتىن پەيدا قىلىنغانلىقىغا ئوخشىتىلغان. شۇنىڭدەك، ھەدىس شەرىپتىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنىڭ ھەققىدە روزا تۇتۇش توغرۇلۇق سوراپ كەلگەن ئايالغا: ئانىڭىزنىڭ ئۈستىدە بىراۋنىڭ قايتۇرۇلمىغان قەرزى بولسا، ئۇنى قايتۇرامتىڭىز؟ دېيىش ئارقىلىق، تۇتۇلمىغان روزىنى قايتۇرۇلمىغان قەرزگە ئوخشىتىش ئارقىلىق روزا تۇتۇشنىڭ توغرىلىقىغا ھۆكۈم بەرگەن.**

### سۈننەت ئىسلام ئاساسى قانۇنىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىدۇر

**سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات مەساپىسىدۇر. ئىسلامنىڭ ئەمەلى شەكلى، ھەمدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش نەمۇنىسىدۇر. جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنسانلار بىلەن سەن مۇخاتەب بولغىن، مېنىڭ مۇرادىمنى**

---

[1] ﴿كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُعِيدُهُ﴾ سۈرە ئەنبىيا، **104** – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سەن يەتكۈزگىن، پۈتۈن ئىنسانلارغا توغرا يولنى سەن كۆرسەتكىن، دېگەن ئاساستا، ئۇ زاتقا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئىنئام قىلغان. پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇ ۋەزىپىسىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدا ئادا قىلىپ، ئۈممىتىنى رازى قىلغان ۋە ئاللاھمۇ ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان. مانا بۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ نېگىزى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى يەتكۈزۈشتۇر. بۇ شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى قۇرئان كەرىم ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرلىك بايانى بولغان سۈننەتتۇر. سۈننەت ھەممىزگە ئايان بولغاندەك پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى، ئىش-ھەرىكىتى، تەقرىرى قاتارلىق ئۈچ كاتېگورىيەنى تەشكىل قىلىدۇ.

سۈننەت جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېچىلغان بىر يولدۇر. بۇ دۇنيا ھاياتىدىن باشلىنىپ ئاخىرەت ھاياتىغا باغلىنىدىغان قۇتلۇق ۋە مۇبارەك بىر يولدۇركى، قانداقلا بىر ئادەم چىن قەلبىدىن بۇ يولنىڭ يولۇچىسى بولۇپ، يولغا چىقسا، توغرا يول تېپىپ، ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەن بولىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى قەدىرلەش، ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىش ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ئىش قىلىشتۇر. سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى ۋە چۈشەندۈرۈلىشى بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى ئوچۇقلاپ، ئومۇمىي پىرىنسىپلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئۈچۈن كەلگەن. قۇرئان كەرىمنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلغان كىشى بۇنى ئېنىق چۈشىنەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق**﴾[1]. سۈننەت قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن تۇرسا، ئۇنى ئېتىبارغا ئالماستىن ۋە ھۆججەت قىلماستىن قانداقمۇ ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ دىنىنى ۋە رەببىنىڭ كىتابىنى چۈشەندۈرگىلى بولسۇن؟ بۇ ئەڭ خاتا قاراشتۇر. يەنە بىر

[1] ﴿وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ (سۈرە نەھل، 44 – ئايەت).

ئايەتتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق**﴾[1] بۇ ئايەتلەر قۇرئان كەرىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەنلىكىنى، ئىنسانلارغا دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە يېشىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. سۈننەت بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىدۇ. سۈننەتكە ئەمەل قىلماسلىق قۇرئان كەرىمنىڭ تولۇق چۈشەندۈرۈلۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇڭا، سۈننەتنى ئېتىبارغا ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زۆرۈر ئىشتۇر.

سۈننەت مەسىلىسى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زامانداش كىشىلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئۇ زاماندىن تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. شۇڭىمۇ جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق**﴾[2]، يەنە بىر ئايەتتە: ﴿**سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ**﴾[3]، بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىزگە شۇنى ئېنىق بىلدۈرىدۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنس-جىنغا -مەيلى ئۇلار ئالىم بولسۇن، جاھىل بولسۇن، ئەرەب بولسۇن، ئەجەم[4] بولسۇن، ئايال بولسۇن، ئەر بولسۇن دەۋر قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن ئىنسانىيەتكە - پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن شەرىئىتى پۈتۈن زامان ۋە ماكانغا

[1] ﴿ وَمَا أَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ إِلا لِتُبَيِّنَ لَهُمُ الَّذِي اخْتَلَفُوا فِيهِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾ (نەھل سۈرىسى، 64 – ئايەت).

[2] ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ ﴾ (سۈرە ئەنبىيا، 107 – ئايەت).

[3] ﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلا كَافَّةً لِلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا﴾ (سۈرە سەبە، 28 – ئايەت).

[4] ئەجەم – ئەرەب بولمىغان باشقا مىللەت ۋە خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ

ماس، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھايات شەكلىگە مۇناسىپ ھۆكۈم ۋە پىرىنسىپلارنى ئۆتتۈرىغا قويالايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئالەم شۇمۇل شەرىئەتتۇر. بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋاجىپ بولغىنىدەك، ئۇنىڭ مۇستەقىل ھۆججەت ئىكەنلىكىنىمۇ قوبۇل قىلىش ۋاجىپتۇر. شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىمدە ئام شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھۆكۈملەرنى خاسلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمۇ بىر ھەقىقەت. ئالىدىغان بولساق، نامازنىڭ تەپسىلاتى، زاكاتنىڭ ھۆكۈملىرى ئېمىلداشلىقتا[1] ئالاقىدار مەسىلىلەر، شۇنىڭدەك بىر ئايالنى ھاممىسى بىلەن بىر نىكاھدا جۇغلاشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، جىنايى ئىشلار، دىيەت، نەپىقە ۋە چارۋا-مالنىڭ زاكىتى، روزا ۋە ھەج ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمدە ئىخچام شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سۈننەت بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

## سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر ھەدىس شەرىپتىن دەلىللەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنىڭ ۋاجىبلىقى ۋە ئۇنىڭ قەتئىي ھۆججەتلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىس كەلگەن. ھەقىقەتەن سۈننەت دەلىل جەھەتتە قۇرئان كەرىمگە يانداش بولۇپ كېلىدۇ. پىرىنسىپ جەھەتتىن سۈننەتنى قۇرئاندىن قۇرئاننى سۈننەتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ:

بىرىنچىسى: ھۆججەت جەھەتتە قۇرئانغا ئوخشايدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ھەدىسلەر بولۇپ، بۇ ھەقتە مىقداد ئىبنى مەئدى كەرەب رازىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چوقۇم شۇنى بىلىپ قېلىشىڭلار كېرەككى، ماڭا قۇرئان كەرىم بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلدى، شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىڭلار كېرەككى، يېقىندا مەغرۇر بىر ئادەم ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ: «قۇرئان كەرىمنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدا ھالال دەپ

[1] «يحرم من الرضاع ما يحرم من النسب» (ئىمام ئەھمەت رىۋايىتى)

بايان قىلغان نەرسىلەرنى ھالال، ھارام دەپ بايان قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ بىلىڭلار» دەيدۇ. ھالبۇكى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسىلەرمۇ ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرگە ئوخشاش ھارامدۇر»[1]

ھەدىستە ئېيتىلغىنىدەك جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئاننى نازىل قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەپسىرى ۋە بايانى بولغان سۈننەتنىمۇ ئاتا قىلغان.

ئىمام خەتتابى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ماڭا قۇرئان ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلدى» دېگەن سۆزىنىڭ ئىككى ئېھتىماللىقى بار. بىرى، ماڭا تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇلۇدىغان ۋەھيى بېرىلگىنىدەك، تىلاۋەت قىلىنمايدىغان ۋەھيىمۇ بېرىلدى دېگەن بولىدۇ، ياكى بۇنىڭ مەنىسى، لەۋزى تىلاۋەت قىلىنىدىغان كىتاب ۋەھيي قىلىندى. شۇنىڭدەك، بايانمۇ بېرىلدى، يەنى كىتابتا بايان قىلىنىشى كېرەك بولغان نەرسىلەرنى بايان قىلىشقا، ئامنى خاسلاشتۇرۇشقا، خاسنى ئومۇملاشتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىندى، شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىمدە كەلمىگەن بەزى مەسىلىلەرگە ھۆكۈم بايان قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى: دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمىگە ئىشىنىش ۋە رازى بولۇش ۋاجىپ بولغىنىدەك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشمۇ ۋاجىپ قىلىنغان. چۈنكى جانابى ئاللاھنىڭ: ﴿**(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ**﴾[2] دېگەن ئايىتى، جانابى ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز خاھىشى بىلەن سۆز سۆزلىمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سۆزى، ئۇ يەتكۈزگەن ۋە ئوتتۇرىغا قويغان ئەھكام مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىمدە ھۆكمى ئېنىق بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەرگە ئېنىقلىما بېرىپ، ھۆكمىنى ئوتتۇرىغا قويۇدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىمدە ئىخچام مەسىلىلەرنى

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] سۈرە نەجم، 3ـ 4 – ئايەت.

يېشىپ كەڭرى بايان قىلىش، مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈش، ھۆكمىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىپادىسى بويىچە بولغاندا ۋەھيى ئارقىلىق بولىدىغانلىقىنى، پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ خاھىشى بىلەن ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۈننەتكە ئەگىشىش، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش ھۆكمىگە رازى بولۇپ، توسقىنىدىن يېنىش ۋاجىپ بولغان.

ئەبۇ رافىئدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۈننىتىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مەن بۇيرۇغان ياكى چەكلىگەن ئىشلار توغرىسىدا ساپاغا يۆلۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بۇ نەرسىلەر بىز ئەگەشكەن ئاللاھنىڭ كىتابىدا بارمۇ يوق؟ بىلمەيمىز!» دەيدىغان كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشىڭلارنى خالىمايمەن.»[1]

بۇ ئىككى ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنىڭ روشەن ۋە ئېنىق ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام بەيھەقىي ئۆزىنىڭ « دەلائىلۇن نەبۇۋۋە» دېگەن كىتابىدا بۇ ھەدىسنى ئايرىم بابقا بۆلۈپ ئالاھىدە زىكىر قىلغان.

سۈننەتكە ئەمەس پەقەت قۇرئانغىلا ئەگىشىمىز دېيىش سۈننەتتىن چىقىپ كەتكەن خاۋارىجلارنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىدا ھەممە نەرسە بار، ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن دېگەن دەۋاسىدا قىلچە سەمىمىي ئەمەس، ئۇلار بۇنى دەۋا قىلىش ئارقىلىق سۈننەتنى تاشلاپ، ئايەتلەرنى ئۆز رەيى بويىچە تەئۋىل ۋە تەپسىر قىلىدۇ.[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىل ئىنسانلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «مەن ئۈممىتىمگە ئىككى نەرسىدىن قورقىمەن، بىرسى، قۇرئان كەرىمگە ئالاقىدار، يەنە بىرسى بولسا سۈتكە ئالاقىدار. سۈتكە ئالاقىدار بولغىنى، (بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى) ئۇلار شەھەرنى تاشلاپ يېزا-قىشلاقلارغا

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[2] «ئەل مۇۋاپىقات» تۆتىنچى توم، 17 – بەت.

كېتىدۇ، ئۇ يەرلەردە ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ (جامائەت بىلەن) ناماز ئوقۇشنى، (ھەتتا جۈمە نامىزىنىمۇ) تاشلايدۇ، قۇرئان كەرىمگە كەلسەك مۇناپىقلار ئۇنى مەقسەتلىك ھالدا ئۇگۇنىدۇ، ئاللاھ چۈشۈرگەن مەقسەتنىڭ تەتۈرىسىچە تەئۋىل قىلىدۇ ۋە توختىماي مۆمىنلەر بىلەن جېدەل قىلىدۇ.»[1] بۇ خىلدىكى جاھىل ئىنسانلارغا يەنە سۈننەت بىلەن رەددىيە بېرىپ، ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مۇنداق دەيدۇ: «يېقىندا شۇنداق بىر ئادەملەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكى مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، سىلەر بىلەن جېدەللىشىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا سىلەر سۈننەتكە چىڭ ئېسىلىڭلار. چۈنكى سۈننەت ئىگىلىرى ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ»[2]

سۈننەتكە ئىشىنىش دىنىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى. سۈننەت مەسىلىسى ئەھكام ياكى قانۇن چىقىرىش، ياكى بولمايدۇ بۇيرۇش ۋە چەكلەش مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى بۇ ئالدى بىلەن ئەقىدە مەسىلىسى، شۇنىڭدەك ئىمانغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە؛ چۈنكى ئىماننىڭ بىر شەرتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مەن مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىسە ياكى گۇمان بىلەن قارىسا، ئۇ قانداقمۇ قۇرئان كەرىمگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىگە ئىشەنگەن بولىدۇ؟

ئەينى ۋاقىتتا ئىسرا ۋە مىراج ھادىسىسىدە مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەن. ئۇلار ئەبۇ بەكرىنىمۇ گۇمانغا تاشلاپ، ئىماندىن تەۋرىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىۋېتىش مەقسىتىدە ئالدىراپ كېلىپ خەۋەرنى ئۇ زاتقا يەتكۈزگەن. مەسىلىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشۈنۈپ يەتكەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ئۇلارنى مونۇ سۆزى بىلەن مات قىلغان: «ئەگەر ئۇ ئېيتقان بولسا، چوقۇم راست ئېيتىدۇ، ھېلىغۇ بۇ مىراج مەسىلىسى ئىكەن ھەتتا

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىمام دارەمى رىۋايىتى.

ئۇ ئاسماندىن ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن خەۋەرلىرىگە جان دىلىمىز بىلەن ئىشىنىمىز ئەمەسمۇ!»[1].

ئىبنى قەييىم (ئاللاھ ئۇ زاتتىن رازى بولسۇن) سۈننەتنىڭ قۇرئاندىكى ئورنىنى ۋە ئۇنىڭغا زىت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان بىلەن سۈننەت ھېچ قانداق بىر مەسىلىدە بىر ـ بىرىگە زىت كەلمەيدۇ، قۇرئان كەرىمگە قوشۇمچە بولۇپ كەلگەن سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن باشلىتىلغان قانۇندۇر. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىبتۇر، ئاسىيلىق قىلىش ھارامدۇر.

بۇ، سۈننەتنى ھېچ قاچان ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويغانلىق ئەمەس، بەلكى جانابى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرىگە ئىتائەت قىلىش ئەمرىگە ئىجرا قىلغانلىق. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ رەۋىشتە ئىتائەت قىلىنمىسا، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا ئەمرى قىلىشنىڭ بىر ئەھمىيىتى قالمايدۇ. ئۇنىڭغا خاس قىلىنغان ئىتائەت ئەمرى مەنىسىز بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە بايانى ئۆتكەن مەسىلىلەردىكى سۈننەتكە ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ، قۇرئانغا قوشۇمچە بولۇپ كەلگەن سۈننەتكە ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ ئەمەس دېيىلسە، جانابى ئاللاھنىڭ: «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[2] دېگەن ئايىتىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلمىغانلىق بولىدۇ.

بىر ئەھلى ئىلىمنىڭ قۇرئان كەرىمگە قوشۇمچە كەلگەن ھەرقانداق بىر ھەدىسنى قوبۇل قىلماسلىقى قانداق مۇمكىن بولسۇن، ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بىر ئايالنى ھاممىسى بىلەن بىر نىكاھتا جۇغلاش، شۇنىڭدەك نەسەب جەھەتتە نىكاھلىنىش ھارام بولغان تۇغقانلارغا ئوخشاش ئىمىلداش جەھەتتىكى تۇققانلارنىڭمۇ نىكاھلىنىشى ھارام قىلىنغانلىقى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلماسلىققا توغرا كېلىدۇ.

---

[1] تەپسىرۇتتەبەرى، 15 جىلد، 112 – بەت.

[2] سۈرە نىسا. 80 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قۇرئان كەرىمدىن دەلىللەر

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ۋە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېنىق بايان قىلغان. قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلەر، شۇنىڭدەك سۈننەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلەشتە ھۆججەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشى كېرەك، كىم بۇنى ئىنكار قىلسا، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلغاندا جانابى ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە ماس نۇرغۇن ئالاھىدە پەزىلەتلەر بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

بۇ ئالاھىدىلىكلەردىن بىرى، جانابى ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى بىز ئىنسانلارغا بايان قىلىپ بەرگۈچى ئىكەنلىكىدۇر. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق**﴾[1].

بۇ ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «بايان» كەلىمىسىنى قۇرئان كەرىمدىكى ئابستراكت ئەھكاملارنى كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىزاھلاش دېگەن مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ناماز، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش ئىبادەتلەرنىڭ تەپسىلىي ئەھكاملىرىنى ئىزاھلاپ بايان قىلغىنىدەك؛ بۇ ئايەت «مۇجمەل» يەنى ئابستراكت (قىسقا ۋە ئىخچام) سۆز-ئىبارىلەرنى يېشىپ، تەپسىلىي بايان قىلىشتا سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

پەيغەمبەرگە بېرىلگەن يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق

---

[1] ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ نەھل سۈرىسى. 44 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**قىلغانلىق ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: (بىز ھەر قانداق پەيغەمبەرنى پەقەت ئىتائەت قىلىنىش ئۈچۈنلا ئەۋەتتۇق (چۈنكى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ))[1]، ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار)[2]، ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). (ئى مۇھەممەد!) كىمكى سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق)[3]، (ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر)[4]، ﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ)[5] .**

**بۇ ئايەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغان پۈتۈن ئىشلاردا ئۇ زاتقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئاخىرىقى**

---

[1] ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِن رَّسُولٍ إِلَّا لِيُطَاعَ بِإِذْنِ اللَّهِ ﴾ (سۈرە نىسا، 164 – ئايەت).

[2] ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَوَلَّوْا عَنْهُ وَأَنتُمْ تَسْمَعُونَ ﴾ (سۈرە ئەنپال، 20 – ئايەت).

[3] ﴿مَّن يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ وَمَنْ تَوَلَّىٰ فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا﴾ (سۈرە نىسا، 80 – ئايەت).

[4] ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنكُمْ فَإِن تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ (سۈرە نىسا، 59 – ئايەت).

[5] ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ (سۈرە نىسا، 65 – ئايەت).

ئىككى ئايەت بىرەر مەسىلىدە ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھاكىم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇش، ئەگەر رازى بولمايدىكەن ئىمان ئېيتقان بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ يەردە ئىككى مۇھىم نۇقتا بار؛ بىرى: ئىختىلاپلىشىپ قالغان مەسىلىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھاكىم قىلىش، يەنە بىرى بولسا پەيغەمبەرنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە رازى بولۇش.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسانلار ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىختىلاپ ۋە كېلىشمەسلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇچۇن قۇرئان كەرىمدە كېلىشتۈرۈپ قويۇش ھۆكمى بېرىلگەن ۋە يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ھەر ئىككى ئايەتتە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا كېلىپ چىققان پۈتۈن ئىختىلاپ ۋە دە تالاشلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىگە مۇراجات قىلىشنىڭ لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دېمەك، قۇرئان كەرىمدە ھۆكمى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ئۇچۇن، قۇرئان كەرىم بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە يېتەكلەيدۇ. ئەگەر سۈننەت قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ھۆكۈم قىلغۇچى ۋە قىلىنغان ھۆكۈمگە ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ بولمىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ھاكىم تەيىنلەشكە بۇيرۇمىغان بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇ ئۈلگىلىك ئىنسان بولۇپ، چوقۇم بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇ زاتقا ئەگىشىشى كېرەك. ﴿**سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر**﴾[1].

ھەممىگە قادىر ئاللاھ پەيغەمبەرنىڭ شەرتسىز ياخشى ئۈلگە

[1] ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ (سۈرە ئەھزاب، 21 – ئايەت).

ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەرنى ئۈلگە قىلىپ، سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتتىن تەركىب تاپقان بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ سۈننەتنىڭ بارلىق قىسىملىرى بىلەن ئىسپاتلانغانلىقىنىڭ دەلىلى.

سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر:

سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇرادىغا ئۇيغۇن شەكىلدە بەندىلەرگە شەرھلەپ بېرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر قاتارىدىن: **﴿بىز ساڭا زىكرىنى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ نازىل قىلدۇق﴾**[1]. يەنى «ئۇلارغا نازىل قىلىنغان نەرسىنى (يەنى قۇرئان كەرىمنى )بايان قىلىش ئۈچۈن» ساڭا سۈننەتنى نازىل قىلدۇق. دېمەك بۇ ئايەت كەرىمنىڭ مەزمۇنى بىزگە سۈننەتنىڭمۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئايەتتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: **﴿ئاللاھ ساۋاتسىزلارغا (ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا (قۇرئان) ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى (بۇزۇق ئەقىدە ۋە ئەخلاقسىزلىقلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا قۇرئاننى ۋە ھېكمەت (ھەدىس) نى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن زاتتۇر. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى﴾**[2]، ئەگەر ھېكمەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئاتاقىلىنغان بىر نېمەت بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا (ئۇ ئالدىنقى ئەھلى ئىلىمنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە) مۇقەررەركى ئۇ سۈننەتتۇر. چۈنكى، ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ

[1] ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ (سۈرە نەھل، 44 – ئايەت).

[2] ﴿ هُوَ الَّذِي بَعَثَ فِي الْأُمِّيِّينَ رَسُولًا مِنْهُمْ يَتْلُوا عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِنْ كَانُوا مِنْ قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُبِينٍ ﴾ (جۇمە سۈرىسى، 2 – ئايەت).

دېگىنىدەك: ئايەتنىڭ دالالىتى «ئازغۇنلىقتىن ساقلىنىش قۇرئانغا ۋە ھېكمەتكە يەنى سۈننەتكە ئەگىشىش بىلەن بولىدۇ». جانابى ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: **﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابنى، ھېكمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾**[1] **﴿ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر﴾**[2]، كىتاب بىلەن ھېكمەتنىڭ ئارىسىدا كەلگەن «و» ھەرپى بولسا ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن، يەنى كىتاب ۋە ھېكمەت ئىككىسى ئايرىم ئايرىم ئىككى نەرسە-دېيىلىدۇ. يەنە جانابى ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: **﴿ئۆيلىرىڭلاردا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەت (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى) دىن ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىرلەرنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾**[3]

بۇ ئايەتتە ھېكمەت كىتابقا ئەگەشتۈرۈلۈپ كەلتۈرۈلگەن، ھېكمەتتىن مەقسەت سۈننەتتىن باشقا نەرسە بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى جانابى ئاللاھ بىزگە ھېكمەتنى ئۆگەتكەنلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ بىزلەرگە رەھمەت قىلغانلىقىنى ئېيتقان. بولۇپمۇ ئايەتتە كىتاب بىلەن ھېكمەتنى بىر-بىرىگە باغلاپ كەلتۈرگەنلىكى تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېكمەتكە (يەنى سۈننەتكە) ئەگىشىش كىتابقا ئەگىشىش ۋاجىپ بولغاندەك ۋاجىبتۇر.

سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر ئەقلىي دەلىللەر:

[1] ﴿وَاذْكُرُوا نِعْمَةَ اللهِ عَلَيْكُمْ وَمَا أَنزَلَ عَلَيْكُمْ وَمَا أَنزَلَ عَلَيْكُمْ مِنَ الْكِتَابِ وَالْحِكْمَةِ يَعِظُكُمْ بِهِ﴾ (سۈرە بەقەرە 231 – ئايەت).

[2] ﴿وَأَنزَلَ اللهُ عَلَيْكَ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمْ تَكُنْ تَعْلَمُ﴾ (سۈرە نىسا، 113 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

[3] سۈرە ئەھزاب، 34 – ئايەت.

ئەگەر سۈننەت قوبۇل قىلىنغان ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھۆججەت بولمىغان بولسا ئىدى، ئىسلام دىنىغا ئائىت ھۆكۈم ۋە شەرئىي مەسىلىلەرنىڭ ھېچ بىرى ئىسپاتلانمىغان بولاتتى، ھەتتا قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكمۇ گۇمانىي قاراشلارنىڭ نۇقتىلىق مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن دىن ئىكەنلىكى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشىغا باغلىق. شۇڭلاشقا جانابى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ماددىي ۋە مەنىۋى مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈپ، پەيغەمبەرلىكىنى ئېنىق ۋە كەسكىن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ، گۇمان ۋە شەككە ئەسلا ئورۇن قالدۇرمىغان.

پەيغەمبەرلىككە ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى كۆرسىتىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللار پەيغەمبەر بولمىغان شەخسلەردىمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن، مەسىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام زامانىدا ئالتۇن كۆمۈشتىن موزاي ياساپ مۆرەتكەن سامىرىغا ئوخشاش.... ئۇ ھالدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى پەقەتلا ئۇزاتىنىڭ مۆجىزىلىرى بىلەنلا ئىسپاتلانغان ئەمەس، بەلكى ئۇ زاتنىڭ «مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە قۇرئان كەرىم بولسا ئاللاھنىڭ كالامى» دېگەن «قەۋلىي» ـ سۆزى ـ يەنى سۈننىتى بىلەنمۇ ئىسپاتلانغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە مۆجىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرىقى سۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى قەتئىي بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسا ئىدى، بەلكىم ئىسلام دىنىغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ قەتئىيلىكى ھەقىقىي مەنىدە ئىسپاتلانمىغان بولاتتى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ھەق كىتاب ۋە ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر» دېگەن سۆزىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ سۆز ئۇنىڭ سۆزى يەنى ئۇنىڭ سۈننىتىدۇر. شۇڭلاشقا، قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكى سۈننەتنىڭ ھۆججەت بولۇشىغا ئاساسلىنىدۇ. يەنى دېمەكچى بولغىنىمىز

قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكى سۈننەت بىلەن، سۈننەت بولسا قۇرئان كەرىم بىلەن سابىت بولغان ھەقىقەتتۇر. بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ چۈشىنىشكە ياكى بىرىگە ئەمەل قىلىپ يەنە بىرىنى تاشلاپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ.

سۈننەتنى قويۇپ پەقەت قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈملەرنىڭ كۆپىنچىسى «مۇجمەل»[1] (ئىخچام، يەنى ئومۇمىي ئۇقۇم) نى كۆرسىتىدىغان ئابستراكت ھۆكۈملەر بولۇپ، ئاز بىر قىسمى تەپسىلىي بايان قىلىنغان كونكرېت ھۆكۈملەردۇر.

جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەنە شۇ ئىخچام ھۆكۈملەرنى ئىنسانلارغا بايان قىلىپ، تەپسىلىي ئېچىپ بېرىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ﴿**ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن ھۆكۈملەرنىڭ (تەپسىلاتىنى) بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز - نەسىھەت ئالسۇن) دەپ، بىز ساڭا قۇرئاننى نازىل قىلدۇق**﴾[2].

ئەگەر بۇ ھۆكۈملەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن چۈشەندۈرگەن شەكىلدە ئەمەل قىلماي، ئىخچام شەكلى بويىچە ئەمەل قىلىشقا توغرا كەلگەن بولسا، بۇ ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

مەسىلەن، بىز جانابى ئاللاھنىڭ «نامازنى ئادا قىلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشقا توغرا كەلگەندە، قانچە ۋاقىت، قانچە رەكەت، قانچە رۇكۇ ۋە قانچە سەجدە قىلىش قاتارلىق ئەركانلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ ئادا قىلالمىغان بولاتتۇق. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە نامازنىڭ بۇ خىلدىكى ئەركانلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان. شۇنىڭدەك، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرى ھەم قۇرئان كەرىمدە تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. شۇ

[1] "مۇجمەل" ئىخچام ياكى ئابىسراكت ئۇقۇم

[2] ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ (سۈرە نەھل، 44 – ئايەت).

جۈملىدىن سودا سېتىق، مۇئامىلە، نىكاھ ۋە مىراسقا ئالاقىدار نۇرغۇن مەسىلىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن سابىت بولغان.

قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان شەرئىي ئەھكاملارنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن باشقا ئاساسەن ھەممىسى «ئىخچام» يەنى ئومۇمىي ئۇقۇم شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر شەرئىي ئەھكاملارنى ئىسپاتلاشتا قۇرئان كەرىمدىكى «ئىخچام» ھۆكۈملەر بىلەن ياكى بىر قىسىم تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېنىق ھۆكۈملەر بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا ئىدى، قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن ھۆكۈملەرنىڭ تەپسىلاتىنى چۈشىنىشتە قىيىنالغان بولاتتۇق. ياكى چۈشىنەلمەي ئەمەل قىلالمىغان بولاتتۇق. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى قۇرئان كەرىمنىڭ شەنىگە ئەسلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ سۆزى بولغان قۇرئان كەرىم، بۇنىڭدەك سەلبىيلىكتىن پاك ۋە مۇنەززەھتۇر ۋە ساغلام ئەقىل ئىگىسى بۇنى ھەم قوبۇل قىلالمايدۇ.

دېمەك، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان شەرئىي ھۆكۈملەرنىڭ كۆپىنچىسى ئومۇمىي پىرىنسىپلار شەكلىدە كەلگەن. بۇ ھېكمەتلىك ئۇسلۇبنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەشكە بولىدۇ:

1. قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈملەرنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئايەتلەر بىلەنلا چۈشىنىش يېتەرلىك بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھۆكۈملەرنىڭ تەپسىلاتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بىلەن ئوچۇق بايان قىلىنغان.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى قۇرئاندىكى ئومۇمىي ھۆكۈملەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئاساسلىق مەنبەدۇر. چۈنكى جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان.

3. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ خىل ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ھەر دەۋر ۋە ماكانغا ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرىنى نامايان قىلىدۇ. ئومۇمىي پىرىنسىپلار ئارقىلىق تەپسىلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يول

كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، قۇرئان كەرىمنىڭ شەرئىي ھۆكۈملىرىنى چۈشىنىشتە، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىجتىھادلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش زۆرۈردۇر.

بۇنداق بولغاندا، قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈملەرنىڭ ھېكمىتى ۋە مەقسىتى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇكەممەل يېتەكچى ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

# بەشىنچى باب

## سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ۋە بۇ ھەقتە ئومۇمىي چۈشەنچە

### بىرىنچى بۆلۈم: قۇرئانچىلار (يەنى سۈننەتنىڭ ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتىكى ئورنىنى رەت قىلغۇچىلار) توغرىسىدا

قۇرئانچىلىق ـ بىر ئېقىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، قۇرئان كەرىمنى ئىسلامدىكى ئېتىقاد ۋە قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى دەپ قاراشتىن ئىبارەت. بۇ ئېقىمنىڭ تەرەپدارلىرى «قۇرئانچىلار» ياكى «ئەھلى قۇرئان» دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇرئانچىلار ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى ھۆكمى ئېنىق ۋە مۇكەممەل، شۇڭا ئۇنى ھەدىس قاتارلىق باشقا مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلماي تولۇق چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئىسلام قانۇنىنى بەلگىلەشتە قۇرئان كەرىمدىن باشقا ھېچقانداق دىنىي مەنبەگە ئېھتىياج يوق دەپ قارايدۇ.

قۇرئانچىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىنى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر بويىچە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ:

ـ ھەدىسلەرنىڭ خاتىرىلىنىشىنىڭ كېچىكتۈرۈلگەنلىكى

ـ سىياسىي تەسىرلەر

ـھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر كېيىن يېزىلغان بولۇپ، قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ھۆكۈم مەنبەسى ئەمەس.

قۇرئانچىلار يەنە مۇنداق پاكىت كەلتۈرىدۇ: قۇرئان بارلىق مۇسۇلمانلار سەھىھلىقىغا بىردەك كېلىشكەن بىردىنبىر كىتاب، ئەمما ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىقى ھەققىدە ھەرخىل ئىسلام پىرقىلىرى ئارىسىدا كۆپ ئىختىلاپلار بار.

قۇرئانچىلىق قارىشىنىڭ ئالامەتلىرى ئەينى ۋاقىتتا ساھابە كىراملار دەۋرىدىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغان. لېكىن ساھابە كىراملارنىڭ ئۇلارغا قارشى مەيدانى ئېنىق ۋە كەسكىن بولغان. شۇ جۈملىدىن بىر كىشى ئىمران ئىبنى ھۇسەيننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر مەسىلە سورىغاندا؛ ئىمران ئىبنى ھۇسەين[1] ئۇنىڭغا ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. ئاندىن ئۇ كىشى: «ئاللاھنىڭ كىتابىدىن سۆزلىگەن بولسىڭىز، باشقا نەرسىدىن سۆزلىمەي!» دېگەندە، ئىمران ئىبنى ھۇسەين: «سەن بىر ئەخمەق ئادەمكەنسە، سەن ئاللاھنىڭ كىتابىدا پېشىن نامىزىنىڭ تۆت رەكەت ئىكەنلىكىنى ۋە پەس ئاۋازدا ئوقۇلۇدىغانلىقىنى تاپالامسەن؟ دەپ، ئاندىن ئۇ يەنە ناماز، زاكات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتلەرنى بىر–بىرلەپ ساناپ، مانا بۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلمەي، ئىخچام ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان... لېكىن بۇلارنى سۈننەت شەرھلەپ، تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

---

[1] ئىمران ئىبنى ھۇسەين خەيبەر فەتھى جەريانىدا (مىلادىيە 628 ـ يىلى 7 ـ ئايدا) ئاتىسى، سىڭلىسى خىرنىك ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن بىرگە مۇسۇلمان بولغان. بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ تېخىمۇ بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلىقى تىلغا ئېلىنغان (ئىبنى سەئد، 7 ـ جىلد، 9 ـ بەت؛ ئابدۇسسەتتار شەيخ، 2 ـ جىلد، 45، 51 ـ بەتلەر).

ئىمران پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە غازاتلارغا قاتناشقان ۋە مەككىنىڭ فەتھىدە خۇزائە قەبىلىسىنىڭ بايراقدارى بولغان. ئۇ پات-پات مەدىنىگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، شۇنداقلا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ئوسمان ۋە مەئقىل ئىبنى يەساردىن ھەدىس ئالغان.

ئۇنىڭ ئوغلى نۇجەيد ۋە ئازاد قىلغان قۇلى ئاتا، شۇنداقلا ھەسەن بەسرى، مۇتەررىف ئىبنى ئابدۇللاھ، ئەبۇ رەجا ئۇتاردى، ئەبۇل-ئەسۋەد دۇئەلى، مۇھەممەد ئىبنى سىرىن، ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە ۋە شەئبى قاتارلىقلار ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغانلارنىڭ بەزىلىرىدۇر.

[2] ئىبنى مۇبارەنىڭ مۇسنەدى 143 – بەتكە قاراڭ.

ئەبى رافىئىدىن[1] رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن بۇيرۇغان ياكى توسقان بىر ئىشنى دەپ كەلگەن كىشىگە: «بىز بۇنى بىلمەيدىكەنمىز، چۈنكى بۇنى بىز ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئالالاھنىڭ كىتابى (قۇرئان كەرىمدە) ئۇچراتمىدۇق» دەيدىغان سۈپەتتىكى كىشىلەرنىڭ قىلىقىنى قىلماڭلار»[2]. مەنىسى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئاللاھنىڭ كىتابىغا قارشى تۇرۇشتىن ئاگاھلاندۇرغىنىدەك، ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ھەم ئاگاھلاندۇرغان. شۇڭا رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان كىشى، ئاللاھنىڭ كىتابىغا خىلاپلىق قىلغان كىشىگە تېگىشلىك جازاغا دوچار بولىدۇ.[3]

ئەسلىدە سۈننەتتىن يۈز ئۆرىيدىغانلارنىڭ قەلبى نىپاق بىلەن تولغان كىشىلەردۇر. بۇ خىل كىشىلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. بۇ ھەقتە ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن[4] رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مەن

---

[1] ئەبۇ رافىئ ئۇنىڭ مەشھۇر ئىسمى بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئېنىق ئەمەس. ئۇ ئەسلىدە مىسىرلىق (قىبتى) بولۇپ، ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇ مەككىدە بەدىر ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئائىلە ئۇمۇل-فەزل لۇبابە بىلەن بىللە مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، قۇل بولغانلىقى سەۋەبىدىن ھىجرەت قىلالمىغان ئىدى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

[3] ئىمام تەھاۋىنىڭ «ئەسەرلەر مەنىسىگە چۈشەنچە» دېگەن كىتابىنىڭ 309 – بېتىگە قاراڭ...

[4] ئەبۇ ھەمماد ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئىبنى ئابس ئەل-جۇھەنى (ۋاپاتى: مىلادىيە 678 -يىلى مىسىر - قاھىرە)

ئۇنىڭ كۆپلىگەن كۇنىيلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى ئەبۇ ھەمماد بولۇپ، مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى چۆلدە پادىچىلىق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ مەدىنىگە كەلگەن. كېيىن سۇففە ئەھلى قاتارىغا قوشۇلۇپ دىنني بىلىملىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قىرائەت، فىقھى، مىراس، شېئىر ۋە خەت يېزىش ساھەلىرىدە ساناقلىق كىشىلەردىن بىرى بولغان. كېيىن ئۇ شام فەتھىگە، ئاندىن ئەمر ئىبنى ئاس بىلەن مىسىرنىڭ فەتھىگە قاتنىشىپ مىسىر ۋالىسى بولغان. (مۇسلىم، «سالاتۇل-مۇسافىرىن»، 265).

ئۈممىتىمگە ئىككى نەرسىدىن ئەنسىرەيمەن؛ بىرى، قۇرئان كەرىم، يەنە بىرى سۈت. سۈت دېيىشىمدە، ئىنسانلار (سۈتلۈك ھايۋانلارنى دەپ) يېزا ـ قىشلاقلاردا ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە بېرىلىپ كېتىپ ناماز ئوقۇمايدۇ. قۇرئان كەرىمگە كەلسەك، مۇناپىقلار قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن جېدەل قىلىدۇ»[1]، يەنى مۇناپىقلار قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىنغان مەقسەتتىن باشقىسىغا تەۋىل قىلىپ، قۇرئانچى كۆرۈنۈپ قۇرئانغا زىت يول تۇتىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇقبە ئىبنى ئامىر يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۈممىتىمنىڭ ھالاكىتى كىتاب ۋە سۈتتە؛» دېگەن سۆزىگە قارىتا سورغۇچىلارغا جاۋاب بېرىپ) «ئۇلار قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىدۇ، لېكىن ئاللاھ نازىل قىلغان مەقسەتنىڭ ئەكسىچە تەئۋىل قىلىدۇ، سۈتكە كەلسەك ئۇلار سۈتكە بېرىلىپ، يېزا–قىشلاقلارغا چىقىپ (چارۋا–ماللار بىلەن بولۇپ كېتىپ)، جامائەتنى تاشلايدۇ ۋە جۇمە نامىزىغا قاتناشمايدۇ»[2] دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى؛ چۈنكى ئۇ زاتنىڭ كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار توغرىسىدا بەرگەن خەۋەرلىرىنى كېيىنچە ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان يالغان–ياۋۇداق دەۋالىرى، جۈملىدىن قۇرئان سۆيگۈسى ۋە ئۇنى قوغداش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان «ئاللاھ سۈننەتنى ئەمەس قۇرئان كەرىمنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلغان، شۇڭا بىردىن–بىر ئۆزگەرتىلمىگەن ياكى ئۆزگەرمىگەن ئاساسى قانۇن قۇرئان كەرىمدۇر» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. بىز يۇقىرىقى ھەدىسلەرنى بايان قىلىش بىلەن، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ھەدىس ئىنكارچىلىق قارىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۆز زامانىسىدا رەت قىلىپ، بۇنداق تائىپىلەرنىڭ ھەر ۋاقىت چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى **1400** يىل بۇرۇن خەۋەر بەرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ،

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

لېكىن بىر قىسمى جەننەتكە كىرىشكە ئۇنىمايدۇ!» ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! جەننەتكە كىرىشكە كىم ئۇنىمايدۇ؟ دەپ سورىغاندا، «ماڭا ئىتائەت قىلغانلار جەننەتكە كىرىدۇ، ئاسىيلىق قىلغانلار جەننەتكە كىرىشكە ئۇنىمىغانلاردۇر»[1]

يەنى بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش، قۇرئان كەرىم بىلەن بىرگە سۈننەتكىمۇ ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

سۈننەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش دىنىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكى، بۇ مەسىلە پەقەت ھۆكۈم ۋە قانۇن چىقىرىش، ياكى بۇيرۇق ۋە چەكلەش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى بۇ ئالدى بىلەن ئېتىقاد مەسىلىسى، چۈنكى سۈننەتكە ئەمەل قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىشنىڭ نەتىجىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش ئىماننىڭ شەرتى ۋە تەلىپى. ئۇنداق بولغان ئىكەن پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى قوبۇل قىلىپ، سۈننىتىگە ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، قانداقمۇ قۇرئانغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىشەنگەنلىك بولىدۇ؟!

ئەينى ۋاقىتتا ئىسرا ۋە مىراج ھادىسىسىدە مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەن. ئۇلار ئەبۇ بەكرىنىمۇ گۇمانغا تاشلاپ، ئىماندىن تەۋرىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىۋېتىش مەقسىتىدە ئالدىراپ كېلىپ خەۋەرنى ئۇ زاتقا يەتكۈزگەن. مەسىلىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەنگەن ئەبۇ بەكرى ئۇلارنى مونۇ سۆزى بىلەن مات قىلغان: «ئەگەر ئۇ ئېيتقان بولسا، چوقۇمكى ئۇنىڭ ئېيتقىنى راستتۇر؛ ھېلىغۇ بۇ مىراج مەسىلىسى ئىكەن ھەتتا ئۇ ئاسماندىن ئېلىپ كەلگەن ئۇرغۇن خەۋەرلىرىگە جان دىلىمىز بىلەن ئىشىنىمىز ئەمەسمۇ!»[2].

كۆنىمىزدىكى سۈننەت ئىنكارچىلىق قارىشى بۇرۇنقى خاۋارىجلاردەك ساھابە كىراملارنىڭ بەزىسىنى ئىنكار قىلىش قارىشى بولماستىن، راۋى،

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] تەپسىر تەبەرى، 15 جىلد، 112 – بەت.

سەنەد ۋە ھەدىس كىتابلىرىنى (يەنى پۈتۈن سۈننەتنى) ئىنكار قىلىشتەك چوڭ ئازغۇنلۇققا بېرىپ يەتتى. بۇ قاراشنى لىۋىيەنىڭ سابىق رەئىسى مۇئەممەر قەززافى ئوتتۇرىغا قويغاندەك، مىسىر ۋە باشقا رايونلاردىمۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان. ئەپسۇسكى، كۈنىمىزدە بۇ قاراش تۈركىيە ۋە غەرب دۆلەتلىرىدىكى بەزى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدىمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار ھەدىس ئالىملىرىنىڭ پۈتۈن خىزمەتلىرىنى چۈشەنمەستىنلا ئىنكار قىلدى. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى دەۋا قىلغاندەك قۇرئانغا ئەمەل قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە سۈننەتنى ئىنكار قىلمىغان بولاتتى. لېكىن ئۇلار قۇرئان كەرىمدە تەكىتلەنگەن پىرىنسىپلارغا قارشى يول تۇتۇش بىلەن ئۆزلىرىمۇ ئازدى ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇردى.

ھالبۇكى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەتكە تەۋە سەلەپ سالىھىنلار سۈننەتكە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار سۈننەتنى دەسلەپتە ساھابە كىراملاردىن بىۋاستە ئۆگەنگەن، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ ئەمەل قىلغان ھەمدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا سۆزمۇ-سۆز، ھەرپمۇ-ھەرپ يەتكۈزگەن.

كېيىنكى دەۋرلەردە، ھەدىس ئالىملىرى ھەدىسنىڭ سەنەدى ۋە راۋىيلىرى ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىرىنچى ئەسىردىن ئۈچىنچى ئەسىرگىچە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەتقىقاتچى ئالىملار «رىجال ئىلمى» (ھەدىس راۋىيلىرى ئىلمى) ساھەسىدە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھەدىس راۋىيلىرىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن تەكشۈرگەن:

- راستچىل ۋە يالغانچىلارنى ئايرىش
- ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچىسىزلەرنى پەرقلەندۈرۈش
- تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنى تەكشۈرۈش
- رىۋايەت قىلىشقا لاياقەتلىك بولۇش-بولماسلىقىنى ئېنىقلاش
- ھۆججەت بولۇشقا يارايدىغان-يارىمايدىغانلىقىنى بەلگىلەش

بۇ ئالىملار يەنە ھەدىس رىۋايەتلىرىدىكى خاتالىقلارنى ئېنىقلاپ خاتىرىلىگەن، ھەتتا يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلارنىڭ كىملىكىنى

ئاشكارىلاپ، ئۇلار ھەققىدە ئايرىم كىتابلارنى يازغان. بۇ تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن سۈننەت بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ئىشەنچلىك شەكىلدە يېتىپ كەلگەن.

ساھابە كىراملار سۈننەتكە كۆڭۈل بۆلگەندەك سەلەپ ئالىملىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا جىددىي قاراپ كەلگەن، ھەمدە سۈننەتنى ئېھمال قىلىشتىن، بولۇپمۇ ئۇنى ئىنكار قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ھەدىس ياكى ساھابە كىراملاردىن كەلگەن ھەر قانداق بىر ئەسەرنىڭ بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە يېرى بار». ئىمام مالىك مۇنداق دېگەن: «بۇ قەبرە ئىگىسى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) دىن باشقا ھەممىمىزنىڭ سۆزى ئېلىنىدۇ ياكى رەت قىلىنىدۇ». يەنە مۇنداق دېگەن: «دەسلەپكى ئۇممەتنى نېمە ئىسلاھ قىلغان بولسا، ئاخىرقىسىنىمۇ شۇ ئىسلاھ قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر».

ئىمام شاپىئى مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ، ئاندىن شۇ ھەدىسكە خىلاپ ئىش قىلغانلىقىمنى كۆرسەڭلار، ئەقلىمدىن كەتكەنلىكىمنى بىلىپ قېلىڭلار». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن بىرەر ھەدىسكە خىلاپ سۆزلىگەن بولسام، ئۇ سۆزنى تامغا ئۇرۇۋېتىڭلار!». ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: «مېنى، ئىمام مالىكنى، ياكى شاپىئىنى تەقلىد قىلماي، بىز ئالغان مەنبە يەنى كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئېلىڭلار!»

دېمەك، سۈننەتنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ دەلىل ئىكەنلىك مەسىلىسى ھەققىدە ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرى بىردەك بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا بىرلىككە كەلگەن:

**1.** سۈننەتنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنى ھۆججەت دەپ قارىماسلىق كۇپۇرلۇقتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام سۇيۇتى ئۆزىنىڭ «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى سۈننەتكە مۇراجىئەت قىلىشتا» دېگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابىدا، ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسىنى نەقىل قىلغان.

2. سۈننەت قۇرئاندىن كېيىنكى شەرئىي دەلىل بولۇپ، ئۇنى مۇستەقىل ھۆججەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش ۋاجىپتۇر.

3. ھەدىسنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىكى ئاساسلىق شەرت:

- سەنەدىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە تۇتاشقان بولۇشى
- ھەدىسنىڭ ئىللەتتىن (زەئىپلىق سەۋەبلىرىدىن) خالىي بولۇشى

4. تۆۋەندىكى ئامىللار ھەدىسنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ:

- مۇتەۋاتىر ياكى ئاھاد بولۇشى
- سەنەد يوللىرىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى
- مەشھۇر ياكى غەرىب بولۇشى

5. ھەدىسنىڭ تۈرلىرى (مۇتەۋاتىر، ئاھاد، مەشھۇر قاتارلىق) ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستىلاھى بولۇپ، بۇ شەكىلدە تۈرلەندۈرۈش ھەدىسنىڭ ھۆججەتلىك دەرىجىسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

ئىبنى قەييىم، ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى كەسىر قاتارلىق كېيىنكى دەۋر ئالىملىرى سۈننەتنى باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىن تۆۋەن كۆرۈش ياكى باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىنى سۈننەتتىن ئۈستۈن قويۇشنى ئېغىر ئازغۇنلۇق دەپ قارىغان.

فىقھى مەسىلىلەرنىڭ ھۆكمى ئۇسۇل ئۆلىمالىرىنىڭ نەزىرىدە مەلۇم ۋە ئېنىق بولسىمۇ، ئۇنى چۈشىنىش ۋە تەتبىقلاش ماكان، شارائىت ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ھەدىسلەرنىڭمۇ ئەھۋالى شۇنداق. مەسىلەن، بىر ھەدىس زەيدنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتىغا ئاساسەن مۇتەۋاتىر دەپ قارالسا، ئۆمەر ۋە خالىدنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتى بويىچە مۇتەۋاتىر شەرتىگە چۈشمەسلىكى مۇمكىن.

بۇ پەرقنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

زەيد بىر ھەدىسنى بىر قانچە يول بىلەن رىۋايەت قىلغاندا، راۋىيلارنىڭ تۆۋەندىكى سۈپەتلىرىنى تەكشۈرىدۇ:

- ئادالىتى

- تۈتۈۋېلىش قابىلىيىتى
- ئىشەنچلىكلىكى
- راستچىللىقى
- تەقۋالىقى

بۇ شەرتلەر تولۇق بولغاندا، ئۇ ھەدىسنى مۇتىۋاتىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەمما ئۇمەر بىر ھەدىسنى يىگىرمە-ئوتتۇز سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولسىمۇ، راۋىيلار يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە تولۇق ئىگە بولمىسا، ئۇ ھەدىسنى مۇتىۋاتىر دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى ھەدىسنىڭ كۈچى ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ سانىغا ئەمەس، بەلكى سەنەدنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ۋە سەھىھلىقىغا باغلىقتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىي ئىلىم ئەھلى مۇنداق بىر ئورتاق خۇلاسىگە كەلگەن: ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ ۋە ئىللەتتىن خالى بولسا، مەيلى ئۇ مۇتەۋاتىر بولسۇن ياكى ئاھاد ھەدىس بولسۇن، ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپتۇر.

## ئىككىنچى بۆلۈم: مۇتەۋاتىر سۈننەتنىڭ ھەممىسى ھۆججەتتۇر

مۇتەۋاتىر ھەدىس، - ئۇ ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن سۆزلەنگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق گۇمان بولماسلىقى، كۆپ كىشى كۆپ كىشىلەردىن رىۋايەت قىلغان بولۇشى، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ يالغاننى ئويدۇرۇپ چىقىش ئېھتىماللىقى يوق بولۇشى، سەنەدتىكى مەلۇم بىر راۋىينىڭ يالغان ئېيتىشى سەۋەبلىك بارلىق راۋىلەرنىڭ توغرا-خاتانى ئايرىيالماسلىق ئەھۋالىنىڭ يۈز بېرىشى ئىمكانسىز بولۇشى قاتارلىق شەرتلەرگە چۈشىدىغان ھەدىسنى كۆرسىتىدۇ.

مۇتەۋاتىر سۈننەت (ھەدىس) نىڭ دەلىل ئىكەنلىكى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ۋە ئىش-ئەمەللىرى بىلەن ئىسپاتلانغان. ھەمدە ساھابى كىرام ۋە تابىئىنلارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن تەستىقلانغان، شۇنداقلا ئۆلىما ۋە فەقىھلەرنىڭ ئورتاق تونۇشى بىلەن تەكىتلەنگەن.

## ئۈچىنچى بۆلۈم: ئاھاد ھەدىس (سۈننەت) نىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىللەر

### بەزىلەر[1] «مۇتەۋاتىر»[2] سۈننەتنىڭ دەلىل ئىكەنلىكىنى قوبۇل

---

[1] قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسلانغان نۇرغۇن دەلىللەر، ساھابە كىراملارنىڭ بىردەك قارىشى ۋە سەلەف سالىھىنلەرنىڭ تۇتقان يولى، بىرگە ئاھاد خەۋەرلەرنى شەرىئەتنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىدە (مەيلى ئېتىقادىي مەسىلىلەردە بولسۇن ياكى ئەمەلىي مەسىلىلەردە بولسۇن) قوبۇل قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىگە قەتئىي دەلالەت قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش بولسا بىر بىدئەتتۇر. بۇ بىدئەتنى تۇنجى قېتىم پەيدا قىلغانلار قەدەرىيە، جەھمىيە، مۇئتەزىلە ۋە بىر قىسىم كالام ئەھلى قاتارلىق گۇرۇپپىلار ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم ئېتىقادىي قاراشلىرىغا زىت كېلىدىغان دەلىللەرنى رەت قىلىش ئاساسىدا پەيدا قىلغان.

ساھابە كىراملار، تابىئىنلار ۋە سۈننەت ۋە ھەدىس ئەھلى ھەمىشە بۇ خەۋەرلەرنى ئېتىقاد ۋە ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە ھېچقانداق پەرقلەندۈرمەي ھۆججەت قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن ئاھاد خەۋەرلەرنى ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە ھۆججەت قىلىپ، جانابى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئىسىم-سىپەتلىرى ھەققىدىكى مەسىلىلەردە ھۆججەت قىلماسلىقنى رۇخسەت قىلغانلىقى نەقىل قىلىنمىغان.

ئىمام ئىبنى ئەبدۇلبەر خەبەر-ئاھاد ۋە ئالىملارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادىل يەككە كىشىدىن كەلگەن خەبەرى-ئاھادنى ئېتىقادىي مەسىلىلەردىمۇ «دىن ۋە شەرىئەت دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بۇ بارلىق سۈننەت ئەھلىنىڭ پوزىتسىيىسىدۇر» دېگەن. (ئۇنىڭ «ئەت-تەمھىد» كىتابىدىن)

ئىمام ئىبنى قەييىم: بۇ ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن رەببىمىز تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئىسپاتلاش ھەققىدە مەلۇم ۋە ئىشەنچلىك ئىجمانىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدۇر. بۇنىڭدا نەقىل ئىلمىدىن ئەڭ ئاز تەجرىبىسى بارلارمۇ شەك قىلمايدۇ. چۈنكى ساھابە كىراملار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) بۇ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلار بىر-بىرىدىن قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇلارنى ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ ھېچبىرى رىۋايەت قىلغۇچىلارنى رەت قىلمىغان. ئاندىن ئۇلاردىن بارلىق تابىئىنلار - باشتىن ئاخىرىغىچە ئۇلارنى قوبۇل قىلغان.» (ئۇنىڭ مۇختەسەر ئەس-سەۋائىق ئەل-مۇرسەلە كىتابىدىن)

[2] مۇتىۋاتىر - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر مۇنچە كىشىلەر ئاڭلىغان، ئۇنى يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر رىۋايەت قىلغان، رىۋايەن قىلغۇچىلارنىڭ يالغانغا بىرلىككە كېلىۋېلىش ئېھتىمالى بولمىغان ھەدىستۇر.

قىلىدۇ، ئەمما «ئاھاد»[1] سۈننەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. سەۋەبى: ئۇلار ئاھادنى ئۈچۈر مەنبەسى ئېنىق ئەمەس دەپ قارايدۇ، ھەمدە ئۇلار ئاللاھنىڭ دىنىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ «پەرەز» يەنى گۇمانىي دەلىللەر بىلەن ئەمەس، بەلكى «قەتئىي» يەنى ئېنىق دەلىللەر بىلەن تەيىن تېپىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىدۇ. چۈنكى پەرەز، يەنى گۇمان ھەقىقەتنى ئېنىق ئىپادىلىمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ھېچقانداق شەكىلدە ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، ـ دەپ قارايدۇ. بۇ مەسىلىگە تۆۋەندە بىر قانچە ماددا ئاساسىدا جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمىز:

بىرىنچى: ئاھاد ھەدىس ـ مۇتەۋاتىر بولمىغان ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىغا قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ:

1ـ غەرىب ھەدىس، ئۇ پەقەت بىرلا راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىغان ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

2 ـ ئەزىز ھەدىس، ئۇ پەقەت ئىككى راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىغان ھەدىسنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىر ھەدىسنى ئىككى تابىئىننىڭ ھەربىرى بىر ساھابىدىن رىۋايەت قىلىشى، ئاندىن ئىككى تەبئى تابىئىن ئايرىم ھالدا بۇ ئىككى تابىئىندىن رىۋايەت قىلىشىغا ئوخشاش.

3ـ مەشھۇر ھەدىس، سەنەدىنىڭ ھەممە قاتلىمىدا ئۈچ ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق راۋىي بولغان، ئەمما مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىس مەشھۇر ھەدىس ھېسابلىنىدۇ.

ئىشەنچلىكلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئاھاد ھەدىس سەھىھ ھەدىس بولۇشىمۇ، ھەسەن ھەدىس بولۇشىمۇ ياكى زەئىپ ھەدىس بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاھاد ھەدىسنىڭ قوبۇل قىلىنىش شەرتىگە قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىدىغانلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئاھاد ھەدىسنى دەلىل قىلىش ـ قىلماسلىق، ئۇنىڭ ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ھازىرلىغان بولسا ئېتىقاد مەسىلىلىرىدىمۇ ۋە ئەھكام

[1] ئاھاد ـ بىر ياكى ئىككى ئادەم ئارقىلىقلا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس.

مەسىلىلىرىدىمۇ دەلىل قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى: ھەممىگە قادىر ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار»[1]. بۇ ئايەتتىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ئادىل كىشىنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنى تەكشۈرۈش ۋاجىپ ئەمەسلىكى، ئەمما زەننىي يەنى قەتئىي بولمىغان خەۋەرلەرگە كۆرە ئەمەل قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئادەتتە زەننى دەلىللارغا ئاساسلىنىدۇ. چۈنكى زەننىي دەلىللەر بىلەن ھەرىكەت قىلىش دىنىي مەسىلىلەردە يوللۇق بولغىنىدەك، دۇنياۋى مەسىلىلەردە ساقلانغىلى بولمايدىغان زۆرۈرىيەت. سەۋەبى شۇكى، ئادەتتە بىزنىڭ دۇنيا ئىشلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئۈمىد، ئارزۇ ۋە پەرەزگە ئاساسلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم مەن ئوغلۇمنى ئۆيلەپ قويسام ئۇلتۇرىدۇ، دەپ ئۆي سالىدۇ، شۇنىڭدەك پۇلدار بولۇپ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىمەن دەپ تىجارەت قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىلار: ياخشى ئوقۇپ كەلگۈسىدە خىزمەتكە چىقىمەن، دەپ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. دېھقان ياخشى مول ھوسۇل ئالىمەن دەپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ. كەشپىياتچى ئالىم ۋە ئىنژېنېرلارنىڭ تۈنجى بايقاشلىرى گۇمان ۋە پەرەز ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ئەگەر ئىنسان ئېنىق نەتىجىگە قارىتا بىر ئىش قىلىدىغان بولسا ئىدى، يەنى نەتىجىسىنى ئېنىق بىلمەيدىغان ئىشنى قىلمايدىغان بولسا ئىدى، ھېچ قانداق ئادەم ئىش قىلمىغان بولاتتى ۋە دۇنيانىڭ چاقى توختاپ، ھايات ئىنسانلار ئۈچۈن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. چۈنكى ئىنسانلار قىلماقچى بولغان ئىشلارنى نەتىجىسى چوقۇم مۇشۇنداق بولىدۇ، دېگەن-ئىشەنچ بىلەن ئەمەس، ئۈمىد ۋە پەرەز بىلەن باشلايدۇ.

---

[1] ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوا أَن تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَىٰ مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ﴾ (سۈرە سۇھۇجەرات، 6 – ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ چاقى توختاپ قالمىدى ۋە قىيامەتكىچە توختاپ قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ پۈتۈن پىلان ۋە كەشپىياتلار گۇمانىي قاراش بىلەن باشلاپ، بىر قانچە تەجرىبە ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

مەسىلىنىڭ تېگىنى ياخشى ئانالىز قىلغاندا، پەرەز ۋە گۇمان بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئادەتتە رەببىمىزنىڭ بىز ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان رەھمەت-ئىنايىتى ھەمدە ئىلىم-پەن ۋە يېڭىلىق كەشىپ قىلىشنىڭ باشلانغۇچ خېمىر تۇرچى.

ئۈچىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي دەۋەت ۋە شەرئىي ئەھكاملارنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن قوشنا قەبىلە ۋە يات ئەللەرگە بىر قانچە ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەنلىكى مۇتەۋاتىر خەۋەرلەر بىلەن سابىت. بۇلارنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانىنى سۆز ئارقىلىق يەتكۈزگەن بولسا يەنە بەزىسى مەكتۇپ ئارقىلىق پادىشاھلارغا ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى مەلۇم. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى قەبىلىلەرگە ياكى پادىشاھلارغا دىنىي دەۋەت ياكى شەرئىي ئەھكاملارنى يەتكۈزۈشتە يالغۇز ھالدا، يەنى خەبەرى ئاھاد يولى بىلەن ئېلىپ بارغان. ھالبۇكى ئۇ ئەلچىلەر گۇناھ سادىر قىلمايدىغان پەيغەمبەر ياكى خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان پەرىشتە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەر گەرچە مۇتەۋاتىر ۋە سەھىھ خەۋەر بولسىمۇ، لېكىن خەۋەرنىڭ يەتكۈزۈلۈشى خەۋەر ئاھاد ھۆكمىدە يەر ئالىدۇ. دېمەك خەۋەر-ئاھاد دەلىل بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى ئادا قىلىنمىغان بولاتتى.

## تۆتىنچى بۆلۈم: ئاھاد خەۋەرلەرنىڭ يېتەرلىك تەكشۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت چۈشەندۈرۈش

مۇھەددىسلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى توغرىسىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سۈننەتكە ئەڭ چوڭ خىزمەت قىلغانلىقى دوست-دۈشمەن ھەممىسى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدىغان بىر ھەقىقەت. تارىختىن بۇيان سۈننەتكە ئەڭ چوڭ ۋە تەگداشسىز

خىزمەت قىلغانلار ھەدىس ئۆلىمالىرىدۇر. ئۇلار ئۆمرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىزمەت قىلىشقا ئاتىغان ۋە بۇ يولدا بارلىقىنى پىدا قىلىشتىن ئەسلا يانمىغان. ئۇلار ئىنسان ئەقلىنىڭ تېخىمۇ توغرىنى تېپىشى، ھەق-ناھەقنى ئايرىشى ۋە تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك خەۋەرلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئاجايىپ پۇختا، ئىنتايىن ئىنچىكە ئۇسۇل ۋە قائىدە–پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاندىن ئۇلار ھەدىسلەرنى بۇ توغرا قائىدىلەرگە سېلىش ئارقىلىق سەنەد ۋە تېكىستلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىنساننى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

شۇنداق بولىشىغا قارىماي يەنە بىر قىسىم شەرقشۇناس ۋە ئۇنى ياقىلىغۇچى شەخىسلەر ھەدىسلەرنىڭ تېكىست ۋە سەنەدلىرىنى تەكشۈرۈش كېرەكلىك دەرىجىدە تەكشۈرۈلمىگەنلىكىنى ياكى پرىنسىپ ۋە قائىدىلەرنىڭ مېتودى توغرا قوللىنىلمىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، خەۋەر-ئاھاد يولى بىلەن كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىقىدىن گۇمانلىنىپ، پۈتۈن خەۋەر-ئاھادنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

ئەسلىدە بۇنداق گۇمانى قاراشلارنىڭ ھېچ ئىلمى ئاساسى يوق. چۈنكى، تېكىست ۋە سەنەدلەرنىڭ ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈش، مۇھەددىسلەر تەرىپىدىن بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستلىرىنى چۈشىنىش، سېلىشتۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق بىرەر ھۆكۈمگە ئېرىشىش بىلەن بەزى ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر، تېكىست ۋە سەنەد تەكشۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ئەسەرلەردە «مەشھۇر، زەئىف، مەۋزۇ»[1] دېگەن تېما بويىچە ھەدىسلەرنىڭ مەشھۇرلىقى، ئاجىزلىقى ياكى توقۇلما ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ كۆپىنچىسى تېكىست تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۈيۈك ھەدىس ئالىملىرىنىڭ «ئىلەلۇل ھەدىس» (ھەدىسنىڭ

[1] مەشھۇر، ئاجىز، توقۇلما

زەئىپلىقىنىڭ ئىللەتلىرى) ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەمدە شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش ھاجەتكى، مۇجتەھىدلەرنىڭ ئۆز مەزھەپلىرى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەش ئاساسىدا يازغان غايەت زور ئەسەرلىرى شۇنىڭدەك ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ «علم الخلاف» (ئىختىلاپ ئىلمى)، «الفقه المقارن» (سېلىشتۇرما فىقھى) دېگەندەك نۇرغۇن ئەسەرلەر كېيىنكى ئالىملار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. ھەدىس تەھقىقچىلىرىنىڭ «علم مختلف الحديث ومشكله»[1] (ئوخشىمىغان ھەدىس ئىلمى ۋە ئۇنىڭ مەسىلىسى) دېگەندەك ئەسەرلىرى بۇنىڭ يەنە بىر پاكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن تېكىستلەرنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاشنى ئاساس قىلىدۇ.

شۇنداق، ئۇلار مەيلى مۇھەددىس بولسۇن ياكى فەقىھ (مۇجتەھىد) بولسۇن، بۇ ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان خىزمىتىگە كۆرە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئەمما ئۇلار خاتالاشمايدىغان پەرىشتە ئەمەس، بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزى ھەدىسلەرنى تەنقىد قىلىش، قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش توغرىسىدا قىسمەن پەرقلىق قاراشلار بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەزى ھەدىسلەرنى تەنقىدلەش ياكى قوبۇل قىلىشتا خاتالىق سادىر قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئوخشاشلا، تەنقىدكە موھتاج بەزى ھەدىسلەرنى تەنقىد قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىدە كامالەتكە يەتكەن ھەدىس ئۆلىمالىرىدىن بىرى، بۇنداق تەنقىدنى ئۆز ئەھلى تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنمىغان بىر ھەدىسنى ئاساسسىز نەپسى-خاھىشلاردىن يىراق ھالدا، ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈپ، ئۇ ھەدىسنىڭ تەنقىد قىلىنىشى كېرەكلىك ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، ئۇنداق ئالىمنى مىننەتدارلىق بىلەن تەبرىكلەپ، جانابى ئاللاھتىن ئىلمىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىمىز ۋە تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇق تىلەيمىز.

---

[1] «علم مختلف الحديث ومشكله» (محمد بن عمر بن سالم بازمول)

## بەشىنچى بۆلۈم: سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويۇش ئەۋزەللىكى بارلىقىغا دائىر دەلىللەر

### 1 ـ ئەقلىي دەلىللەر:

ئازغىنە بىر قىسىم مۇخالىپ گۇرۇپپىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇممەت ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ئام ھۆكۈملەرنى خاسلاشتۇرۇش، خاس ھۆكۈملەرنى كېڭەيتىپ بايان قىلىشتەك ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىگە، مۇستەقىل ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويالايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش پەقەت سۈننەتكە لايىقىدا مۇستەھكەم ئېسىلىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. بۇنى ئىسپاتلايدىغان ۋە قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن دەلىل-پاكىتلار بار. بىز تۆۋەندە بۇ پاكىتلارنىڭ بەزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز:

بىرىنچى دەلىل: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى» دېگەن سۆزى ۋە بۇنى مۆجىزىلەر بىلەن ئىسپاتلىشى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ۋە ئىسلامنىڭ بارلىق پىرىنسىپلىرىنى مۇستەقىل ئىسپاتلايدىغان بىردىن بىر دەلىل ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك سۈننىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى دەلىل: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىم ھەققىدە: «ئۇ ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ سۆزى» دېگەن سۆزى، ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىش ھەممە ئادەمگە ۋاجىپ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىككى سۆزى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈم بولۇپ، بۇنى ئىنكار قىلغان ھەر قانداق ئادەم دىندىن چىقىپ كۇفر گورۇھىغا قېتىلىپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى دەلىل: ئىسلام ئۇممىتىنىڭ سۈننەتنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش جەھەتتە ھۆججەت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىدە پۈتۈن ئەھلى ئىلىم «ئىجما» يەنى بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە ھۆكمى بايان قىلىنمىغان، ئەمما سۈننەت بىلەن ھۆكمى سابىت بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا پۈتۈن

ئەھلى ئىلىم ئورتاق تونۇشقا ئىگە. بۇ ئورتاق تونۇش سۈننەتنىڭ بۇ تۈر ھۆكۈملەردە مۇستەقىل ھۆججەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھۆكۈملەرنىڭ بەزىلىرى:

1. دادا تەرەپ بولسۇن ياكى ئانا تەرەپ بولسۇن چوڭ ئانىنىڭ مىراسخور بولۇپ «ئالتىدىن بىر» ئۈلۈش ئېلىشى.

2. «شۇفئە ھەققى» (يېقىن قوشنىنىڭ يىراق قوشنا ياكى باشقىلارغا نىسبەتەن ھوقۇقى جەھەتتىن ئۈستۈنلىكى).

3. «مۇساقات» (باغ سۇغۇرۇش ئىشى بەدىلىگە باغدىن ئېلىنغان ھوسۇلدىن بېرىلىدىغان ئۈلۈش توغرىسىدىكى كېلىشىم).

4. «قىراز» (مال ئىگىسى بىلەن مالنى ئىشلەتكۈچى ئوتتۇرىسىدىكى پايدا شېرىكچىلىكى).

5. بىر ئايال بىلەن ھاممىسىنى نىكاھتا بىرلا ۋاقىتتا جۇغلاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى.

6. يۈتنى يۇيۇش ئورنىغا ئۈتۈككە مەسھ قىلىشنىڭ جائىزلىقى.

7. كۈن ۋە ئاي تۇتۇلغاندا ئوقۇلىدىغان ناماز.

8. يامغۇر تىلەش دۇئاسىدا ئوقۇلىدىغان ناماز.

### 2 ـ سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى مۇستەقىللىقىغا دائىر دەلىللەر

بىرىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز رەببى تەرىپىدىن كەلگەن پۈتۈن ۋەھيىنى يەتكۈزۈشتە خاتالىشىش ۋە تېيىپ كېتىشتىن قوغدالغاندەك، قۇرئان كەرىم سۈكۈت قىلغان، ئەمما سۈننەت بىلەن سابىت بولغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىدە مۇتلەق قوغدالغاندۇر.[1]

ئىككىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ تۇسقىنىدىن يېنىش، مەيلى بۇ مۇئەككەد

[1] منزلة السنة من الكتاب وأثرها في الفروع الفقهية، (ص ٤٨٤).

سۈننەت بولسۇن ياكى بايان خاراكتېرلىك سۈننەت بولسۇن ياكى مۇستەقىل سۈننەت بولسۇن ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى ئايرىۋەتمەي ھەممىسىگە ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇشىنىڭ ۋاجىبلىقى. بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەتلەر بۇ ئۈچ خىل سۈننەتنىڭ ھەممىسىنى بىرى بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدىغانلىقىنى قەتئىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۈچىنچى: سۈننەتنىڭ شەرئىي دەلىل ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ھەدىسلەر سۈننەتنىڭ ھېچقانداق تۈرىنى ئايرىۋەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئىچىدە قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنمىغان، ئەمما سۈننەتتە ئېنىق بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنىمۇ خۇددى قۇرئان كەرىمدىكى ھۆكۈملەردەك قوبۇل قىلىش ۋاجىپتۇر. بۇ ھەقتە ئىبنى قەييىم جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «سۈننەت بىلەن بېكىتىلگەن، ئەمما قۇرئان كەرىمدە ئېنىق بايان قىلىنمىغان شەرئىي ھۆكۈملەر قۇرئان كەرىمدىكىدىن كۆپ بولمىسىمۇ ئاز ئەمەستۇر. ئەگەر قۇرئان كەرىمگە قوشۇمچە كەلگەن سۈننەتلەر رەت قىلىنغان تەقدىردە، قۇرئان كەرىم دالالەت قىلغان سۈننەتتىن باشقا بارلىق سۈننەتلەر ئىناۋەتسىز قىلىنغان بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز بېرىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ ئاگاھلاندۇرغان مەسىلىدۇر».[1]

تۆتىنچى: سۈننەت بىلەن سابىت بولغان ئەھكام مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، بۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدە ئېنىق بايان كەلمىگەن مەسىلىلەردىن كۆپلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىر ئايالنىڭ ھاممىسى بىلەن بىر نىكاھتا جەم قىلىنىشىنىڭ ھاراملىقى، ئېشەك گۆشىنىڭ ھاراملىقى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھاراملىقى قاتارلىق مەسىلىلەرگە ئوخشاش[2].... بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەزرىتى ئەبۇ جۇھەيپە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى مەن ھەزرىتى ئەلىي ئىبنى ئەبى تالىپتىن: «سەندە ئاللاھنىڭ كىتابىدىن باشقا ۋەھيىگە ئالاقىدار بىر نەرسە بارمۇ؟» دېسەم، ئۇ زات ماڭا جاۋاب بېرىپ دېدىكى، ئۇرۇق-دانلارنى

[1] إعلام الموقعين، (٢/ ٣٠٩).

[2] المصدر نفسه، (٤/ ١٦).

پارچىلاپ (ئۈندۈرگەن)، جانلىقلارنى ياراتقان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، جانابى ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش ۋە ئەھكاملىرىنى بىلىش ھەققىدە ئاتا قىلغان ئىلمى ۋە بۇ سەھىپىدىكى نەرسىلەردىن باشقا ھېچنەرسە يوق» دېدى، ئاندىن «بۇ سەھىپىدىكى نېمە؟» دەپ سورىدۇم، ئۇ: «ئاقىلە، يەنى دىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر، شۇنىڭدەك (مۇسۇلمان) ئەسىرلەرنى (قايسى يول بىلەن بولسۇن) ئازاد قىلىش ۋە (ھەربىي) كاپىرنى ئۆلتۈرگەن بىر مۇسۇلماننى (قىساس ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى» قاتارلىق مەسىلىلەر»[1] دەپ جاۋاب بەردى.

بەشىنچى: قۇرئان كەرىمگە قوشۇمچە بولۇپ كەلگەن سۈننەتكە ئەگىشىشنىڭ ۋاجىبلىقى.

چۈنكى ئۇمۇ ئاللاھتىن كەلگەن ھېكمەت (سۈننەت) بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئانغا زىت كەلمەيدۇ. ئىبنۇل قەييۇم (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ ئۈچ تەرەپلىمىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتقان:

بىرىنچىسى: «قۇرئان كەرىمگە ھەر جەھەتتىن مۇۋاپىق بولغان سۈننەت، بۇ بىر مەسىلىنى قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ تەڭ تەكىتلەپ، كۈچلەندۈرۈش ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىككىنچى: قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت قىلغان مۇرادىنى بايان قىلىپ، ئۇنى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇش ئاساسىدىكى سۈننەت.

ئۈچىنچىسى: قۇرئان كەرىم جاۋاب بەرمىگەن ياكى ھاراملىقى توغرىسىدا ھۆكۈم بايان قىلمىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ، ھۆكمىنى بايان قىلىش ئاساسىدىكى سۈننەتتۇر. مانا بۇ سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېكىتكەن شەرئىي ھۆكۈمدۇر، بۇ ھۆكۈمدە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپتۇر. بۇ ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ كىتابىدا بۇيرۇلغانغا ئەمەل قىلغانلىقىدۇر. ئەگەر بۇ خىل مەسىلىلەردە رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىنمىسا، قۇرئان كەرىمدىكى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ ئەھمىيىتى قالمايدۇ. سۈننەتنىڭ پەقەت قۇرئان كەرىمگە مۇۋاپىق كەلگەن قىسمىغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا پەيغەمبەرگە خاس بولغان ﴿ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇلارغا (مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ھەزەر ئەيلەڭلار... ﴾[1] دېگەن ئاللاھنىڭ ئىتائەت ئەمرى بولمىغان بولاتتى.[2]

### 3 ـ سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى مۇستەقىللىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم مىساللار

1ـ ﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلداش ھەمشىرىڭلارنى... ئېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾[3] ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سۆزىدە دېيىلگەنلەردىن سىرت، يەنە سۈننەتتە ئېمىلداش تۇغقانلارنىڭ نىكاھ قىلىنىشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈمدە: «نەسەب جەھەتتىن نىكاھلىنىشى ھارام قىلىنغانلار ئېمىلداشلىق جەھەتتىمۇ نىكاھلىنىشى ھارام قىلىنىدۇ»[4] دېگەن ھەدىس ئارقىلىق مۇستەقىل ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

2ـ ئىككى ئەرنىڭ گۇۋاھلىقى ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈم قۇرئان كەرىمدە: ﴿سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى

---

[1] ﴿وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَاحْذَرُوا﴾ (سۈرە مائىدە، 92 – ئايەت)

[2] شەرئەت سىياسىتىدىكى قائىدە ئۇسۇللىرى 1ـ توم، 107 بەت.

[3] ﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمْ أُمَّهَاتُكُمْ وَبَنَاتُكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ وَعَمَّاتُكُمْ وَخَالَاتُكُمْ وَبَنَاتُ الْأَخِ وَبَنَاتُ الْأُخْتِ وَأُمَّهَاتُكُمُ اللَّاتِي أَرْضَعْنَكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ مِنَ الرَّضَاعَةِ ﴾ (نىسا سۈرىسى، 23 – ئايەت).

[4] «يَحْرُمُ مِنَ الرَّضَاعِ ما يَحْرُمُ من النَّسَبِ» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ﴾[1] دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، سۈننەتتە مۇستەقىل هالدا دەۋاگەردىن گۇۋاهچى بىلەن بىرگە قەسەم تەلەپ قىلىنغان. بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋاگەردىن قەسەم تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە بىر گۇۋاهچىنىڭ شاهىدلىقىنى ئاساس قىلغان»[2].

3ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە زەيد ئىبنى خالىدتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇلار مۇنداق دېگەن: «بەدەۋىيلەردىن بولغان بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ھۆكۈم قىلىپ قويغان بولسىلا دېگەندە، مەسىلىنىڭ تېگىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدىغان ئىككىنچى كىشى قوپۇپ: توغرا، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويسىلا، دېدى ۋە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولىدۇ، (قېنى نېمە ئىش بولغانتى؟) دېدى. ئاندىن ھېلىقى ئادەم ئېيتتىكى، مېنىڭ ئوغلۇم بۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئىشلەيتتى، (نادانلىق قىلىپ) ئايالى بىلەن يامان ئىش قىلىپ قويۇپتۇ، ئاندىن ماڭا ئوغلۇمنىڭ چالما كېسەك قىلىنىشى كېرەكلىكى ئېيتىلدى، ئاندىن مەن بۇ كىشىگە يۈز قوي ۋە بىر خىزمەتچى پىدىيە بەرگەن بولدۇم، كېيىن ئەھلى ئىلىمدىن سورىسام، ئۇلار: بالامغا يۈز قامچا ئۇرۇلۇپ، ئاندىن بىر يىللىق پالىنىشى كېرەكلىكىنى، ئۇ ئايالنىڭ چالما-كېسەك قىلىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ

---

[1] ﴿وَاسْتَشْهِدُوا شَهِيدَيْنِ مِنْ رِجَالِكُمْ فَإِنْ لَمْ يَكُونَا رَجُلَيْنِ فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّنْ تَرْضَوْنَ مِنَ الشُّهَدَاءِ أَنْ تَضِلَّ إِحْدَاهُمَا فَتُذَكِّرَ إِحْدَاهُمَا الْأُخْرَى﴾ سۈرە بەقەرە، 282 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلسام، قويلار بىلەن خىزمەتچى ساڭا قايتۇرۇلىدۇ، ئوغلۇڭغا يۈز قامچا ئۇرۇلۇپ، بىر يىللىق يۇرتىدىن پالىنىدۇ، سەن ئى ئۇنەيس! ئايال قېشىغا بارغىن، ئايال ئەگەر جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلسا، چالما كېسەك قىلغىن... راۋىي ئېيتىدۇكى ھېلىقى ئادەم ئايالنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئايال گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى چالما-كېسەك قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە چالما-كېسەك قىلىنىدۇ.»[1] شۇ ھەممىمىزگە مەلۇمكى قۇرئان كەرىمدە زىناخورنى بىر يىل يۇرتىدىن پالاش دېگەن ھۆكۈم يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھۆكمى سۈننەتنىڭ ۋەھيي ماھىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان روشەن دەلىللەرنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىدە ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

4- يەئلا ئىبنى ئۇمەييە رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىللە بىلەن ئىدۇق، بىر كىشى كېلىشكەن تون كىيگەن ۋە بەدىنىدىن ئەتىر پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان ھالەتتە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرامغا كىردىم، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى. شۇ پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كېلىشكە باشلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئادىتى بويىچە كىيىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سايىۋەن قىلىپ بەردى. مەن ھەزرىتى ئۆمەرگە: ‹سايىۋەننىڭ ئىچىگە مەنمۇ بېشىمنى تىقىۋالسام بولامدۇ؟› دېدىم. ئاندىن مەنمۇ سايىۋەنگە بېشىمنى تىقىپ، ۋەھيي تۈگىگۈچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ تۇردۇم. ۋەھيي تۈگىگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆمرە توغرىسىدا سوئال سورىغان كىشى قەيەردە؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى كىشى ئورنىدىن تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تونىنى سېلىۋەتكىن، بەدىنىڭدىكى ئەتىر پۇرىقىنى يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن ھەجدە قىلىدىغان پائالىيەتلەرنى ئۆمرىدىمۇ قىلساڭ بولىدۇ»[2] دېدى.

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

5. ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن ئالتۇن-كۈمۈش قاچا-قۇچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھارام قىلىنىشى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاچىدا (بىر نەرسە) ئىچسە، ئۇنداق كىشىنىڭ قورسىقىدا چوقۇمكى دوزاخنىڭ ئوتى گۇلدۇرلەيدۇ»[1] .

6 - ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشى ۋە ئالتۇننى (زىبۇ-زىننەت ئورنىدا ئىشلىتىشى)نىڭ ھارام قىلىنىشى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن جانابى ئاللاھ يىپەك ۋە ئالتۇننى ئۈممىتىمنىڭ ئاياللىرىغا ھالال ۋە ئەرلىرىگە ھارام قىلدى»[2].

7. بىر ئايالنىڭ ئۆستىگە ئۇ ئايالنىڭ ھاممىسىنى ئېلىشىنىڭ (يەنى ئىككىسىنى بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا جەملەشنىڭ) ھاراملىقى. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ھاممىسىنىڭ ئارىسىنى بىر (ئەرنىڭ) نىكاھىدا جۇغلاشقا بولمايدۇ»[3].

8. ئېشەك گۆشىنى يېيىشنىڭ ھارام قىلىنىشى. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر كۈنى يەرلىك ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلىگەن»[4]

9. يىرتقۇچ ھايۋان ۋە يىرتقۇچ ئۇچارلىقلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ھاراملىقى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىرتقۇچ ھايۋان ۋە

[1] «مَنْ شَرِبَ في إِنَاءٍ من ذَهَبٍ أو فِضَّةٍ؛ فَإِنَّمَا يُجَرْجِرُ في بَطْنِهِ نَارًا من جَهَنَّمَ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

[2] «إِنَّ اللَّهَ عز وجلَّ أَحَلَّ لإِنَاثِ أُمَّتِي الْحَرِيرَ وَالذَّهَبَ، وَحَرَّمَهُ على ذُكُورِهَا» (ئىمام نەسەئى رىۋايىتى).

[3] «لاَ يُجْمَعُ بين الْمَرْأَةِ وَعَمَّتِهَا، وَلا بَيْنَ الْمَرْأَةِ وَخَالَتِهَا» ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[4] عن جَابِرِ بن عبد اللَّهِ رضي الله عنهما قال: (نَهَى رَسُولُ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم يَومَ خَيْبَرَ عَنْ لُحُومِ الْحُمُرِ الأَهْلِيَّةِ» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

يىرتقۇچ ئۇچارلىقلارنىڭ (گۆشىنى يېيىشتىن) توسقان»[1]

10ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەيىزدارلار ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ ئەمەسمۇ؟»[2] دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ھەيىزدار ۋە نىپاستار ئاياللاردىن ناماز ۋە روزىنىڭ ساقىت قىلىنغانلىقى. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ: «بىزدە ئاشۇ ئەھۋال كۆرۈلگەندە، ساقايغاندىن كېيىن، نامازنىڭ قازاسىنى قىلمايتتۇق ئەمما روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇلاتتۇق»[3]

11ـ كاپىرنىڭ بەدىلىگە مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇش، يەنى ئۇرۇش ھالىتىدە بىر مۇسۇلمان بىر كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۇ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كاپىرنىڭ بەدىلىگە مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلمەيدۇ»[4]

12ـ ھاراق ئىچكۈچىنىڭ جازاسى؛ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھاراق ئىچكەن بولسا، ئۇنى قامچىلاڭلار، ئەگەر تۆتىنجى قېتىمغا يېتىپ قالسا ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىڭلار»[5]

13ـ چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسى، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بۇ (مەسىلىگە ئالاقىدار ھۆكۈم ۋە مەلۇماتنى مەندىن ئېلىڭلار! (ئىسلامنىڭ باشلانغۇچ چاغلىرىدا زىناخور ئاياللار ئۆيگە سولاپ قويۇلاتتى، كېيىن بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارغا ئاللاھ چىقىش يولى بەردى، توي قىلمىغان قىز بىلەن توي قىلمىغان ئەر زىنا قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى يۈز قامچا ئۇرۇش بىلەن

[1] عن ابن عَبَّاسٍ رضي الله عنهما؛ «أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ كُلِّ ذِي نَابٍ مِنَ السِّبَاعِ، وَعَنْ كُلِّ ذِي مِخْلَبٍ من الطَّيْرِ» (ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

[2] «أَلَيْسَ إذا حَاضَتْ لَمْ تُصَلِّ ولم تَصُمْ» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

[3] عن عائشة رضي الله عنها: «كَانَ يُصِيبُنَا ذلك فَنُؤْمَرُ بِقَضَاءِ الصَّوْمِ، وَلاَ نُؤْمَرُ بِقَضَاءِ الصَّلاَةِ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

[4] «لاَ يُقْتَلُ مُسْلِمٌ بِكَافِرٍ» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

[5] «مَنْ شَرِبَ الْخَمْرَ؛ فَاجْلِدُوهُ، فَإِنْ عَادَ في الرَّابِعَةِ؛ فَاقْتُلُوهُ» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى).

بىرگە بىر يىل يۇرتىدىن پالاش، ياتلىق بولۇپ بولغان ئايال بىلەن تويى قىلىپ بولغان ئەر زىنا قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى يۈز قامچا ئۇرۇپ ئاندىن چالما-كېسەك قىلىشتۇر»[1]. (ئەمما جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ قارىشىدا تويى قىلىپ بولغان ئەر ۋە ئاياللار پەقەت چالما-كېسەك قىلىنىدۇ، قامچىلانمايدۇ).

14- مۇرتەدنىڭ جازاسى، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلغانلاردىن باشقىسىنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال ئەمەس؛ بىرىنچىسى: تويى قىلىپ بولغان زىناخور، ئىككىنچىسى: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، ئۈچۈنچىسى: جامائەتتىن ئايرىلىپ، دىنىنى تاشلىغۇچى-مۇرتەد»[2]

15- مۇتئە، يەنى ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشنىڭ چەكلىنىشى، ھەزرىتى ئەلىيدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدەستە ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «خەيبەر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇتئە يەنى ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشتىن چەكلىگەن»[3].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەردىن ۋە سۈننەتنىڭ قانۇن چىقىرىشتىكى مۇستەقىللىقى توغرىسىدىكى مىساللاردىن، تۆۋەندىكىلەرنى خۇلاسىلاشقا بولىدۇ:

1- قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىككى ئاساسى مەنبەسىنىڭ تولۇق بىرلەشكەنلىكى ۋە سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن تەكامۇللاشقانلىقى، سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىرىنمۇ

---

[1] «خُذُوا عَنِّي، خُذُوا عَنِّي، قد جَعَلَ اللهُ لَهُنَّ سَبِيلاً، الْبِكْرُ بِالْبِكْرِ جَلْدُ مِائَةٍ وَنَفْيُ سَنَةٍ، وَالثَّيِّبُ بِالثَّيِّبِ جَلْدُ مِائَةٍ وَالرَّجْمُ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

[2] «لاَ يَحِلُّ دَمُ امْرِئٍ مُسْلِم يَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَأَنِّي رسولُ اللَّهِ إِلاَّ بِإِحْدَى ثَلاَثٍ: الثَّيِّبُ الزَّانِي، وَالنَّفْسُ بِالنَّفْسِ، وَالتَّارِكُ لِدِينِهِ الْمُفَارِقُ لِلْجَمَاعَةِ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

[3] عن عليٍّ رضي الله عنه؛ «أَنَّ النبيَّ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ نِكَاحِ الْمُتْعَةِ يوم خَيْبَرَ» (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

قالدۇرۇپ قويماي چۈشەندۈرۈپ، بايان قىلغانلىقى، ئىخچام ھۆكۈملەرنى يەشكەنلىكى، مۇتلەق ھۆكۈملەرنى مۇقەييەد قىلغانلىقى، ئام ھۆكۈملەرنى خاسلاشتۇرغانلىقى ۋە قۇرئاندا تىلغا ئېلىنمىغان مەسىلىلەرگە مۇستەقىل ھالدا ھۆكۈم چىقارغانلىقىدۇر.

2ـ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكى؛ ھەر ئىككىسىنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىنغانلىقى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھېچ قانداق بىر توقۇنۇش ۋە زىتلىقنىڭ يوقلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

3ـ ئالىملارگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىلاھىي غەمخورلۇقنىڭ مۇكەممەلـلىكىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۇ زاتقا كۆرۈنۈشتە مۇستەقىل ئەمما ماھىيەتتە قۇرئان كەرىمگە تەۋە سۈننەتتىن ئىبارەت شەرئىي قانۇن ۋە ئەھكاملارنى ئاتا قىلىپ تېخىمۇ زور ئېھساندا بولغانلىقى.

## ئالتىنچى باب

## سۈننەت نۇرىدا يېتىلگەن ساھابە كىرام، تابىئىن ۋە تەبى-تابىئىنلەرنىڭ سۈننەت ھەققىدە قانداق خىزمەتلەرنى قىلغانلىقى توغرىسىدا

### قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت نۇرىدا يېتىلگەن يېڭى جەمئىيەت

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئەرەب يېرىم ئارىلى جاھىلىيەت دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ جۇغراپىيەدىكى ئىنسانلار ئارىسىدىن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدى ۋە قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ، ئۇلارغا ھىدايەت يولىنى كۆرسەتتى. دەسلەپتە بۇ يېڭى دىن ئۇلارغا ناھايىتى يات تۇيۇلدى. نەتىجىدە، ئۇلار پەيغەمبىرىمىزگە ئون ئۈچ يىل داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلىدىكى ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئىسلام دىنى پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا تارقالدى. ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ رايوندىكى خەلق ئاساسەن ئىسلام دىنى بىلەن تونۇشۇپ بولدى. ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ پەقەت ئىدىيە، پىكىر ۋە ئېتىقادىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنىمۇ ئۆزگەرتتى. ئۇلار گويا قايتا تۇغۇلغاندەك، يېڭى ئىدىيە، يېڭى دۇنيا قاراش ۋە ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلەر بىلەن يېڭى ھايات باشلىدى.

چۆل-باياۋانىدا، چېدىرلاردا ياشايدىغان بۇ بەدەۋىي خەلق قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى ۋە ئۈلگىسىگە ئايلاندى. ئۇلارغا ھەر كۈنى پەيغەمبىرى ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى تەلىماتلار يېتىپ كېلەتتى. گەرچە ئۇلار ساۋاتسىز ۋە ئاددىي خەلق بولسىمۇ، ئەمما كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە ئۆتكۈر زېھنىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىر قېتىم ئاڭلىغان نەرسىنى ئۇنتۇمايتتى.

مەلۇمات ئېلىش، ئۇچۇر ساقلاش ۋە ئارخىپلاشتۇرۇش مەنبەسى ئاساسەن دېجىتاللاشقان، بىرەر ئەسەر ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ تېلېفون نومۇرىنىمۇ ئېسىدە ساقلاش تەسلەشكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ قۇرئان كەرىمنى 2 ، 3 ئايدا يادلاپ تۈگىتىدىغان ئەقىل-زېھنى ئۇچۇق قابىلىيەتلىك پەرزەنتلىرىمىز بار. قانداقلا بولمىسۇن، ئاددىي تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەن ئۇ دەۋرنىڭ ساددا ئىنسانلىرىنىڭ ھەر بىرى ئەستە ساقلاش داھىلىرى ئىدى. ئاڭلىغانلىرىنى دەرھال يادلايتتى ۋە ئۇنتۇپ قالمايتتى.

ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەم ئەرەب قەبىلىلىرىگە ھەمدە دۇنيا لىدەرلىرىگە مەكتۇپ ئەۋەتكەن. دۇنيانىڭ تۆت ئەتراپىغا تارقالغان بۇ ئەلچىلەر ۋە بۇ ئەلچىلەر بىلەن بىرلىكتە بارغان مۇئەللىملەر ئۆزلىرى بارغان يەرلەردە قۇرئان ۋە سۈننەتتىن ئۆگەنگەنلىرىنى باشقىلارغىمۇ يەتكۈزگەن، ھەمدە ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ قەبىلىلەر ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارغا قۇرئان ۋە سۈننەتنى چۈشەندۈرۈپ تارقىتىشقا تىرىشقان. شۇڭىمۇ مەككە پەتھى قىلىنغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى ساھابىلەر ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. مانا بۇنىڭدەك ياخشى مۇھىت ۋە شارائىتتا ئاياللارمۇ بۇ سەپەرۋەرلىكتە ئەرلەردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە تىرىشىپ كۈچ سەرپ قىلغان. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن. مانا مۇشۇنىڭدەك جىددىي سەپەرۋەرلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە ھەججەتۇل ۋىدا كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا يۈز مىڭدىن ئوشۇق ئىنسان توپلانغانتى.

شۇنداق، پەيغەمبىرىمىز ھەججەتۇل ۋىدادا ئەتراپىدىكى ئىنسانلارغا مىراستىن، قان دەۋالىرىدىن، ئاياللار ھوقۇقىدىن سۆز قىلغان... جازانىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن... ئۈممەتنىڭ كەلگۈسى ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەسىھەتلەردە بولغان ۋە بۇ نەسىھەتلەرنى ئۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ ھازىر بولمىغانلارغا يەتكۈزۈشىنى تەۋسىيە قىلغان. مانا دىن تولۇقلانغان نېمەتلەر تاماملانغان ۋە ئاللاھ مۆئمىنلەر ئۈچۈن ئىسلامغا رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن بۇنىڭدەك ئۇلۇغۋار بىر مۇبارەك كۈندە ھازىر بولغانلار بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ، بېشى كۆككە يېتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇلار دىنىنىڭ تاماملانغانلىقىدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇبۇۋۋەت ۋەزىپىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، ئۇ زاتنىڭ ئەمدى جىسمانىي تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ دىققىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە مەركەزلەشكەندەك قىلغان بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن قەلبى قايناۋاتقان قازاندەك ۋاراقشىپ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلۈپ، ئەتراپ يىغىزارلىق ماتەمگاھقا ئايلانغانتى[1]. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي: **﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)﴾**[2] دېگەن ئايەت قۇرئان كەرىمدىن ئەڭ ئاخىرى نازىل بولغان بولۇپ، ساھابە كىراملارنىڭ مەزكۇر چۈشەنچىسىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ساھابە كىراملار پۈتۈنلەنگەن مانا بۇ دىنىنىڭ پىرىنسىپى بويىچە ياشاش ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن، ھەمدە ۋەزىپىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە ئېغىر ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇ زاتنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، ھەج بابى. 147 – بەت.

[2] ﴿وَاتَّقُوا يَوْمًا تُرْجَعُونَ فِيهِ إِلَى اللَّهِ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ (بەقەرە سۈرىسى، 281 – ئايەت).

ھاياتىدا قالدۇرغان نەمۇنىلىك ھايات پائالىيىتىنىڭ (يەنى سۈننەتنىڭ) قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭ دەۋر قىيامەتكىچە پۈتۈن ئىنسانلارغا يەتكۈزىلىشىنى ۋە بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆزلىرى بىلەن باشلانغانلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلىغانلىرىنى، كۆرگەنلىرىنى ئېسىدە ساقلاپ، ھاياتىغا بىرمۇ-بىر تەتبىقلاپ، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزگەن. بۇ شەكىلدە سۈننەت قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىگە ئوخشاش ئەڭ ساپ ۋە ئەڭ توغرا قاناللار بىلەن باشلىنىپ، بۇ قاناللار ئارقىلىق كۈنۈمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.

## ساھابە كىراملارنىڭ سۈننەتكە ئەگىشىشتىكى سەزگۈرلۈكى

قۇرئان كەرىم رەسۇلۇللاھنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە قانداق ئەھمىيەت كۆرسەتكەن بولسا، ساھابە كىراملارمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان، ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى مۇخالىپ سۆز-ھەرىكەتتە بولۇشتىن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلغان. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىدىن كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى شەكسىز قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنى ئۆزلىرىگە ھەر ئىشتا ئۆرنەك ۋە ھاكىم بىلەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ جانابى ئاللاھ بۇ مەسىلىنى ئىمان مەسىلىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿**(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ**﴾[1] . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سۈننەت توغرىسىدا ئىنتايىن سەگەك ۋە سەزگۈر ئىدى.

ئەمدى بۇ مەسىلىنى بىر ئىككى ئۆرنەك بىلەن تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇ-

---

[1] ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ (نىسا سۈرىسى، 65 – ئايەت).

رۇشقا تىرىشايلى.

**ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا غازاتقا تەييارلىغان ئاڭ ئاخىرقى قوشۇن «ئۇسامە»[1] قوشۇنى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىملىقلارغا قارىشى يۈرۈش قىلماقچى بولغان بۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىقىغا «مۇئتە» قەھرىمانى زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ ئوغلى ئۇسامىنى تەيىن قىلىپ ئۇنىڭغا: «ئاللاھنىڭ ئىسمى ۋە بەرىكىتى بىلەن داداڭ ۋاپات قىلىنغان يەرلەرگە بارغىن ۋە ئۇ يەرلەرنى ئاتلىرىڭ بىلەن پايمال قىلغىن»[2] دېگەنتى.

ھەزرىتى ئۇسامىنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇلغان بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئوسمانغا ئوخشاش مەشھۇر ۋە چوڭ ساھابە كىراملارمۇ بار ئىدى. ئەسكەرلەر ھەرىكەتلىنىشىنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالغانتى. ئەسكەرلەر مەدىنىنىڭ سىرتىدا يۈرۈشكە ھازىرلىق قىلىۋاتاتتى، بۇ جەرياندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلىنىڭ بارغانچە ئېغىرلىشىۋاتقانلىق خەۋىرى تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۇسامە بايراقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تىكىپ قويۇپ ھۇزۇرىغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەپ قىلالمايتتى. ھەزرىتى ئوسامە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆيگە كىرىشىم بىلەن تەڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرگەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۈستۈمگە قويدى. مەن بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ماڭا دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم».

---

[1] «ئۇسامە» 614 ـ يىلى مەككىدە توغۇلغان، 674 – ۋاپات قىلغان؛ دادىسىنىڭ ئىسمى زەيد ئىبنى ھارىس، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئۇممۇ ئەيمەن.

[2] «تەبەقاتۇل كۇبرا» 2 – توم، 190 بەت، (ئىبنى سەئد). ـ ئىبنى سەئد (مىلادىيە 777 ـ يىلى بەسرىدە تۇغۇلغان، 845ـيىلى 2ـئاينىڭ 16ـكۈنى باغداتتا ۋاپات قىلغان ھەدىس، سىرە، تارىخ ۋە نەسەبشۇناس ئالىمى.

ئۇ ئىسلام دۇنياسىدا «تەبەقات» ناملىق كىتابى بىلەن تونۇلغان. ئۇ بەسرىدىكى تابىئىن ۋە تەبەئە تابىئىن ئالىملىرىدىن دەرس ئالغان. ئۇ كۇفە ، مەدىنە ۋە مەككىگە بېرىپ ھەدىس قوبۇل قىلغان.

بۇ ئارىلىقتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلانغاندەك كۆرۈنەتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئۇسامە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ ئەسكەرلەرگە ئۇرۇشقا ئاتلىنىشقا بۇيرۇق قىلغانتى، دەل شۇ پەيتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى يەنە ئېغىرلىشىپ بۇ پانى ئەلەم بىلەن خوشلىشىپ، باقىي ئالەمگە كەتكەنلىك خەۋىرى تارقالدى[1].

شۇنداق، ھەزرىتى ئۇسامەنى مۇئتە يۇرۇشىگە قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن زات—پەيغەمبىرىمىز ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ ئارقىسىدا ئىش-ئىزلىرىنى ھەقىقىي مەنىدە تولۇق ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەركەكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى خەلىپە بولۇپ سايلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات خەۋرىنى ئاڭلىغان قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى زاكات بېرىشتىن باش تارتقان بولسا، يەنە بىر قىسمى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ چىققان مۇسەيلەمەتۇل كەززابقا ئەگىشىپ مۇرتەد بولۇپ كەتكەنتى. مانا مۇشۇنىڭدەك جىددىي بىر ۋەزىيەتتىمۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى يىرتقۇچ ھايۋانلار تۆت ئەتراپىمىزدىن ھۇجۇم قىلىپ بىزگە خىرىس قىلغان تەقدىردىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەپىلدەتكەن بۇ بايراقنى چۈشۈرۈشنى ئەسلا خالىمايمەن» دېگەن ھالدا، ئۇسامىگە ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئەمرى بەرگەنتى. ھەمدە ئەسكەرلەرنى ئۇزىتىش مۇراسىمىدا ئۇسامە ئات ئۈستىدە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پىيادە ھالدا ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ قويغان. مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن يىگىتلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرىگە بۇ قەدەر سەزگۈرلۈك بىلەن ئەھمىيەت كۆرسىتەتتى ۋە جىددىي قارايتتى.

**ھەزرىتى ئۆمەر:**

بۈيۈك پەراسەت ئىگىسى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئۆمەر بىر كۆنى قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ دىيىتى ھەققىدە ئىجتىھاتتا بولغان. ساھابە كىراملاردىن بىر كىشى ئۇ زاتقا ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ

[1] «تەبەقاتۇل كۇبرا» 2 – توم، 191 بەت، (ئىبنى سەئد).

ئەمرى! مېنىڭ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىم بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىر قولدا بەش بارماق ئىككى قولدا ئون بارماق بار، ھەر قول ئۈچۈن قارارلاشتۇرۇلغان دىيەت قانچىلىك بولسا، ئۇ دىيەت بارماقلار ئارىسىدا تەڭ بۆلۈنىدۇ، بىر قولغا يېرىم دىيەت، ئىككى قولغا پۈتۈن دىيەت كېلىدۇ. ئۇنداقتا ھەر بارماققا ئون تۆگە دىيەت تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ»[1] دېگەندە، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بېشى قېيىپ كېتىدۇ ۋە: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى ئۆمەر! بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى بولغان تۇرۇقلۇق سەن قانداقمۇ ئىجتىھات قىلىسەن؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى قاتتىق كايىيدۇ.

شۇنداق، سۈننەت شۇ دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى.

ساھابە كىراملاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىم ھەزرىتى ئۆمەر غەنىيمەت تەقسىم قىلىۋېتىپ ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش غەنىيمەت بەردى. مەن: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى مېنى بۇ خۇسۇستا خىجىل قىلمىغان بولسىلا! دەپ غەنىيمەت ئالمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم»؛ ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر، ماڭا ئېيتتىكى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشتىم. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا بىر نەرسە بەرگەندە مەنمۇ ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرگەن ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ماڭا: «بۇنى ئالغىن، سېنىڭ مېلىڭ بولسۇن، خالىساڭ سەدىقە قىلغىن. سەن تەمە قىلماي كەلگەن مال-مۈلۈكنى قوبۇل قىلساڭ بولىدۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق» دېگەن؛ مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى تەكرارلايمەن. بۇ خۇسۇستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن ھۆكمى مانا بۇ»[2]. يەنە شۇنىڭدەك ھەزرىتى ئۆمەر ئەسىر نامىزىدىن كېيىن مەسجىتتە زەيد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنىينىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ؛ توغرا، ناماز مۆمىنىنىڭ

[1] «المصنف» (ئىمام ئابدۇررازاق سەنئانى)

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ئەھكام بابى، 17 – بەت.

مىراجىدۇر، كۆزىنىڭ نۇرى ۋە دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. ئەمما نامازنىڭ ئوقۇلىدىغان ۋاقتى بولغىنىدەك، ئوقۇلمايدىغان ۋاقتىمۇ بولىدۇ؛ سۈننەتكە ئۇيغۇن ئوقۇلغان ناماز ئىبادەت، سۈننەتكە خىلاپ بولغان ناماز بىدئەتتۇر. بىر قىسىم ساھابە كىرامنىڭ سىرتىدا ئومۇمەن ساھابە كىرام ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئەھلى سۈننەت ۋەلجەمائەت ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ قارىشىدا، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇش توغرا ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك ھەزرىتى ئۆمەر قولىدىكى قىلىچى بىلەن زەيد ئىبنى خالىدنى دۈشكەلەپ، سۈننەت توغرىسىدىكى سەزگۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ زاتنىڭ بۇ سەزگۈرلۈكىنى كۆرگەن ھەزرىتى زەيدمۇ ئوخشاش سەزگۈرلۈك بىلەن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «كاللامنى ئېلىۋەتسەڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەسىر نامىزىدىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ ئىككى رەكەت نامازنى ئەسلا تاشلىمايمەن»[1] بۇ خۇسۇستا ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىزدىن مۇنداق بىر ۋەقەلىك رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبىرىمىز ئادا قىلىپ كەلگەن نەپلە ئىبادەت ۋە زىكىر–تەسبىھلىرىنى ئەسلا تاشلىمايتتى. ئەگەر كېچە ئىبادىتىنى بىرەر سەۋەبلىك ئادا قىلالمىغان بولسا، ئۇ كېچىنىڭ كۈندۈزىنى ناماز ۋە دۇئا–تەلەپلەر بىلەن ئۆتكۈزەتتى. شۇ جۈملىدىن بىر كۈنى ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدىغان مېھمانلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كەتتى ۋە پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتىنى ئادا قىلالماي ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالدى. ئەسىر نامىزىنى ئادا قىلىپ، ئۆيىگە قايتتى ۋە ئادا قىلالمىغان پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى سۈننىتىنى ئادا قىلدى»، بۇنى كۆرگەن ئۇممۇ سەلىمە ئانىمىزنىڭ: «ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان يەنە ناماز بارمۇ؟» دەپ سورىغان سوئالىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن ئىكەن «مېھمانلار مېنى مەشغۇل قىلدى، پېشىن نامىزىنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئادا قىلالمىغان ئىدىم، كەم قالمىسۇن دەپ ھازىر ئوقۇدۇم»[2].

ئىبھتىمال زەيد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-

---

[1] «المصنف» 2 – توم، 431 – بەت، (ئىمام ئابدۇررازاق سەنئانى)

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ۋاقىت بابى، 33 – بەت.

لامىنىڭ ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرگىنىمۇ ئانىمىز ئۇممۇ سەلىمىنىڭ دېگىنىدەك ئەھۋالدا ئوقۇلغان ناماز بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق، گەرچە بۇ پىقھىگە ئالاقىدار مەسىلە بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەسىلىنىڭ ئەھمىيەتلىك تەرىپى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ ساھابە كىراملارنىڭ ئومۇمەن ھەممىسى سۈننەت توغرىسىدا ئىنتايىن سەزگۈر ۋە سەگەك ئىكەنلىكىدۇر.

«ئۇممەتنىڭ ئىشەنچلىك كىشىسى» دەپ ئاتالغان ھەزرىتى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇ قەدەر ئىدىكى ھەزرىتى ئۆمەر ئۆلۈم بىلەن جان تالىشىۋاتقان چېغىدىمۇ، «ئەگەر ئەبۇ ئۇبەيدە ھاياتتا بولغان بولسا ئىدى، ئورنۇمغا ئۇنى تەۋسىيە قىلغان بولاتتىم»[1] دېگەن. شۇنداق، ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى شۇنچە ئېغىر تۇرۇپمۇ باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن مال-دۇنيا ھەزرىتى ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ ھاياتىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ئىدى. بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ ئۇلۇغ ساھابىنىڭ چېدىرىغا كىرگەندە، بۇ بۈيۈك قۇماندانىنىڭ قۇمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قۇرال-ياراقلىرىنى رەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى؛ ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن ھەزرىتى ئۆمەر: «ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! دۇنيا ھەممىنى ئادەمنى ئۆزگەرتتى، ئەمما سېنى ئۆزگەرتەلمىدى...»- دەپ، كۆز يېشى قىلغان ئىدى[2]

---

[1] «تەبەقاتۇل كۇبرا» (ئىبنى سەئد)، ئىبنى سەئد ( مىلادىيە 777، بەسرىدە تۇغۇلۇپ، 845- يىلى 2-ئاينىڭ 16-كۈنى باغداتتا ۋاپات قىلغان) ھەدىس، سىرە ، تارىخ ۋە نەسەبشۇناس ئالىم.

ئۇ ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر «تەبەقات» ناملىق كىتابى بىلەن تونۇلغان. ئۇ بەسرىدىكى تابىئىن ۋە تەبە تابىئىن ئالىملىرىدىن دەرس ئالغان ۋە كۇفە، مەدىنە ۋە مەككىگە بېرىپ ھەدىس قوبۇل قىلغان.

[2] «ئۇسۇدۇل غابە» 6 – توم، 206 – بەت (ئىبنۇل ئەسىر) – ئىبنۇل ئەسىرنىڭ تولۇق ئىسمى: ئەبۇل ھەسەن ئەلى ئىبنى ئەبىل كەرەم مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل كەرىم ئىبنى ئابدۇل ۋاھىد ئەششەيبانى ئەلجىزرىي بولۇپ، ئىبنۇل ئەسىر جەمەتىدىن كەلگەن ئۈچ ئاكا-ئۇكىنىڭ ئوتتۇرانچىسى. ئۇ، مىلادىيە 1160-يىلدىن 1213-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان ئەرەب ئىسلام تارىخچىسى. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى بەكىر ئىبنى ۋائىل

شۇنداق، ھەزرىتى ئەبۇ ئۇبەيدە شامدا قوشۇنغا قوماندانلىق ۋەزىپىسى ئۆتەۋاتقان بىر مەزگىلدە، ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ ئۇبەيدىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ قوماندانلىق قىلىۋاتقان قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلمەكچى بولۇپ «ئامۋاس»[1] قا قاراپ يولغا چىققان. ئامۋاسقا يېقىنلاشقاندا ئۇ يەردە ۋابا كېسىلى تارقالغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ھەزرىتى ئۆمەر ئامۋاسقا كىرىپ ھەزرىتى ئەبۇ ئۇبەيدىنى زىيارەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ ئارىدا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ كېلىپ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «بىر يەردە ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقىنى ئاڭلىساڭلار ئۇ يەرگە بارماڭلار، ئەگەر ۋابا كېسىلى تارقالغان يەردە بولساڭلار، ئۇ يەردىن چىقماڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دېگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر ئامۋاسقا كىرمەي مەدىنىگە قايتىپ كېتىدۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بىر كۈنى كەبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆيۈشىگە سازاۋەر بولغان «ھەجەرۇل ئەسۋەد» نىڭ يېنىغا كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى سەن پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بىر تاش، ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولسام، سېنى سۆيمىگەن بولاتتىم»[2]. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئۇ مۇبارەك تاشنى سۆيۈشىگە سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئىدى.

سۈننەت توغرىسىدا تولىمۇ سەزگۈر بولغان ھەزرىتى ئۆمەر سەجدىدە خەنجەرلەنگەندە، ساھابە كىراملار: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئورنىڭغا

---

قەبىلىسىگە تەۋە شەيبان ئوغۇللىرى جەمەتىدىكى بىر ئەرەب ئائىلىسىگە مەنسۇپتۇر. ئۇنىڭ ئاتا – ئەجدادى 10-ئەسىردە شاھرىزوردا تۇرغان مەزگىلدە، بۇۋايىھدلارنىڭ بېسىمى بىلەن ھازىرقى تۈركىيەنىڭ شىرناق ۋىلايىتىگە تەۋە جىزر ئىلچىسىگە كۆچۈپ كەلگەن.

[1] «ئامۋاس» پەلەستىندىن 33 كىلومېتىر يىراقلىقتا بىرتارىخى يەرنىڭ ئىسمى. ئۇ ئىلگىرىكى چاغلاردا «ئېممۇس» دەپ ئاتىلاتتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ھەج بابى، 50 – بەت.

بىرىنى تەۋسىيە قىلغان بولساڭ» دېگەن تەلەپتە بولغان. ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگە قارىتا ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئورنۇمغا بىرىنى قالدۇرساممۇ قالدۇرمىساممۇ ئوخشاش، چۈنكى مەندىن ياخشى ۋە مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن ئىككى زاتنىڭ بىرى، قالدۇرمىغان، يەنە بىرى قالدۇرغان»[1] مانا بۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۈننەتكە بولغان سەزگۈرلىكىنىڭ تولىمۇ يارقىن ئىپادىسىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولىشىنىڭ ئالدىدا ئورنىغا ئېنىق بىرىنى تەيىن قىلىپ كەتمىگەن، ئەمما ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئېنىق قىلىپ ھەزرىتى ئۆمەرنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى بويىچە ئېنىق بىرىنى ئورنىغا تەيىن قىلمىغان. لېكىن، ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات قىلغاندا ئۆزىنىڭ رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگەن ئون ساھابەنىڭ ئالتىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئوغلى-ئىبنى ئۆمەرنى مەسئۇل قىلىپ ۋە ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن قەئقائىنى تۇرغۇزۇپ: «مېنىڭ جىنازە نامىزىم ئوقۇلۇشىنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشنى ئۆزئارا كېڭەش ئارقىلىق ھەل قىلىڭلار» دەپ، مەسىلىنى ئۇلارغا تاپشۇرغانتى. چۈنكى ئۇممەتنىڭ بىر مىنۇت بولسىمۇ قەتئىي رەھبەرسىز قېلىشىنى خالىمايتتى.

**ھەزرىتى ئەلي:**

سۈننەت ساھابە كىراملارنىڭ قارىشىدا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلمىغاندا، سۈننەتكە ئاسىيلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان بولاتتى. مانا ھەزرىتى مەيسەرە ئىبنى ياقۇپنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ كۈپىدىكى چېغىدا، بىر قېتىم ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەن، بۇنى كۆرگەن مەيسەرە: «ھەيران قېلىپ، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچۋاتامسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ زات جاۋاب بېرىپ: «مەن ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەن بولسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ئەھكام بابى، 51 – بەت.

ئىچكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈندۇر، ئولتۇرۇپ سۇ ئىچسەم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئولتۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈندۇر»[1] دېگەن.

شۇنداق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق قىلغان بولسا شۇ بويىچە قىلىش ۋە كېيىنكىلەرگە شۇ بويىچە يەتكۈزۈش كېرەك ئىدى. گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئولتۇرۇپ سۇ ئىچىش توغرۇلۇق تەۋسىيەلىرى ۋە بۇنىڭ پايدىلىرى بولغان بولسىمۇ، بۇ بىر ۋاجىپ ياكى پەرز ئەمەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ، دەپ بۇنى پەرز ياكى ۋاجىپ ئورنىغا قويۇپ، باشقىلارنى بۇ ئىشقا زورلاشنىڭ بىر زۆرۈرىيىتى يوق. ئابدۇ ئىبنى خەيرنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۆتۈككە مەسھ قىلىش توغرىسىدا ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر دىن كىشىنىڭ رەيى بىلەن بولىدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئۆتۈكنىڭ ئۈستىگە مەسھ قىلغاندىن ئاستىغا مەسھ قىلغان ئەۋزەل بولغان بولاتتى، لېكىن مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتۈكنىڭ ئۈستىگە مەسھ قىلغانلىقىنى كۆردۈم»[2].

---

[1] «ئەلمۇسنەد»، 1 – توم، 134 – بەت، (ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل) ـ ئىمام ئەھمەدنىڭ تولۇق ئىسمى، (الإِمَامُ أَحْمَدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ حَنْبَلِ الشَّيْبَانِيُّ المَرْوَزِيُّ) : ئىمام ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەششەيبانىي ئەلمەرۋەزىي بولۇپ، مىلادىيە 780 – 855) يىللىرى باغدادتا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن بۈيۈك مۇھەددىس، فەقىھ. مەشھۇر «تۆت مەزھەب»نىڭ بىرى بولغان «ھەنبەلىي مەزھىبى»نىڭ ئىمامى. «مۇسنەدۇ ئەھمەد» (چوڭ ھەجىملىك ھەدىسلەر توپلىمى)، «ئەززۇھد»، «مەسائىلۇل ئىمام ئەھمەد» ۋە «ئەلئىلەل» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىفى.

ئىمام ئەھمەد يەنە بىر تارىخى رىۋايەتتە قەدىمقى خوراسان (ھازىرقى ئافغانىستان باشلىق مەركىزى ئاسىيا كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دەپ ئاتالغان ھازىرقى تۈركمەنىستان دۆلىتىنىڭ مەرۋ شەھرىدە ئۆتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان ئەرەب ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئىمام ئەھمەدنىڭ دادىسى مۇھەممەد مەرۋ شەھرىدە ئەسكەر بولۇپ ئىمام ئەھمەد دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىلىم ئىگەللەش ئۈچۈن باغدادقا كۆچۈپ بارغان دېيىلىدۇ.

[2] عن عبد خير، عن علي رضي الله عنه ، قال: لو كان الدين بالرأي لكان أسفل الخُفِّ أولى بالمسح من أعلاه، وقد «رأيت رسول الله صلى الله عليه وسلم يمسح على ظَاهر خُفَيْهِ (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). ئەبۇ داۋۇد «كۇتۇبۇ سىتتە» نىڭ بىرى بولغان «ئەس-سۇنەن» نىڭ مۇئەللىپى، ھەدىس ئالىمىدۇر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى: ئەبۇ داۋۇد

**ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ ئىپادىسى سۈننەتكە تەسلىم بولۇشنىڭ ۋە سۈننەت بار يەردە ئىجتىھات قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مانا ئۇلار سۈننەت توغرىسىدا بۇ قەدەر سەزگۈر ئىدى. ھەزرىتى ئەلى بولسۇن، ھەزرىتى ئوسمان بولسۇن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ياكى ھەزرىتى ئۆمەر بولسۇن ـ ھەممە ساھابە كىرام قاچانكى ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنىڭ ئەكسىچە سۈننەتتىن بىر ھۆكۈم رىۋايەت قىلىنسا، دەرھال ئۆز قارىشىنى قويۇپ سۈننەتكە ئەگىشەتتى.**

**مانا سۈننەت بۇ كەبى سەزگۈر زاتلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەلىي ھاياتقا تەتبىقلىنىپ، مۇھەددىسلەرنىڭ كىتابلىرىغا قەيت قىلىنىپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.**

### ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

**بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:** «ئاللاھنىڭ دېدەكلىرىنى يەنى خانىم – قىزلارنى)[1] ئاللاھنىڭ مەسجىدىدىن توسماڭلار» دېگەن ھەدىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ زاتنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىز ئۇلارنى توسىمىز، (مەقسىتى، سۈننەتنى ئىنكار قىلىش ئەمەس، ئاياللارنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى، سىرتقا چىقىش بەك ئاسانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) دېگەن ئىدى. ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ دەرھال ئوغلىغا يۈزلىنىپ، مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دېسەم، سەن قوپۇپ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى چوقۇم ئۇلارنى توسىمىز دەۋاتىسەنغۇ، دەپ ئوغلىغا قاتتىق كايىپ

---

**سۇلەيمان ئىبنى ئەل-ئەشئەس ئىبنى ئىسھاق ئەس-سجىستانىي ئەل-ئەزدىي. ئۇ مىلادىيە817 ـ يىللىرى سجىستان رايونىدا تۇغۇلغان. سجىستان، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سجىستانە دەپمۇ ئاتىلىدىغان بەسرەنىڭ بىر يېزىسى ئەمەس، بەلكى ئىران بىلەن ئافغانىستان ئارىسىدىكى چېگرا رايونى، دەپ قەيت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەسلىدە يەمەننىڭ ئەزد قەبىلىسىدىن بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى بىشر ياكى شەددادۇر. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئىمران سىففىن ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، شۇ ئۇرۇشتا ۋاپات بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.**

[1] . «ولا تمنعوا إماء الله مساجد الله» **(ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).**

كەتتى.»[1]

**ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل:**

**ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل ئەلمۇزەنىيدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ۋەقەلىكتە: ئۇ، بىر كۈنى يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىر كىشىنىڭ شېغىل تاش ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېغىل تاش ئېتىپ (ئويناشتىن) توسقان» دېگەن، كېيىن يەنە شۇ كىشىنىڭ تاش ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەن ساڭا بۇ ئىشتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توسقان دېسەم سەن يەنە بۇ ئىشنى تاشلىماپسەن، بۇندىن كېيىن ساڭا قەتئىي گەپ قىلمايمەن»[2] دېگەن.**

**سەلەپلەرنىڭ سۈننەتكە قارىتا پوزىتسىيىسى**

**ئىمام بەيھەقىي ئىمام ئەۋزائىينىڭ ئۆزىنىڭ سۆھبەتداشلىرىغا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسى يەتكەن بولسا، ئۇ ھەدىسنى قويۇپ باشقا بىر سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلانغىن، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھيىنى يەتكۈزگۈچىدۇر»، ئىمام بەيھەقىي سۇپيان سەۋرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئەسەرلەر بىلەن كەلگەن ئىلىمدۇر» ئىمام مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «بۇ قەبرە ئىگىسىدىن باشقا ھەممىمىزنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە رەد قىلىنىدۇ». ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ھەر قانداق ھەدىسنىڭ بېشىمىز ۋە كۆزىمىز ئۈستىدە يېرى بار». ئىمام شاپىئى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر سەھىھ ھەدىس رىۋايەت قىلىنىپ، مەن ئۇنى قوبۇل قىلمىغان بولسام، دېمەككى مېنىڭ ئەقلىمدىن كېتىپ قالغانلىقىمغا سىلەر شاھىت بولساڭلار بولىدۇ». يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان**

---

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بولسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ھەدىس كەلگەن بولسا، مېنىڭ سۆزۈمنى تامغا ئۇرۇڭلار». ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ بەزىسىگە مۇنداق دېگەن: «مېنىمۇ دورىماڭلار، ئىمام شافىئى ۋە ئىمام مالىكنىمۇ دورىماڭلار! پەقەت بىز ئالغان يەردىن (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن) ئېلىڭلار»، يەنە مۇنداق دېگەن: «بەزى كىشىلەردىن ھەيرانمەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن سەنەد ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سەھىھلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، سۇپيياننىڭ رەيى تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ. ھالبۇكى، جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئاگاھلاندۇرغان: «﴿**پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن**﴾[1]»، بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئىمام ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە يەنى ئۇنىڭ يولىغا ياكى ئۇنىڭ سۆزىگە ياكى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە ياكى ئۇنىڭ شەرىئىتىگە ياكى ئۇنىڭ ھۆكمىگە ياكى ئۇنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار دۇنيادا چوڭ پىتنىگە يولۇقسا، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. چۈنكى سۆز ھەرىكەت ۋە ئىش – ئەمەللەر پەيغەمبەرنىڭ ئىشلىرى ۋە سۆز ھەرىكىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. كىمنىڭ ئىشى بۇ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن بولسا قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۆلچەمگە چۈشمىسە كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر رەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىز بۇيرىمىغان بىر ئىشنى (دىن نامىدىن) قىلسا، ئۇ ئىش ئۇ رەت قىلىنىدۇ» يەنى مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلغان كىشى چوڭ پىتنىگە قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىسۇن ياكى قەلبىدە كۇپۇرلۇقنى ياكى مۇناپىقلىقنى ساقلىغان كىشى ئاخىرەتتە ئېغىر ئازابقا قېلىشتىن قورقسۇن».

ئىمام سۇيۇتى ئۆزىنىڭ «سۈننەتنى دەلىل قىلىش جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت

---

[1] ﴿فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ (سۈرە نۇر، 63 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

قىلسۇن، شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، ھەدىسلەرنىڭ نەقىل قىلىنىش شەرتىگە چۈشكەن ئاساستا كەلگەن ھەدىسلەرنى مەيلى بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ياكى ئىش – ھەرىكىتى بولسۇن، قايسى بىرىنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ، ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ، يەھۇد ۋە نەسارالار بىلەن بىرگە ھەشر قىلىنىدۇ ياكى جانابى ئاللاھ خالىغان بىر كۇپۇر تائىپىسى بىلەن بىرگە قوپىدۇ».

ئىمام بەيھەقى ئىمام زۆھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىز «سۈننەتكە مۇستەھكەم ئېسىلىش نىجاتلىق» دەيتتى.» ئەھكام ئاساسلىرىنىڭ بايانىدا «نۇزھەتۇننازىرىين» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «دەلىل جەھەتتىن ئىككىنچى ئاساس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر، بۇنداق بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقى، مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەنلىكى، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ۋە مۇخالەپەتچىلىك قىلىشتىن چەكلىگەنلىكى ئۈچۈندۇر».

ساھابە كىراملاردىن بولسۇن، تابىئىن ۋە تەبئى تابىئىنلەردىن بولسۇن ۋە ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۆلىمالار بولسۇن ھەممىسى سۈننەتنى ئۇلۇغلاشنىڭ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ خەتىرى ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. يۇقىرىدا بايان قىلغان ئايەت، ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ ھەقىقەتىنى ئىزدىگۈچىلەر ئۈچۈن يېتەرلىك ۋە قايىل قىلارلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئاللاھتىن بىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىنى، غەزىپىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ساقلىشىنى تىلەيمىز.

**ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشتا كۆرسىتىلگەن سەزگۈرلۈك**

ساھابە كىرامىلار بولسۇن، ياخشىلىق بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلار ۋە تابىئىنلەرگە ئەگەشكەن سالىھلەر بولسۇن ئاڭلىغان

رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەدىس دەپ قوبۇل قىلمايتتى. ئۇلار ھەدىس قوبۇل قىلىشتا ئىنتايىن ئېھتىياتچان ۋە سەزگۈر ئىدى. ئۇلار سۈننەتنى ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن تەكشۈرۈپ – سەزگۈرلۈك بىلەن تەتقىقلاپ كۆرۈپ ئاندىن كىتابلىرىغا قەيت قىلاتتى. ئۇلار رىۋايەتلەرنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەكشۈرگەن ۋە ئوخشاش ئېھتىياتچانلىق بىلەن كېيىنكىلەرگە يەتكۈزگەن. گەرچە بۇنىڭ نۇرغۇن مىساللىرى بولسىمۇ، بىز تۆۋەندە پەقەت ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسىنىلا ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمىز:

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يالغان ھەدىس توقۇش ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشى

راست ـ يالغاننىڭ پەرقى، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدەك ئۇزاق بولغان، ھەممە ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەت «راستچىللىق» دەپ مۆھۈرلەنگەن ئۇ نۇر دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ساھابە كىرام ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ئازراقمۇ يالغاننى توقۇشى ياكى ئۇنىڭغا قەلبىدە مايىللىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭىمۇ ھەزرىتى ئەلى «مەن سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن بىر نەرسە سۆزلىگەن چېغىمدا، بەك دىققەت قىلىمەن؛ ھەتتا ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكىنىم پەيغەمبىرىمىزگە يالغاننى ئىسناد قىلغاندىن ئاساندۇر»[1] دېگەن. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ «كىمكى ماڭا قەستەن يالغان توقۇسا ئۇنداق كىشى جەھەننەمدىن ئۆزىگە ئورۇن ھازىرلىسۇن»[2] دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ مەنىسىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] «مَنْ كَذَبَ عَلَيَّ مُتَعَمِّداً فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّار» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ئىلىم بابى، 38 – بەت). ـ ئىمام ئەلبۇخارىنىڭ تولۇق ئىسمى: مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئەلبۇخارىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ). ئۇ مىلادىيە 810 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 870 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر ھەدىس ئالىمى ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى «سەھىھۇل بۇخارىي» نامى بىلەن مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىفىدۇر. (ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە)

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «كىمكى يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا بىر سۆزنى نىسبەت بەرسە، ئۇنداق ئادەم يالغانچىلاردىن بىرىدۇر»[1] دەپ، بۇ ھەقتە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشتا بولغان. ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ راستچىللىقى پۈتۈن دۇنيانى چۆرىدىگەن ۋە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىسلام دىنىنى دۇنيانىڭ پۈتۈن بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تارقىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلانغان بىر جامائەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋاسىزلارچە بىر ھەرىكەتنى كۈتۈش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

## ساھابە كىرام ۋە تابىئىنلارنىڭ بۇ خۇسۇستىكى تەمكىنلىكى

بۇ مەسىلىنىڭ ئىنچىكىلىكى ۋە سەزگۈرلۈكى ساھابە كىراملارنى شۇ قەدەر ھوشيار ۋە تەمكىن بولۇشقا ئۈندىگەن ئىدىكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىن ئۇركىتىپ قويغان ئىدى. تۇنجى مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، ھەققىدە ساھابە كىراملارنىڭ: «بىز ئۇنى تۇنىغاندىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىن بىرى دەپ بىلەتتۇق» دەيدىغان دەرىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىگە ئەركىن كىرىپ چىقالايدىغان ۋە ھەزرىتى ئۆمەر خىلاپەت دەۋرىدە ئىراقنىڭ كۇفە ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىپ: «ئى كۇفە خەلقى! مەن سىلەرنى

[1] « من حدَّثَ عنِّي حديثًا وَهوَ يرى أنَّهُ كذِبٌ فَهوَ أحدُ الكاذِبينَ » ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، ئىلىم بابى. ئىمام تىرمىزى، - « سۈننەتۇتتىرمىزىي ئەلجامىئۇل كەبىر» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى: مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا ئىبنى سەۋرە ئىبنى مۇسا ئىبنى ئەززەھھاك ئەسسۇلەمى ئەتتىرمىزىدۇر. ئۇ مىلادىيە 824 -يىلى ھازىرقى ئۆزبەكىستاننىڭ سۇرھان دەريا ۋىلايىتىگە تەۋە تىرمىز ھەشرىدە تۇغۇلۇپ، 892 -يىلى شۇ شەھەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئىمام تىرمىزىنىڭ «سۈننەتۇتتىرمىزىي ئەلجامىئۇل كەبىر» ناملىق ئەسىرى، ساھابە - تابىئىن ۋە مۇجتەھىد ئالىملار تەرىپىدىن ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن ئەھكامغا دائىر 3956 ھەدىسنى فىقھىي تەرتىپ بويىچە 51 بۆلۈم ۋە 2285 بابقا ئايرىلىپ، ھەدىس بىلەن فىقھنى جەملەپ تۈزۈلگەن ئەسەردۇر. ئۇ «كۇتۇبۇ سىتتە» (ئالتە كىتاب) ئىچىدىكى «تۆت سۈنەن»نىڭ بىرىدۇر. (ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە)

ئۆزۈمدىن ئەلا بىلمىگەن بولسام، ئىبنى مەسئۇدنى سىلەرگە ئەۋەتمىگەن بولاتتىم»[1] دېگەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ھەزرەتلىرىدىن ھەدىس سۆزلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغاندا: كۆزلىرى ياشقا تولاتتى، بېشىنى ئېگەتتى، ئېغىر بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۈگمىلىرىنى يېشىپ، مەيدىسىنى ئېچىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن دەپ، ھەدىس سۆزلەپ بېرەتتى. سۆزلەپ بولۇپ سۆزلىگەن ھەدىسىدە كەم ـ زىيادە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «مەن ئېسىمدە قالغانلىرىنى سۆزلەپ بەردىم، ئەمما شۇنى بىلىپ قېلىشىڭلار كېرەككى، مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدۇر ياكى شۇنىڭ ئوخشىشىدۇر»[2] دەپ قوشۇپ قويۇشقا سەل قارىمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ياردەمچىسى ۋە قەھرىمان ھامىمىسى سەپىيەنىڭ ئوغلى تۇنجى مۇسۇلمانلاردىن بولغان، ھەمدە جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىلگەن **10** ساھابىنىڭ بىرى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام شۇ قەدەر ئاز ھەدىس رىۋايەت قىلغانكى، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوغلى ئۇنىڭدىن: «دادا سەن نېمىشقا ھەدىس رىۋايەت قىلمايسەن؟» دەپ سورىغاندا، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېمىگەن بىرەر گەپ، سۆزنى دەپ قالامەنمۇ دەپ، قورقۇپ جېنىم چىكەتكىلى تاس قالىدۇ. چۈنكى ئۇ: «ماڭا يالغان توقۇغان كىشى جەھەننەمدىكى ئورنىنى ھازىرلاپ قويسۇن»[3] دېگەن – دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇزلۇكسىز ئون يىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلغان ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك بىر كۈنى «ئەگەر خاتالىشىپ قېلىش ئەندىشەم بولمىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلىگەن بولاتتىم»[4] دېگەن. بەش يۈز ساھابە كىرام بىلەن كۆرۈشكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان ۋە ھەر قانداق بىر رايونغا بارغان چېغىدا، «بەش يۈز ساھابىنى كۆرگەن

[1] «ئەلمۇئجەمۇل كەبىر»9 – توم، 86 – بەت، (ئىمام تەبەرانى)
[2] ”ئەل مۇسنەد“ 1 – توم، 452 – بەت، (ئاھمەد ئىبنى ھەنبەل)
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ئىلىم بابى، 38 – بەت.
[4] ئىمام دەرەمى رىۋايىتى، مۇقەددىمە، 25 – بەت.

ھۆرمەتلىك كىشى كېلىۋاتىدۇ» دەپ، قارشى ئېلىنىدىغان تابىئىنلەرنىڭ چوڭلىرىدىن ۋە ئىمام ئەبۇ يۈسۈپكە ھەتتا ئىمام ئەبۇ ھەنىپىگە كۇفىدا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئابدۇراھمان ئىبنى لەيلا: «ساھابە كىراملاردىن يۈز يىگىرمىگە يېقىن كىشىنى تونۇيمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەسچىتتە ئولتۇراتتى، ئۇلاردىن بىرەر مەسىلە سورالغاندا، ئۇلار ھەممىسى بىلىدىغان مەسىلە بولسىمۇ دەرھال جاۋاب بەرمەي، بىر – بىرىنىڭ يۈزىگە قاراپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇلار كۆڭلىدە: «جاۋاب بەرسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىگە بىرەر سۆز قوشۇلۇپ قالارمۇ» دېگەن ئەندىشە بىلەن باشقىلارنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى»[1]؛ بىرەرسى جاۋاب بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، نەھايەت بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى چىشىنى چىشلەپ، ئاللاھقا ئىبسلغان ھالدا ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش «سۆزلىگەنلىرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدۇر ياكى سۆزىنىڭ ئوخشىشىدۇر» ـ دەپ ئەسكەرتىشتە بولاتتى.

ئابدۇراھمان ئىبنى لەيلادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىن سۆزلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنغاندا، ئىنجىقلاپ تۇرۇپ: ئوغلۇم قېرىدۇق، بىلىدىغانلىرىمىزنى ئونۇتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس سۆزلەش ئىنتايىن زور ۋە قىيىن ئىشتۇر»[2] دەپ جاۋاب بېرەتتى.

مانا سۈننەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتكەن ساھابە كىراملار ھەدىسكە ئالاھىدە ئەھمىيەت كۆرسىتەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار ھەدىسلەرنى يادلاش، خاتىرلەپ قالدۇرۇش ۋە باشقىلارغا يەتكۈزۈش جەھەتلەردە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. چۈنكى ھەدىس بايان قىلىش ياكى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى ئىنتايىن ئىنچىكە مەسىلە؛ ھەم بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا قەستەن بىر يالغاننى توقۇسا، ئۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ دوزاختىكى ئورنىنى تەييارلىسۇن!»[3]. شۇنىڭ

---

[1] «تەبەقاتۇل كۇبرا»، 6 – توم، 110 – بەت. (ئىبنى سەئد)

[2] ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[3] «مَنْ كَذَبَ عَلَيَّ مُتَعَمِّدًا فلْيَتَبَوَّأْ مقعدَهُ مِنَ النارِ» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

ئۇچۇن ساھابە كىراملار «ھەدىسلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن قانداق چىققان بولسا، شۇ بويىچە سۆزلەپ بېرەلمەي قالامەنمۇ ياكى بىرەر سۆز ئالدى كەينى بولۇپ قالارمۇ ياكى بولمايدۇ بىرەر كەلىمە كەم ـ زىيادە بولۇپ قالارمۇ دېگەندەك ئەندىشە بىلەن ھەدىس بايان قىلىشتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىمكان قەدەر ئاز ھەدىس بايان قىلىشقا تىرىشاتتى ۋە ئېنىق بولمىغان ھېچ قانداق بىر ھەدىسنى بايان قىلمايتتى.

ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن تۆۋەندىكى شەرتلەر ئاساسىدا قوبۇل قىلاتتى:

**بىرىنچى، شاھىت تەلەپ قىلىش:**

ساھابە كىراملار بىر ھەدىسنىڭ توغرا خاتالىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن بىر ھەدىسنى ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ راۋىينىڭ ئوخشاش شەكىلدە رىۋايەت قىلىشىغا دىققەت قىلغان. ھەقىقەتەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ ئانىغا مىراسنىڭ ئالتىدەن بىر قىسمىنى بەرگەنلىكىگە دائىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ھەزرىتى مۇغىرى ئىبنى شۆبىدىن شاھىت تەلەپ قىلغان ۋە ئۇ زاتمۇ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئىسىملىك ساھابىنى شاھىت قىلغان[1].

**ئىككىنچى: قەسەم تەلەپ قىلىش:**

ساھابە كىراملار بىر ھەدىسنىڭ توغرا ھەدىس ئىكەنلىكىنى بىلىشتە راۋىدىن قەسەم تەلەپ قىلغان. بەزىسى ھەزرىتى ئەلي ئىبنى ئەبى تالىپقا ئوخشاش ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىدىن بىۋاسىتە ئاڭلىغانلىقىغا دائىر قەسەم قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە ھەققىدە خەۋەر بەرگەن چېغىمدا، ئۇ زاتنىڭ دېمىگەن سۆزىنى دېگەن دەپ يالغان سۆزلىگەندىن كۆرە، ئاسماندىن چۈشۈپ كېتىشنى ئەلا بىلىمەن»[2] دېگەن ھالدا ئۆزىنىڭ

[1] ئەبۇ داۋۇد، مىراس بابى 5 – بەت.

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، مەناقىب بابى، 25 – بەت.

بۇ ھەقتىكى سەزگۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۈچىنچى: راۋىلەرنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنى سىناپ كۆرۈش:

ساھابە كىراملار بىرەر ھەدىسنى ئاڭلاپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىدىن تەكرار سوراپ، رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى سىناقتىن ئۆتكۈزەتتى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز جىيەن تۇغقىنى ئۇرۋىگە: «ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ھەجگە ماڭغاندا بىزنى زىيارەت قىلىپ كېلىدىكەن، ئۇ كەلگەندە سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ھەدىس سورىغىن، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆپ ئىلىم نەقىل قىلغان كىشى» دەپ تەۋسىيەدە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۋە ئابدۇللاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ھەدىسنى ھەزرىتى ئائىشىگە سۆزلەپ بەرگەن. ھەزرىتى ئائىشە بۇ ھەدىسنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە بۇندىن بۇرۇن ئۇنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇرۋىگە قاراپ، «بۇ ھەدىسنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە ئۆزى ئاڭلىغانمۇ، ئەمەسمۇ؟ بۇنى جەزىملەشتۈرگىن» دېگەن تەلەپتە بولغان. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز جىيەنى ئۇرۋەنى مەزكۇر ھەدىسنى تەكرار سوراش ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرگە ئەۋەتىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئۇرۋىگە مەزكۇر ھەدىسنى ئالدىنقى يىلى قانداق تېكىست بىلەن سۆزلەپ بەرگەن بولسا، بىر ھەرپ كەم ـ زىيادە قىلماي ئوخشاش سۆزلەپ بېرىدۇ. ھەزرىتى ئۇرۋە ھەدىسنى ئانىمىز ئائىشىگە سۆزلەپ بەرگەندە، ھەزرىتى ئائىشە ھەيران بولۇپ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر مەزكۇر ھەدىس ھەققىدىكى ئىككى قېتىملىق رىۋايىتىدە بىر سۆزنىمۇ كەم – زىيادە قىلمىدى»[1] دېگەن.

**خاتا رىۋايەتلەرگە تۈزىتىش بېرەتتى**

ساھابە كىراملار بىرەيلەننىڭ ئاڭلىغانلىرىغا زىت بىر نەرسە دېگىنىنى، ياكى كەم – زىيادە قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، دەرھال ئۇنى

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ئىلىم بابى، 34 – بەت.

ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرتتىش بېرەتتى. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «شۈبھىسىزكى، مەييىت ئارقىسىدىن ئائىلە – تاۋابىئاتلىرىنىڭ يىغلىغانلىقى سەۋەبلىك (قەبرىدە) ئازابلىنىدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: ھەزرىتى ئۆمەر ئالەمدىن ئۆتكەندە، مەن بۇ ھەدىسنى ئائىشىگە سۆزلەپ بەرسەم، ئائىشە: «ئاللاھ ئۆمەرگە رەھىم قىلسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ، «ئاللاھ بىر مۆمىننى ئائىلە – تاۋابىئاتلىرى يىغلىغانلىقى ئۈچۈن جازالايدۇ» دېمىگەن، لېكىن « ئۆلۈپ كەتكەن غەير مۇسۇلماننىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يىغىسى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇنىڭ ئازابىنى زىيادىلەشتۇرىدۇ» دېگەن دەپ، سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغان: جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ﴾[1] دېگەن، شۇڭا سىلەرگە قۇرئان كەرىم (يەنى بۇ ئايەت) يېتىدۇ»[2].

ساھابە كىراملار ھەدىستىن باشقا بىر نەرسە رىۋايەت قىلماسلىققا تىرىشاتتى. ھەدىس زىكىر قىلىنغان يەردە ئۆزلىرىنىڭ قارىشى ياكى باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئەسلا دىققەتكە ئالمايتتى.

ھەدىسنى قوغداش تەدبىرلىرىدىن يەنە بىرى، ساھابە كىراملار سۆزلىگەندە ياكى دۇئا قىلغاندا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئۆزىنىڭ سۆزىمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىمۇ؟ دەپ سورۇلاتتى. مەسىلەن: ئىبنى ئۆمەر بىر مېيىتنى قەبرىگە قويغان چاغدا، بەزى دۇئالارنى ئوقۇغان، بۇنى كۆرگەن سەئىد ئىبنى ئەلمۇسەييىب ئوقۇغان دۇئالىرىڭنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان دۇئامۇ ياكى ئۆزۈڭ ئوقۇدۇڭمۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئىبنى ئۆمەر: «بۇ ھەقتە مەن ئۆزۈم قانداقمۇ بىر سۆز قىلاي؟ بۇ دۇئالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان دۇئالاردۇر»[3] دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك ساھابە كىراملار ھەدىسلەردىن نە بىر كەلىمە

[1] ﴿وَلَا تَزِرُ وَازِرَةٌ وِزْرَ أُخْرَىٰ﴾ (سۈرە ئىسرا، 15 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى.)

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىبنى ماجە، جىنازە بابى، 38 – بەت.

ياكى بىر سۆز كەم – زىيادە قىلىغان ئەمەس. ھەمدە ھەدىسنى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىققا ۋە ھەدىسنىڭ تېكىستىنىڭ ئۆزىنى رىۋايەت قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

ئىبنى ئۆمەر ئۆزىنىڭ سۈننەتكە ئەمەل قىلىشتىقى سەزگۈلىكىنى ھەدىس راۋايەت قىلىشتىمۇ كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا مۇھەممەد ئىبنى ئەلىنىڭ: «ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزدىن بىر سۆزنى ئاڭلىغاندا، قانداق ئاڭلىغان بولسا شۇ بويىچە بىر ھەرپ ياكى بىر كەلىمە كەم-زىيادە قىلماي رىۋايەت قىلاتتى ۋە ھۆكمىگە ئەمەل قىلاتتى»[1] دېگەن سۆزى ئەڭ گۈزەل دەلىلدۇر.

گەرچە ئالدىنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى ئەسىرلەردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن، تارقىتىلغان ۋە يېزىلغان. ئەلۋەتتە بۇ ئىش يۇقىرىقىدەك ساھابە كىرام، تابىئىن ۋە تەبەتابىئىنلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە سەزگۈرلىكىنىڭ نەتىجىسى بىلەن بولغان.

## ھەدىسلەر مۇتالىئە قىلىناتتى

ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى باشقىلارغا نەقىل قىلغاندىن سىرت ئۇلار ئۆز ئارىلىرىدا مۇزاكىرە قىلاتتى. ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا مۇزاكىرە قىلدۇراتتى. مەسىلەن ساھابە كىراملاردىن ئەبۇ سەئىدىل خۇدەرى ۋە ئىبنى ئابباس ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق دەيتتى:«بۇ ھەدىسلەرنى ئۆزئارا ياخشى مۇزاكىرە قىلىڭلار، بۇ ئارقىلىق بىر - بىرىڭلارغا ئەسلىتىسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ئاراڭلاردا داۋاملىق مۇتائالە قىلىپ تۇرۇشۇڭلار لازىم»[2]. ھەدىسنىڭ قىممىتىنى تولىمۇ ياخشى چۈشۈنۈپ يەتكەن، شۇنىڭدەك «ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ يولىغا پەرىشتىلەر قانىتىنى يېيىپ تۇرىدۇ» دېگەن ھەدىسنى تولۇق مەنىسى بىلەن چۈشۈنۈپ يەتكەن ساھابە كىراملار

[1] دارەمى، مۇقەددىمە، 31 – بەت.

[2] دارەمى، مۇقەددىمە، 51 ـ بەت

ھەدىسلەرنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇشقا تىرىشاتتى، ئەستە ساقلاشقا جان دىلى بىلەن غەيرەت كۆرسىتەتتى ۋە مۇزاكىرە قىلاتتى. مانا مۇشۇنىڭدەك تىرىشچانلىق ۋە ئەھمىيەت كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ھەدىسلەر ساھابە كىراملارنىڭ زېھنىگە يەرلەشكەن، نەقىشلەنگەن، پۈتۈن ھاياتىغا تەتبىقلىنىپ، بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن.

**ساھابە كىرام ۋە تابىئىنلارنىڭ تەتقىقاتى...**

ساھابە كىراملار ھەدىسلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندىن باشقا يەنە ھەر قانداق بىر دىنى مەسىلىگە يولۇققاندا ئۇ مەسىلىدە سۈننەتنىڭ بىر ھۆكمى بار يوقلىقىغا قارايتتى. ھەممىسى يالغان ئېيتىشتىن تامامەن ساغلام، ئادىل ۋە دۇرۇس ئىنسانلار بولغان بولسىمۇ، سۈننەتنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتى ۋە قانۇن بەلگىلەشتىكى ئورنىغا ئاساسەن، ئاڭلىغان ھەممە سۆزنى ھەدىس دەپ دەرھال قوبۇل قىلماستىن، ئېنىقلاپ كۆرەتتى. شۇنداق، ئۇلار ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك ۋە زېھنى ئۆتكۈر كىشىلەر بولغىنىدەك ھەم تەھقىق ئەھلى ئىدى. بىر كۈنى بىر ئايال نەۋرىسىنىڭ مىراسىدىن نەسىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر شەخسەن مەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە ساڭا بىر نەرسە تېگىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئايەت كۆرمىدىم، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېگەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، دەپ جاۋاب بەرگەندە، مۇغىرە ئىبنى شۆبە ئورنىدىن تۇرۇپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ ئانىغا مىراسنىڭ ئالتىنىڭ بىرىنى بېرەتتى» دېدى. ئاندىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇنى سەندىن باشقا بىلىدىغانلار بارمۇ؟ دېگەندە، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە مۇغىرە ئىبنى شۆبىنى تەستىقلىغان ھالدا، بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەنمۇ ئاڭلىغان» دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇ ئايالغا مىراسنىڭ ئالتىنىڭ بىر قىسمىنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن»[1]

بىر كۈنى ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەريي ھەزرىتى ئۆمەرنى زىيارەت قىلغىلى

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

كەلگەنتى؛ ئۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چەككەن بولسىمۇ ئىشىك ئېچىلمىغانلىقى ئۈچۈن قايتىپ كەتكەن. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن: «ئابدۇللاھ ئىبنى قەيسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلغانتىم، ئۇنى ئۆيگە باشلاڭلار» دەيدۇ؛ ئۇنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكى خەۋەر قىلىنغاندا، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ ئەكېلىپ، نېمىشقا قايتىپ كەتكەنلىكىنى سورايدۇ. ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى بولسا، بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر يەرگە كىرمەكچى بولساڭلار، ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چېكىڭلار، ئىشىك ئېچىلسا كىرىڭلار، ئېچىلمىسا قايتىپ كېتىڭلار» دەپ بۇيرۇغان دېگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر:«بۇ ھەدىسنى مەن ئاڭلىماپتىكەنمەن، سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقى ئۈچۈن ھۆججەت لازىم» دەپ، شاھىت تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى دەرھال مەسجىدكە بېرىپ، ئەھۋالنى مەسجىددىكىلەرگە ئاڭلىتىدۇ. ئۇبەي ئىبنى كەئب: «بۇ مەسىلە ئۈچۈن چوڭلار كەتمەيدۇ، كىچىكلەرمۇ بىلىدىغان مەسىلىغۇ بۇ!» دەپ، ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدەرىنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزىنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قاتتىق پۇزۇتسىيەسىگە ئېنىقلىما بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەسىلە سېنىڭ سۆزۈڭگە ئىشەنمەسلىك ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغاندىن ھەدىس توقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن»[1].

دېمەك، دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق بىلىملەرنى پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭ تەلىم-تەربىيەسىدە يېتىشكەن، شۇنداقلا سۈننەتنىڭ دىندىكى مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن ساھابە كىراملار، تابىئىنلار ئۆزلىرى ياشىغان رايونلاردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى تەرەققىياتلارغا ماس ھالدا، ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئىلىم ئىزدەش سەپىرى، ئىسناد (ھەدىس راۋىيلىرى زەنجىرى) ۋە تەدۋىن (توپلاش ۋە خاتىرىلەش) قاتارلىق ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇ جەرياندا ئۇلار، ئۆز يۇرتلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دائىر ھەدىسلەرنى يەتكۈزۈپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۆھپە قوشۇپ، بىر – بىردىن: «بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سوراشتىنمۇ يانمىغان.

**ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىناتتى**

ساھابە كىراملار ھەدىس ھەققىدە شۇنچە سەگەك ۋە سەزگۈر ئىدىلەركى، پەقەتلا بىر ھەدىس ئۈچۈن ئۇزۇن سەپەرلەرگە چىقاتتى. تابىئىنلەرنىڭ چوڭلىرىدىن ئەتا ئىبنى ئەبى رەباھنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ھەزرىتى ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارىنىڭ زېھنىگە بىر ھەدىس كېلىدۇ، بۇ ھەدىسنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۈچۈن سۈرۈشتە قىلغاندا بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ساھابە كىراملاردىن پەقەت ئۇقبە ئىبنى ئامىر ئىسىملىك ساھابە قالغانلىق مەلۇماتىغا ئېرىشىپ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇ ھەدىسنى سوراش ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. مىسىرغا بېرىپ ئالدى بىلەن ئەمىر مەسلەمە ئىبنى مەھلەدنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ ۋە ئۆزىگە بىر ھەمراھ ياللاپ ئۇقبە ئىبنى ئامىرنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ئىككى دوست يولدا ئۇچرىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئەبۇ ئەييۇب ھەزرىتى ئۇقبە ئىبنى ئامىرغا: «بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلارنىڭ ئىچىدىن بىز ئىككىمىز قاپتىمىز، ـ دەپ: «كىمكى دۇنيادا بىر مۆمىننىڭ ئەيىبىنى يۆگىسە، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى يۆگەيدۇ» دېگەن ھەدىسنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۇقبەمۇ ھەدىسنىڭ ئۆزىنى تەكرار قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، مەن پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەنتىم دەپ، دوستى ئۇقبە بىلەن خوشلىشىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا راۋان بولىدۇ[1].

شۇنىڭدەك ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ئەنسارىلارنىڭ چوڭلىرىدىن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىسنى ئۇنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلاش ئۈچۈن بىر ئايلىق ئۇزۇنلۇقتىكى سەپەرگە چىققان. ئۇ، «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رىۋايىتى.

مۇبارەك ئىغىزىدىن قولۇقۇم بىلەن ئاڭلىمىغان بۇ ھەدىسنى سىنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقىڭنى ئاڭلىدىم. ئۇ ھەدىسنى يۈز تۇرانە سەندىن ئاڭلىماي ئىككىمىزدىن بىرىمىز ئۆلۈپ كېتىشتىن ئەنسىردىم. شۇنىڭ ئۈچۈن يېنىڭغا كەلدىم» دەپ ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيسنىڭ ئىغىزىدىن ئاڭلاپ، دەرھال مەدىنىگە قايتقان»[1].

## تابىئىنلەرنىڭ سەپىرى

ھەدىس يولىدا سەپەرگە ئاتلانغانلار پەقەت ساھابە كىراملارلا ئەمەس؛ بەلكى كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندىمۇ ئوخشاش دەۋام قىلغان. سەئىد ئىبنى مۇسەييەبنىڭ كېرەك بولغاندا بىر ھەدىسنى ئاڭلاش ئۈچۈن كۈنلەرچە مۇساپىلىك يول يۈرۈشى[2]، مەسرۇق ئىبنۇل ئەجدانىڭ پەقەت بىر ھەرپ ئۈچۈن سەپەر قىلىشى[3] كەسىر ئىبنى قەيسنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ئەبۇ دەردادىن بىر ھەدىس ئېلىش ئۈچۈن، بىر ئىلىم ئاشىقىنىڭ مەدىنىدىن شامغا قەدەر كەلگەنلىكى[4]، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ خۇسۇستا قەيت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇنلىغان ئۈرنەكلەر بار.

ئەمەلىيەتتىمۇ ھەدىس رىۋايىتى توغرىسىدا ساھابە كىراملارنىڭ كۆرسەتكەن ئەستايىدىللىقى ئوخشاشلا تابىئىنلەردىمۇ بار ئىدى. دېمەك بۇ ھەدىس ئىلمىگە شۇنداق قىممەتلىك ئالىم ئۈلىما، فەقىھ ـ فۇقەھا سەپەرۋەر بولغان ئىدىكى ئىمام ئەئمەشنىڭ دېگىنىدەك، ئۇلار ھەدىسكە بىر «ۋ»، بىر «ا» ياكى بىر «د» گە ئوخشىغان بىر ھەرپنى زىيادە قىلىشنىڭ ئورنىغا، بېشىغا ئاسماننىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىنى ئارتۇق كۆرەتتى[5]. ئۇلار ھەدىسلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانداق كەلگەن بولسا شۇ بويىچە، يەنى ئەسلىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. «و» ۋە «ف» ھەرپلەرنىڭمۇ ئورنىنىڭ

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

[2] "ھەدىس تەلەپ قىلىش سەپىرى" 127 – بەت (ئەلخەتىب باغدادى)

[3] «ئەلمۇسەننەپ» 5 – توم، 285 – بەت (ئىبنى ئەبى شەيبە)

[4] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى – ئىلىم بابى.

[5] «رىۋايەت ئىلمىگە كۆپايە» 177 – بەت، (ئەخەتىب ئەلباغدادىي)

ئالمىشىپ قېلىشىغا يول قويمايتتى.

ساھابە كىراملارنىڭ ھەممىسى ئادىل ۋە يالغانغا تىلى تۇتۇق بولغان تۇرۇقلۇق، تابىئىنلاردىن بولغان ئىماملار بىر ساھابىدىن ئاڭلىغان ھەدىسنى يەنە باشقا ساھابىلەر ئارقىلىق توغرا خاتالىقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە تىرىشاتتى. بۇ خۇسۇستا تابىئىنلەرنىڭ بۈيۈك ئىماملىرىدىن بولغان ئەبۇلئالىيە: «بىز (بەسرىدە، باغدادتا، خۇراساندا، ماۋەرائۇننەھرىدە) يەنى دۇنيانىڭ قەيرىدە بولمايلى ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرەر ھەدىسنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەندە، بىز بۇنىڭغا قانائەت قىلىپ ئولتۇرمايتتۇق، بەلكى شۇ ھەدىسنى ئەسلى مەنبەسىدىن بىلىش ئۈچۈن (مەككىگە، مەدىنىگە بېرىپ، ھەدىسنى سۆزلىگۈچى ساھابە ھاياتتا بولسا ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ توغرۇلايتتۇق. ھاياتتا بولمىسا، باشقا ساھابىلەردىن تەكشۈرۈپ توغرۇلايتتۇق»[1]. ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا مۇھەممەد ئىبنى سىرىن: «بىز دەسلەپكى چاغلاردا ھەدىسنىڭ ئىسنادىدىن سورمايتتۇق، (يەنى بىزگە بىرسى بىر ھەدىس راۋايەت قىلغان چاغدا، كىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى سورمايتتۇق) قاچانكى پىتنە باشلاندى، شۇنىڭدىن باشلاپ، رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى سوراشقا باشلىدۇق»[2] دېگەن.

دەرھەقىقەت دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھەدىسنىڭ ئىسنادى سورالمايتتى. يەنى رەسۇلۇللاھتىن بىر ھەدىس بايان قىلىنغاندا، ئۇنىڭ كىمدىن ئېلىنغانلىقىنى دەلىللەشكە كېرەك يوق ئىدى. ئەمما، پىتنىگە قارشى ئىشىك دەپ قارالغان ھەزرىتى ئۆمەر شەھىد بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئوسمان ۋە ھەزرىتى ئەلى خەلىپە بولغان مەزگىللەردە نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بېرىپ، پىتنە پەيدا بولغاندا، توقۇلما ھەدىسلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن راستچىللىقنى ئۆزگە يار قىلغان ئۇلۇغ ئىماملار

[1] ئىمام دارەمىي ـ مۇقەددىمە 47 – بەت، ئىبنى سەئد ـ تەبقاتۇل كۇبرا، 7 – توم، 113 – بەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى. (مۇقەددىمە، 5 – بەت).

«ئىسناد» نى، ھەمدە ئاڭلىغان ھەر بىر ھەدىسنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان. شۈنداق، شۈئبەگە ئوخشاش، شەئبى ۋە سەرۋىگە ئوخشاش كاتتا ئالىملار بۇ مەسىلىنى يېقىندىن دىققەتكە ئالغان ۋە ئەسلا سەل قارىمىغان.

يەنە شۇنىڭدەك، ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، تابىئىنلەرنىڭ بۈيۈك ئىماملىرىدىن بىرى مۇجاھىد ئىبنى جەبردىن كەلگەن بىر رىۋايەتتىمۇ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلىكنى كۆرىمىز: بۇشەيرۇل ئەدەۋى ئىسىملىك بىر زات ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەدىس بايان قىلىدۇ؛ ئىبنى ئابباس ھېچ دىققىتىنى بۇزمىغان ھالدا ئۆز مەشغۇلاتى بىلەن بولىدۇ. بۇنى كۆرگەن بۇشەيرۇل ئەدەۋى ھەيران بولۇپ: «سىزگە نېمە بولدى؟ ـ مەن سىزگە ھەدىس بايان قىلىۋاتسام، سىز پەرۋاسىزغۇ؟» دەپ، خاپا بولغاندەك ئىپادىدە بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ھەزرىتى ئابباس تۆۋەندىكى جاۋابنى بەرگەن: «بىز ئىلگىرى بىرەيلەننىڭ «رەسۇلۇللاھ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان يۈرىكىمىز سەكرەپ، كۆزىمىز ئېچىلىپ كېتەتتى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتۇق. ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىنسانلار ئۆزگىرىپ قالايمىقان سۆزلەشكە باشلىغانلىقى ئۈچۈن، بىزمۇ ئۆزىمىز بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلىپ، باشقىلاردىن ھەدىس قوبۇل قىلىشتا دىققەت قىلىدىغان بولدۇق»[1].

[1] «مەئرىپەتىسسىقات مىن رىجالى ئەھلىل ئىلمى ۋەلھەدىس» (ئەبۇل ھەسەن ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالىھ ئەل ئىجلىي ئەل كۇفىي). ئالىم، مىلادىيە 798 ـ يىلى ئىراقنىڭ كۇفە ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان، 874 ـ يىلى شامغا تەۋە ترابلۇستا ۋاپات بولغان. ئۇ ئەھلى سۈننەت ۋەل-جامائەتنىڭ پرىنسىپى ئاساسىدا ھەدىس، جەرھ ۋە تەئدىل تەتقىقاتچى ئۆلىمالىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئەسلى كۇفىلىق بولۇپ ، ھەدىس تەتقىقاتى يولىدا كۆپ سەپەر قىلغان. كېيىن تىرابلۇستا ئولتۇراقلىشىپ، شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

«ئىمام مۇسلىم»، ـ ئىمام مۇسلىمنىڭ تولۇق ئىسمى: ئەبۇل ھۇسەين مۇسلىم ئىبنى ئەلھەججاج ئىبنى مۇسلىم ئەلقۇشەيرىدۇر. گەرچە ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، مەنبەلەردە 821 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقى بايان قىلىنغان، 875 ـ يىلى 5 – ماي، يۇرتى نىشاپوردا ۋاپات بولغان.

ئۇ ئۇمەييە دۆلىتى نىشاپۇرنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەبلەرنىڭ قۇشەير قەبىلىسىگە تەۋە ئائىلىگە

ئەندۈلۈسنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن ئىبنى ئابدۇلبەر[1] تابىئىننىڭ بۈيۈك ئىماملىرىدىن ئامىر ئىبنى شەراھىل ئەششەئبىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، رابى ئىبنى ھۇسەيم كىمكى، «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، شېرىكى يوق، پادىشاھلىق پەقەت ئۇنىڭ، ماختاش ئۇنىڭغا خاس، تىرىلدۈرىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ئۇ ھەممە ئىشقا قادىردۇر»[2] دېگەن دۇئانى ئون قېتىم ئوقۇسا، بىر قۇل ئازاد قىلغانلىق ساۋابىغا ئېرىشىدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىدۇ. شەئبى دەرھال: «سەن بۇنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبىلەيلادىن ئاڭلىدىم» دېگەندە، ئەبۇ لەيلادىن بۇ ھەدىسنى سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە ئەبۇ لەيلانى تېپىپ، ئۇنىڭدىن سورايدۇ. رىۋايەتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن قايتىپ كېتىدۇ. ئەبۇ لەيلا بولسا بۇ

---

مەنسۇبتۇر.

ئۇ بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ ھەدىس ئىلمىگە قىزىقاتتى. ياش قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن نىشاپۇردىكى ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر ھەدىس ئالىملىرىدىن ھەدىس دەرسلىرىنى ئالغان. كېيىن ھەجكە بېرىپ، نىشاپۇرغا قايتمىغان. ھىجاز، بەسرىگە، بەلەخكە ۋە باغداتقا بېرىپ ھەدىس توپلىغان.

ئۇ، 15 يىل جەريانىدا توپلىغان ھەدىسلەرنى رەي شەھىرىدىكى ئوقۇتقۇچىسى ئەبۇ زۇرئاغا «جامۇسسەھىھ» نامىدىكى ئەسىرىنى سۇنغان.

ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا نىشاپۇرغا قايتىپ كەلگەن. بۇ يەردە ئۇ ئىلمىي مەجلىسلەردە ئۇنى قوغدىغان ئىمام بۇخارى بىلەن دوست بولغان.

ئۇ، سەھىھ بۇخارىنىڭ ئاپتورى ئىمام بۇخارى بىلەن بىرلىكتە «ئىمامېين» (ئىككى ئىمام) دەپ ئاتىلىدۇ. «سەھىھەين» ئىسمى بۇ ئىككى مۇھەددىس ئالىمنىڭ ئىككى سەھىھ ئەسىرىنى بىرلىكتە ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

[1] «ئىبنى ئابدۇلبەر» ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى، - جامالىددىن يۈسۈپ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدىلبەر قۇرتىبى. ئۇنىڭ كۇنيەسى «ئەبۇ ئۆمەر» دۇر. ئۇ مىلادىيە 978 - يىلى قۇرتىبىدا تۇغۇلغان، ئەندۈلۈستا ياشاپ چوڭ بولغان، مالىكى مەزھىپىنىڭ فىقھى ۋە ھەدىس تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ فىقھى، ھەدىس، ئەدەبىيات، تارىخ ۋە باشقا ئىلىملەردە چوڭقۇر ئالىم ئىدى.

[2] « لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَـهُ، لَـهُ الْمُلْـكُ وَلَـهُ الْحَمْـدُ يُحْيِـي وَيُمِيـتُ وَهُـوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ»

ھەدىسنى بۈيۈك ساھابە ئەبۇ ئەييۇبىل ئەنسارىدىن ئاڭلىغان[1].

## يالغانچىلىق ۋە يالغانچىنى ئىز قوغلاپ تېپىش

ئەمەلىيەتتە، ئۇ ۋاقىتلاردا يالغانچىلىققا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىنغانتى. ئىبنى شىھاب ئەززۆھرى، ئىبنى سىرىن، سۇپيان سەۋرى، ئامىر ئىبنى شەراھىل ئەششەبى، ئىبراھىم ئىبنى يەزىد ئەننەخەئى، شۇئبە، ئەبۇ ھىلالىل ئەسكەرى، قەتادە ئىبنى دىئامە، ھىشام ئەددەستۇۋائى، مىسئەر ئىبنى كىدامە ئىبنى زەھىرىل ھىلالى قاتارلىق زاتلار ھەممىسى يالغانچىلىققا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلغان ۋە يالغانچىلارنى ئىز قوغلاپ، سۈرۈشتىسىنى قىلغان.

ئەبۇ ھىلال، شۆئبە، سەئىد ئىبنى ئەبى سەداقە، قەتادە ئىبنى دىئامىدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «ئۇنداق دېگەن بولغىيمىتتى ياكى مۇنداق دېگەن بولغىيمىتتى؟» دەپ تەرەددۇتتا قالغاندا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ھىشام ئەددەستۇۋائىگە مۇراجىئەت قىلىناتتى. شۆئبە بىلەن سەۋرى، ھەر قانداق بىر مەسىلىدە تەرەددۇتتا قالغاندا مىسئەر ئىبنى كىدامىگە مۇراجىئەت قىلاتتى[2].

---

[1] «ئەل مۇھەددىسۇل پاسىل»، 208 – بەت، (ئەلھەسەن ئابدۇرراھمان ئەررامەھۇرمۇزى). ھەسەن ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى خالىد ئەررامەھۇرمۇزى ئەل فارسى. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئەرەب بولمىغان ھەدىس ئالىمى، ھەمدە قازى ۋە يازغۇچى. ئۇ، ھىجرىيە 265 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 360 ـ يىلى ۋاپات بولغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا.

[2] «تەھزىبۇت تەھزىب» 2 – توم، 395 – بەت، (ئىبنى ھەجەر ئەسقىلانى). ئىبنى ھەجەر ئەسقالانىنىڭ تولۇق ئىسمى: ئەبۇ فازىل شىھابۇددىن ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەل ئەسقالانى بولۇپ، مىلادىيە 1372ـ يىلى تۇغۇلغان، 1449ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىبنى ھەجەر، مەملۇك دەۋرىدە مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىگە يېقىن بىر رايوندا تۇغۇلغان. ئۇ ياش ۋاقتىدا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. 9 يېشىدا قۇرئان كەرىمنى تولۇق يادلاپ بولغان. 12 يېشىدا دادىسىنىڭ دوستى بىلەن مەككىگە بارغان. مەككىدە فىقھى، ئەرەب تىلى ۋە ماتېماتىكا ئۆگەنگەن، شۇنداقلا ھەدىس دەرسلىرىگە قاتناشقان. 20 ياشتىن كېيىن باشقا شەھەرلەرگە سەپەر قىلغان ۋە بارغان شەھەرلەردىكى ئالىملار بىلەن كۆرۈشۈپ بىلىم ئاشۇرغان، بۈيۈك مۇھەددىس ۋە ئۇلۇغ تەفسىر شۇناس

ئۇلار مەزھەپ مۇتئەسسىپچى بەزى كىشىلەرنى قەدەممۇ-قەدەم كۈزىتەتتى. ئۇلار مەيلى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يالغان سۆزلەشكە مايىل ھەرقانداق كىشىنى كۆزىتىپ، ئۇلاردىن كەلگەن ھەر بىر ھەدىسنىڭ كىمدىن ئېلىنغانلىقى ۋە سەنەدىنىڭ كىمگە تۇتىشىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۈرۈشتىسىنى قىلاتتى.

**ئۆمرىنى ھەدىسكە ئاتىغانلار**

يادلاش ۋە ئەستە ساقلاش داھىلىرى دەپ تونۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئىزچىل ھەدىس بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ زات راۋىسى، سەنەدى ۋە تېكىست جەھەتتە پەرقلىق، ئەمما مەزمۇنى ئوخشاش ئۈچ يۈز مىڭ ھەدىستىن تاللاپ قىرىق مىڭ ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەشھۇر «مۇسنەد» دېگەن ئەسەرنى تەييارلىغان. بۇ قىرىق مىڭ ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر تەكرار ھەدىسلەردىن سىرت يەنە ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ «زەۋائىد» دېگەن ئەسەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن ھاياتىنى ھەدىسكە ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك سۈننىتىگە بېغىشلىغان يەھيا ئىبنى مەئىن توغرا ھەدىسلەردىن سىرت توقۇلما ھەدىسلەرنىمۇ قوشۇپ يادلىغان. بىر كۈنى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىدا، ھەدىس سوراپ كەلگەنلەرگە بۇ ئۇيدۇرمادۇر، بۇنىڭ سىرتىدىكى ھەدىسلەرنى سورىسىڭىز بولىدۇ، - دەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

دېمەك، ئىمام زۆھرىدىن يەھيا ئىبنى سەئىد ئەل قەتتانغا، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن دارە قۇتنى ۋە ھاكىمغىچە بولغان بۇ لىنىيەدە

---

دىنى ئالىمدۇر.

[1] «ئەل جامىئۇل ئەخلاقۇرراۋى ۋە ئادابۇسسامىئ»، 2 – توم، 192 – بەت، (خەتىبۇل باغدادى). خەتىبۇل باغدادىنىڭ ئىسمى: ئەبۇ بەكرى ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى سابىتتۇر. ئۇ مىلادىيە 1002-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى تۇغۇلغان، 1071-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسىدۇر.

ئۇ باغداتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان دارزىجان يېزىسىدا چوڭ بولغان. ئۇنىڭ دادىسى يىگىرمە يىل دەۋەتچى ۋە ئىمام بولغان.

نۇرغۇن مۇھەددىس، نەققاد، يەنى راۋىي ۋە سەنەدلەرنى تەكشۈرۈش دوختۇرلىرى يېتىشكەن.

### ھەققانىيلىق تۇيغۇسى

ئۇ ۋاقىتلاردا يالغانچىلىققا قەتئىي يول قويۇلمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە ھەقىقەتنى ياقىلاپ، ھەقىقەتنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇش ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. مەسىلەن، بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر خۇتبە سۆزلەۋېتىپ: «ئاياللىرىڭلارنىڭ تويلۇق مېھرىنى قىرىق «ئۇقىيە» دىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار!» دېگەندە، سەپنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئاياللاردىن بىر ئايال: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: « ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا يەنە بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار...» دېگەن تۇرسا، سىلەر «قىرىق ئۇقىيە» دەۋاتىلا؟» دەپ، ھەزرىتى ئۆمەرگە سوئال تاشلىغان؛ بۇنى ئاڭلىغان مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى «مەن خاتالاشتىم، بۇ ئايال توغرا ئېيتتى!» يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاھ ئۆمەر، بۇ ئايالدەكمۇ دىنىڭنى بىلمەيسەن!» دەپ ئۆزىنى ئەيىپلىگەنتى[1].

شۇنىڭدەك، تابىئىن ئىماملارمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. مەسىلەن، زەيد ئىبنى ئەبى ئۇنەيسە: ـ ئۇ ئىنىسىنىڭ پەرۋاسىزلىقىدىنمۇ ياكى مەزھەپ تەئەسسۇبىيەتچىلىكىدىنمۇ ياكى بولمايدۇ باشقا بىر سەۋەب بارمۇ، ـ «ئاكامدىن ھەدىس ئالماڭلار!» دەيتتى[2]. شۇنىڭدەك: بىر قېتىم ئاڭلىغان نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم تەكرار قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن» دېگەن ئىمام شافىئى بىر كۈنى ئۆزىنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلىپ ۋەكىئ ئىبنى جەرراھنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «گۇناھ – مەسىيەتتىن ئۇزاق تۇرغىن، چۈنكى ئىلىم نۇردۇر ۋە ئاللاھتىن كەلگەن بۇ نۇر ئاسىيلارغا ھەدىيە قىلىنمايدۇ». ئەبۇ ھەنىپە مەدرىسىسىدە يېتىشكەن ۋە ئىمام

[1] «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، 7 – توم، 233 – بەت، (ئىمام بەيھەقىي).

[2] "صحيح المسلم"، مۇقەددىمە، 5 – بەت.

شافىئىگە ئۇستازلىق قىلغان بۇ ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ دادىسىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغاندا، ئۇ ھەدىسنى يەنە باشقا راۋىيلار بىلەن كۈچلەندۈرۈشكە ئېھتىياج ھېس قىلاتتى. «نېمىشقا بۇنداق قىلىسىز» دەپ سورالغاندا، «دادام دۆلەتنىڭ مالىيە خەزىنەدارىدۇر، خەزىنەدارى بولغان دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بەزى يۇمشاق سۆزلەردە بولۇپ قېلىشى ئېھتىماللىقى بار دەپ قاراپ شۇنداق قىلىمەن»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

### ئىلەل[2] كىتابلىرى

ھەدىس ئىماملىرى بۇ تېمىدا نۇرغۇنكىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلار تەجرىبىلىك دوختۇردەك ھەدىسلەرنىڭ راۋىيلىرىنى، سەنەدلىرىنى ۋە تېكىستلىرىدىكى خاتالىقلارنى تەكشۈرۈپ، بېكىتىپ دىياگنوز قويۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلەر قالدۇرغان. ئۇلار «زەئىف» ۋە «مەترۇك» كا ئالاقىدار كىتابلارنى يېزىپ، زەئىف يەنى رىۋايىتى ئاجىز، مەترۇك، يەنى ھەدىسلىرى ئېلىنمايدىغان راۋىلارنى بىرمۇ بىر ئوتتۇرىغا چىقارغان.

ئۇلار بۇ مەسىلىدە ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ، سەزگۈرلىكىدىن دادام خەزىنىدار دەپ، دادىسىدىن كەلگەن رىۋايەتلەرنى باشقا رىۋايەتلەر بىلەن تەكىتلىمەي تۇرۇپ قوبۇل قىلمايتتى. دادىسىنى سورغانلارغا: «ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ، دادىسىدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلاتتى[3].

---

[1] « الإعلان بالتوبيخ لمن ذم أهل التوريخ » ، 66 – بەت، (ئەسسەخاۋىي)

[2] «ئىلەل» ئىللەت كەلىمىسىنىڭ كۆپلىكى بولۇپ، مەنىسى: «سەۋەب، كېسەللىك ۋە كەمتۈكلۈك» دېگەندەك مەنە ۋە مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ. ھەدىس ئىلمىدە «ئادەتتە بىر قاراشتا بايقالمايدىغان ۋە ھەدىسنىڭ چىنلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان نۇقسان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇقسانلارنى تەكشۈرگەن ھەدىس ئىلمىنى «ئىلەلۇل ھەدىس» دەپ ئاتىلىدۇ. سەۋەبىنى ئېنىقلاش جەريانى «تەئلىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

[3] « الإعلان بالتوبيخ لمن ذم أهل التوريخ » ، 66 – بەت، (ئەسسەخاۋىي). سەخاۋىينىڭ تولۇق ئىسمى: ھافىز شەمسىددىن ئەبۇلخەير مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبى بەكرى ئىبنى ئوسمان ئىبنى مۇھەممەد ساخاۋىيدۇر. ئۇ، مىسىرنىڭ شىمالىدىكى ساخاۋى كەنتىنىڭ ئىسمى بىلەن تونۇلغان ـ شافى مەزھىپىگە تەۋە ئۇلۇغ تارىخچى، زامانىۋى ئالىم ۋە

شۇنىڭدەك بۈيۈك مۇھەددىس ئالىملاردىن ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدى: مەن شۇئبە، سەۋرى، ئىبنى مۇبارەك ۋە ئىمام مالىكتىن: «بىز يالغانچىلىق بىلەن ئەيىبلەنگەنلەرنى ئىسىملىرى بىلەن كىتابلىرىمىزدا يازىمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى پاش قىلغانلىق بولىدۇ، بۇ قانداق بولا؟» دەپ سورىدۇم. ئۇلارنىڭ تولىسى: ھەدىس دىنىدۇر، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى دىنىنىڭ ھەقىقىتى ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان»[1] دېگەن مەزمۇندا جاۋاب بەرگەن.

ئۇلار ھەدىس ھەققىدە ئىنتايىن قاتتىق ۋە چىڭ تۇرۇپ، ھېچقانداق بىر مۇرەسسەگە ئورۇن قالدۇرمىغان. يەھيا ئىبنى سەئىد ئەلقەتتاندىن دوستلىرى: «سىز خەقنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە شان - شەرىپى بىلەن ئويناۋاتىسىز؛ ئۇ ھەدىس توقۇيدۇ، ئۇنىڭ رىۋايىتى ئاجىز، ئۇنىڭ ھەدىسىنى ئالغىلى بولمايدۇ» دەيسىز، بىر كۈنى، ئاللاھ سىزدىن بۇلارنىڭ ھېساۋىنى سورىمامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇلارنىڭ دەۋاگەر بولۇشىدىن بەكرەك ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋاگەر بولۇپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىمەن»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

مانا مۇشۇنداق سەزگۈرلۈك ۋە ھوشيارلىق بىلەن تۇرۇپمۇ، كېيىنكى چاغلاردا يەنە بەزى ئۆيدۇرما ھەدىسلەر ئوتتۇرىغا چىققان. لېكىن بۇ ئۆيدۇرما ھەدىسلەر ساھابە كىرام ۋە تابىئىنلارنىڭ ھەدىس لابۇراتورىيەلىرىدا تەكشۈرۈلۈپ، پىشقان مۇھەددىس ۋە ئەھلى ئىلىملەرنىڭ پاراسىتىدىن قاچالمىغان. تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، قېچىپ كەتكەنلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شاللىنىپ، سەھىھ ھەدىس توپلىمىغا كىرەلمىگەن.

---

مەشھۇر يازغۇچى. ئۇ مىلادىيە 1427 -يىلى قاھىرەدە تۇغۇلغان، 1497 -يىلى مەدىنىدە ۋاپات قىلغان. ئۇ ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ، ئىككى يۈز پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان.

[1] «التمهيد لما في الموطأ من المعاني والأسانيد»، 1 – توم، 47 – بەت، (ئىبنى ئابدۇل بەر).

[2] «المدخل إلى الصحيح مع التكميل والتوضيح للمدخل الصحيح»، 111 – بەت. (ئىمام ھاكىم)

### توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ شاللىنىشى

#### 1 ـ ئېتىراپ

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، يالغان ھەدىسلەرنى توقۇپ چىققانلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ باتىل مەزھەپلىرىدىن چېكىنىپ، ئەھلى سۈننەت ۋەل - جامائەتكە قوشۇلۇپ، توقۇغان ھەدىسلەرنى ئىقرار قىلىپ، ئېتىراپتا بولغان

#### 2 ـ يالغانچىلار نازارەت قىلىناتتى

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يۇقىرىدا چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئۇسۇللار بىلەن يالغانچىلار كۆزىتىلەتتى. ئۆمرىدە بىر قېتىم يالغان سۆزلەپ قالغانلىقى بىلىنىپ قالغان ئادەمدىن ھەدىس ئېلىنمايتتى، ھەتتا مۇشۇ ئادەم قانداراق ئادەم دېگەندەك ئازغىنە گۇمانىي قاراشتىكى كىشىلەردىن ھەدىس ئېلىنمىغان. بۇ يەردە تىپىك بىر مىسال بېرىدىغان بولساق:

ئەبۇ داۋۇدنىڭ «سۇنەن» دېگەن ئەسىرىدە ئىسمى كۆپ ئۇچرايدىغان ئىبنى ئەبى لەھىيە ئىسىملىك بىر كىشى بار. ئۇ زاھىدلىق ۋە تەقۋالىق جەھەتتە ناھايىتى ئىلغار بىر كىشى. ئۇ ھەدىسنى زېھنىدىن ئەمەس، خاتىرىلەپ قالدۇرۇۋالغان كىتابىدىن رىۋايەت قىلاتتى. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇنىڭ ئۇ ھەدىس خاتىرلەرنگەن كىتابى يوقاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقىدەك ھەدىس رىۋايەت قىلىش قابىلىيىتىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭدىن ھەدىس ئالىدىغانلار بۇرۇنقىدەك ھەدىس ئېلىشتىن توختاپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئىمام بۇخارى ئۇنىڭدىن كەلگەن ھەدىسلەرنى بىۋاستە ئەمەس باشقا ھەدىسلەر بىلەن ياكى باشقا راۋىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەندە ئاندىن ئالغان.

#### 3 ـ سۆزلەش ئۇسلۇبى چېنىپ قالاتتى

ئەدەبىياتتا ئۇسلۇب دەپ ئاتىلىدىغان بىر تېما بار. مەسىلەن بىر كىشى ئۆزى ياقتۇرىدىغان كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەرنى بىر قانچە قېتىم ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇ يازغۇچىنىڭ سۆز ئۇسلۇبىنى باشقا يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئاسانلا پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ھەدىس ئىماملىرى ھاياتىنى ھەدىسكە بېغىشلاپ، كۆندىلىك مەشغۇلاتى ھەدىس بىلەن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىنى توقۇلما سۆزلەردىن ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرەلەيتتى، ھەتتا ئاڭلاپلا بۇ ھەدىس ياكى ئەمەس دېيەلەيتتى.

## 4 ـ ئۆلچەم قۇرئان كەرىم ۋە مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر ئىدى

ھەدىسلەر كۆپىنچە ھەدىس ئالىملىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا «مۇتاۋاتىر» ۋە «ئاھاد» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئەگەر بىر ھەدىس يالغانچى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر جامائە تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، بۇ ھەدىس «مۇتاۋاتىر ھەدىس» دەپ، تونىلىدۇ. ئەمما يالغۇز بىر كىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر «ئاھاد ھەدىس» لەردۇر. ئاھاد ھەدىسلەر قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتتە كەلگەن ئېنىق ھۆكۈملەرگە ئاساسەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇلارغا ئۇيغۇن كەلسە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۇيغۇن كەلمىسە ئۇنىڭغا قاراپ مۇزاكىرە قىلىشقا بولىدىغان قاتاردا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

## راۋىيلەر ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان

راۋىلەرنى،ساھابە كىراملارنى، تابىئىن ۋە تەبە تابىئىنلەرنى يېقىندىن تونۇش ئۈچۈن، ئۇلار ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەردە كىم قەيەردە تۇغۇلغان، قەيەردىن كۆچۈپ كەلگەن، قەيەردە ياشىغان، قەيەردە ۋاپات قىلغان، قەيەردە بىلىم ئالغان، كىمدىن بىلىم ئالغان، ھەممىسى بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

بۇ تېمىدا تۇنجى بولۇپ ئەسەر يازغان كىشى ئەبۇ نەئىم ئىسپىھانىدۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ «معرفة الصحابة»[1] دېگەن ئەسىرىدە ساھابە كىراملاردىن قايسىسى

[1] «معرفة الصحابة» (ساھابىلەرنى تونۇش) ناملىق بۇ ئەسەر، ئەبۇ نۇئەيم ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئىسھاق ئەل ئىسفاھانى يازغان ئەسەر بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە، بۇ كىتابنى يېزىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ: «... ساھابىلەرنىڭ سەرخىللىرىنى،

مەككە ۋە مەدىنەدىن ئايرىلىپ، قەيەرگە كەتكەن، تائىپتىمۇ ، دەمەشقتىمۇ، كۇفە ياكى بەسرىدىمۇ، ياكى بولمايدۇ ماۋەرائۇننەھردىمۇ، شۇنىڭدەك ئۇلار قەيەردە ياشاپ، كىمگە دەرس بەرگەن، كىم بىلەن كۆرۈشكەن دېگەندەك مەسىلىلەرنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى ئابدۇلبەرنىڭ «الاستيعاب في معرفة الأصحاب»[1] كىتابى، ئىبنى ھەجەرنىڭ «الإصابة في تمييز الصحابة»[2] دېگەن ئەسىرى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «أسد الغابة في معرفة الصحابة» دېگەن ئەسىرى، ئىبنى سەئدنىڭ «كتاب الطبقات الكبرى»[3] دېگەن

---

يېشىنى، ۋاپاتىنى بىلىش، ھەدىس ئۆلىمالىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىسمى تىلغا ئېلىنغان راۋىلار ۋە مۇھەددىسلەر خاتىرلەنگەن ئەسەرلەرنى تونۇتۇش، شۇنىڭدەك، ھەدىس ھاپىزلىرى، ھەممىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە ھەدىس رىۋايەت قىلغان ياكى سۆھبىتىگە قاتناشقان ساھابە كىراملارنى يېقىندىن بىلىش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان.

[1] «الاستيعاب في معرفة الأصحاب» (ساھابىلەرنى تونۇشتىكى ئومۇمىي چۈشەنچە) (ئىبنى ئابدۇل بەر) بۇ ئەسەر ئاساسەن ساھابە كىراملارنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى كىتابلارنىڭ بىرى. ئاپتۇر بۇ ئەسەردە ساھابە كىراملارنى ۋە ئۇلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغانلارنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستا ھەدىس رىۋايەت قىلغانلارنى، ئۇلارنىڭ يېشى ۋە ۋاپاتى قاتارلىق ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويغان.

[2] «الإصابة في تمييز الصحابة» (ساھابىلەرنى ئايرىشتىكى مۇۋەپپىقىيەت) ناملىق بۇ ئەسەر، ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى يازغان كىتاب بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەردە 12446 ساھابىنىڭ تەرجىمىھالىغا مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. مۇئەللىپ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا قىرىق يىل كۈچ سەرپ قىلغان.

[3] «الطبقات الكبرى» ـ بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد ئىبنى سەئد ئىبنى مەنىئ ئەلبەسرىي ئەززۇھرى يازغان. مۇئەللىپ «ئىبنى سەئد» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. مۇئەللىپنىڭ بۇ ئەسىرى ھەدىس رىجاللىرىنىڭ دەرىجىلىرى ۋە تەرجىمىھالى يېزىلغان ئەڭ مۇھىم كىتابلارنىڭ بىرىدۇر.

بۇ ئەسەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ۋە تارىخى ھەققىدە مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى دەپ قارىلىدۇ. ئاپتۇر بۇ ئەسەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى، مەدىنە فەقىھ ـ فۇقەھالىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ساھابە كىراملارنىڭ، تابىئىنلارنىڭ، تەبەتابىئىنلارنىڭ تەرجىمىھالىنى تەرتىپ بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتورنىڭ كىتابتىكى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ تەرجىمەھالى بايان قىلىنغان ھەر بىر ئالىم – ئۆلىمانىڭ ئىسمى، نەسەبى، قالدۇرغان ئەسەرلىرى، پەزىلىتى ۋە مەرتىۋىسى ھەققىدە ئالاھىدە توختالغان بولۇپ،

ئەسىرى، ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تارىخ دمشق»[1] دېگەن ئەسىرى، ئىمام بۇخارىنىڭ «التاريخ الكبير»[2] دېگەن ئەسىرى، يەھيا ئىبنى مەئىننىڭ «كتاب التاريخ»[3] دېگەن ئەسىرى بۇ ساھەدە يېزىلغان مۇھىم ئەسەرلەردىندۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئۈچ مىڭ، بەزىلىرىدە بەش مىڭ، بەزىلىرىدە ئون مىڭ ساھابە كىرامنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن.

بىز بۇ كىتابلارغا، مەسىلەن: ئىمام زەھەبىنىڭ «الكاشف في معرفة من له رواية في الكتب الستة»[4] دېگەن ئەسىرىگە قارايدىغانلا بولساق، ھەر بىر

---

ئۇلارنى تەنقىدلەيدىغان يەردە تەنقىدلىگەن پەزىلىتى ۋە مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدىغان يەردە كۆتۈرگەن. ئالىم بۇ شەكىلدە تولۇق 4725 كىشى ھەققىدە توختالغان.

[1] «تاريخ دمشق»، - (دەمەشقنىڭ تارىخى)، تولۇق ئىسمى «دەمەشق شەھىرىنىڭ تارىخى» دۇر. بۇ ئىمام ئەل ھافىز مۇھەددىس ئەششام ئىبنى ئەساكىر يازغان سەكسەن توملۇق غايەت زور ھەجىملىك بۈيۈك كىتاب. ئۇ ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ چوڭ ھەجىملىك مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. مۇئەللىپ بۇ ئەسەردە شامنىڭ تارىخىنى، پەزىلىتىنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە شامنىڭ يەرلىك خەلقى ۋە سىرتتىن كەلگەن خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىسىملىرى ھەققىدە تەپسىلى توختالغان. شۇنىڭدەك ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە سۆزلىگەن. ھەمدە ئىسلام تارىخىدا تونۇلغان مەشھۇر ئەھلى ئىلىملەرنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدىمۇ ئالاھىدە توختالغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئاساسەن «خەتىب ئەل باغدادى» تەرىپىدىن يېزىلغان «باغداتنىڭ تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ ئۇسلۇبىدا تۈزۈلگەن.

[2] «التاريخ الكبير»، (بۈيۈك تارىخ) ئىمام بۇخارىنىڭ ساھابە كىراملاردىن باشلاپ ئۆز دەۋرىگىچە ھەدىس رىۋايەت قىلغان راۋىيلەرگە مۇناسىۋەتلىك بۈيۈك تارىخى ئەسەردۇر. ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەتنىڭ «ئەلجەرھ»، «ۋەتتەئدىل» ۋە «ئىلىم رىجال» توغرىسىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىتابلىرىنىڭ بىرى. ئىمام بۇخارىنىڭ بۇ ئەسەرنى ئون سەككىز يېشىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا، ئاي يورۇقىدا يازغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

[3] «كتاب التاريخ» ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا ئىبنى مەئىن ئىبنى ئەۋن ئىبنى زىياد ئىبنى بىستام مىلادىيە 775-يىلى باغدات ئەتراپىدىكى ئەنبارنىڭ نەبتى يېزىسىدا تۇغۇلۇپ باغداتتا چوڭ بولغان. «جەرھ ۋەتتەدىل» ئۇستىسى ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ شەيخلىرىدىن بىرى. ئۇ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە ئوخشاش بىر تۈركۈم ئۇلۇغ ئىماملارنىڭ يېقىن دوستى. ئۇ رىجال ئىلمىگە ئۇستا، زاھىد، تەقۋادار، راستچىل، ئىشەنچلىك ئىدى.

[4] «الكاشف في معرفة من له رواية في الكتب الستة» بۇ كىتاب ئىمام زەھەبىنىڭ مەشھۇر

راۋىي ھەققىدە: «بۇ زات مۇنداق ۋە مۇنداق كىشىلەردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋە ئۇلاردىن پالان، پالان كىشىلەر ھەدىس رىۋايەت قىلغان» دېگەن ئاساستا مەلۇمات بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

### ھەدىس كىتابلىرى سۆزگۈچتىن ئۆتكۈزۈلگەن

بۇ قەدەر ئىنچىكە تەتقىق قىلىنىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن رەتلىنىپ تەئلىپ قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىغا «توقۇلما ھەدىس سىزغانمىدۇ» دېگەن ھېس بىلەن ھەدىسلەر يېڭىدىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، يېڭى تەئلىپلەر ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ خۇسۇستا تۇنجى قىلىپ ئىبنى تاھىر ئەل مەقدىسى[1] ئۆزىنىڭ «تەزكىرەتۇل مەۋزۇئات» دېگەن كىتابىدا «مەۋزۇ» (توقۇلما) ھەدىسلەرنى توپلىغان. ئۇ ۋە باشقىلار بۇ خۇسۇستا سەل قارىماي ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن ھەقىقەتنى ئاساس قىلغان. مەسىلەن: ئىبنۇل جەۋزى ئۆزى بىر مەزھەپ ئىمامى بولۇشىغا قارىماي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ قىرىق مىڭغا يېقىن ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مۇسنەد» دىكى نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەرنىڭ مەۋزۇ، زەئىپ ياكى مەترۇك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان. كېيىنچە ئىبنى ھەجەر ئەل ئەسقىلانى ئىبنىل جەۋزىنىڭ مەۋزۇ، زەئىپ ياكى مەترۇك دەپ ھۆكۈم چىقارغان ھەدىسلەرنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئون ئۈچ ھەدىس سىرتىدىكى باشقا ھەدىسلەرنى پەرقلىق قانالالار بىلەن سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېكىتكەن ۋە بۇ ئون ئۈچ ھەدىسنى ساغلام بىر ئاساسقا باغلىيالمىغانلىقىنى «القول المسدد في الذب عن مسند الإمام

---

ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئالتە چوڭ ھەدىس توپلىمىدا (سەھىھ بۇخارى، سەھىھ مۇسلىم، سۈنەن ئەبۇ داۋۇد، سۈنەن تىرمىزى، سۈنەن نەسائى ۋە سۈنەن ئىبنى ماجە) ھەدىس رىۋايەت قىلغان راۋىيلار ھەققىدە يېزىلغان مۇھىم قامۇس ھېسابلىنىدۇ.

[1] «ئىبنى تاھىر ئەلمەقدەسى» نىڭ تولۇق ئىسمى – ئەبۇل فەزلى مۇھەمەد ئىبنى تاھىر ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئەلقەيسەرانى ئەش شەيبانى ئەلمەقدەسى بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 1056 ـ يىلى، ھازىرقى پەلەستىنىنىڭ قۇدۇس شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن، 1113 ـ يىل، 56 يېشىدا باغداتتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

أحمد» ئىسىملىك كىتابىدا ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن[1].

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، مۇھەددىس ئەبۇل فەرەج ئىبنۇل جەۋزىنى ھەدىس قوبۇل قىلىشتا دىققەتسىزلىك قىلغان دېگەن قاراش بىلەن «مۇتەساھىل» يەنى كەڭرى يول تۇتقۇچى دەيتتى[2]. ئۇنىڭ «الموضوعات» (توقۇلما ھەدىسلەر) دېگەن ئەسىرىنى ئىبنى ھەجەر ۋە جەلالىددىن سۇيۇتىغا ئوخشىغان بۈيۈك ئىماملار يېڭىدىن تەتقىقلاپ چىققان. ھاپىز ئىمام سۇيۇتى «مەن ئىبنى جەۋزىنىڭ «توقۇلما ھەدىسلەر» دېگەن ئەسىرىدە توقۇلما ھەدىس كۆرمىدىم، بەلكى زەئىپ بولۇشى مۇمكىن»[3] دەپ، «اللآلئ المصنوعة في الأحاديث الموضوعة»[4] (يەنى توقۇلما ھەدىسلەر ئىچىدىكى ئىپسىل مەرۋايىتلار) دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، قايسى توقۇلما، قايسى زەئىپ، قايسى مەترۇك ۋە قايسى سەھىھ ئىكەنلىكىنى تەتقىقلاپ چىققان.

بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم «مۇستەدرەك»[5] ئەسەرلەر يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەردە ئاساسەن ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ھەدىس قوبۇل قىلىشتا ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرگە چۈشىدىغان، ئەمما ئۇلار ئۇ

[1] «القول المسدد في الذب عن مسند الإمام أحمد» (ئىبنۇل ھەجەر ئەسقىلانى).

[2] «تدريب الراوى» 1 – توم، 278 – بەت، (ئىمام سۇيۇتى).

[3] « اللآلئ المصنوعة في الأحاديث الموضوعة»(ھاپىز جەلالىددىن ئەسسۇيۇتى).

[4] (توقۇلما ھەدىسلەردىكى ياسالما مەرۋايىتلار). بۇ ھەدىس دەرىجىگە ئايرىش كىتابى بولۇپ ، ھافىز جالالدىن سۇيۇتى (مىلادىيە 849 ـ ھىجرىيە 911 ـ يىلى) تەرىپىدىن يېزىلغان. تەڭرى. ئۇنىڭدا سۇيۇتى توقۇلما ھەدىسلەرنى توپلاپ كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇلارنى كۆرسەتتى. كىتاب ۋە باپلارغا ئاساسەن ، ئۇ كىتاب ياكى باپنى تىلغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى توقۇلما ھەدىسلەرنى تىزىپ چىقتى. ئۇ ئىبنى ئەل جەۋزىنىڭ كىتابىنى تەنقىد قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر قاتار ھەدىسلەرنى قوشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋە پايدىلىق كىتاب بولغان ئىككىنچى چوڭ كىتابىنى «Mawdoo'at-Dhayl Al» دەپ يازدى.

[5] «المستدرك على الصحيحين» ياكى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا «مستدرك» دېگەن بۇ ئەسەر ھاكىم ئەل نىشابۇرى يازغان بەش توملۇق ھەدىس توپلىمى. ھاكىم بۇ ئەسەرنى 72 ياش ۋاقتىدا (م. 1002 ـ 1003) يازغان. ئۇنىڭدا 9045 ھەدىس بار. بۇ ئەسەردە ئاساسەن ئىمام بۇخارى ياكى ئىمام مۇسلىمنىڭ ھەدىسكە باھا بېرىش شەرتىگە چۈشۈدىغان ھەدىسلەر توپلانغان.

ھەدىسلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە كىرگۈزمىگەن ھەدىسلەر توپلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى ھاكىمنىڭ «مۇستەدرەك» ئىسىملىك ئەسىرىدۇر. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىمام زەھەبى[1] ھاكىمنىڭ بۇ ئەسىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قايتا رەتلەپ چىققان.

### خەلق ئارىسىدا ھەدىس دەپ قارىلىپ كەلگەن ئەقلىي سۆزلەر

كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە بۇ سۆزلەر توغرىسىدىمۇ كىتابلار يېزىلغان. شەمسىددىن ئەسسەخاۋىينىڭ «المقاصد الحسنة في الأحاديث المشتهرة على الألسنة»[2] (ياخشى نىيەت بىلەن تىللاردا ھەدىس دەپ تارقىلىپ يۈرگەن سۆزلەر) ۋە ئىسمائىل ئەلئەجلۇنىنىڭ «كشف الخفاء ومزيل الإلباس» (يوشۇرۇن قالغانلارنى ئېچىپ قالايمىقانلىقنى تۈگىتىش) دېگەن ئەسەرلەر بۇ تۈر سۆزلەرنى بىرمۇ – بىر كۆزدىن كەچۈرۈپ، قايسىنىڭ ھەدىس قايسىنىڭ ھەدىس ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاپ ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: ئىلىمگە تەشۋىق قىلىنغان ئونلارچە ھەدىسنىڭ يېنىدا «ئىلىم چىندە بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار»، شۇنىڭدەك، «ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغۇچىلاردۇر» دېگەندەك سۆزلەرنى ھەدىس ئارازىسىدا تارتىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەدىس ئىكەنلىكىگە دائىر

---

[1] «ئىمام زەھەبى» مىلادىيە 1274 ـ يىلى دەمەشقتە بىر تۈركمەن ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخچى، ھەدىس ئالىمى، قىرائەت ئىلمىنىڭ پېشۋاسى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى: شەمسىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئوسمان بولۇپ، تونۇلغان ئىسمى ئىمام زەھەبىدۇر. ئۇنىڭ «زەھەبىي ـ ئالتۇندەك» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ھەدىس ئەرلىرىنى مىسكەنىڭ ئالتۇن مىسقاللىغىنىدەك مىسقاللاپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ بىكىتكەنلىكىدىن بولغان دېگەن قاراش كۆچكە ئىگە؛ يەنە بەزى قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ دادىسى ئالتۇن پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، شۇ نام بىلەن مەشھۇر بولغان دېيىلىدۇ.

[2] «المقاصد الحسنة في الأحاديث المشتهرة على الألسنة» (ياخشى مەقسەتتە خەلق ئارىسىدا ھەدىس دەپ تارقالغان سۆزلەر) دېگەن بۇ كىتاب مەشھۇر ئىسلام ئالىمى ئىمام سەخاۋى تەرىپىدىن يېزىلغان مۇھىم ئەسەر.

ئېغىرلىقىنىڭ يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[1]. دېمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەكشۈرۈش، تەتقىقلاش ۋە قانچىلىغان سۈزگۈچلەردىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق توپلانغان ئىسلامنىڭ ئىككىنچى چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم مەنبەسىگە گۇمان پەيدا قىلىپ، شەنىگە داغ پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇشنى ئەسلا توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

## ھەدىس تېكستىنى باھالىغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار

ھەدىسنىڭ تېكستى – ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرگەن سۆز-جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىس تېكستىگە باھا بېرىش – مۇھەددىسلەر ئىتتىپاقلاشقان ھەدىس تەنقىدلەش پرىنسىپلىرىغا ئاساسلىنىپ ھەدىسنىڭ تېكستىنى قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى ئايرىشتۇر. ھەدىس تېكستىگە باھا بەرمەكچى بولغاندا ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىش كېرەك.

1) بىر ھەدىسنىڭ ئوخشىمىغان سەنەد بىلەن كەلگەن تېكستىنى توپلاپ تۈرگە ئايرىپ، ھەدىسنىڭ قوشۇلۇپ قالغان، ئالمىشىپ قالغان، زىددىيەتلىك، يالغان، بۇرمىلانغان، قىسقارتىۋېتىلگەن ياكى راۋىي ئالماشتۇرۇۋەتكەن جايلىرىنى تەھلىل قىلىش لازىم. مۇھەددىس ئالىملار ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئىلمىدە مەزكۇر نۇقتىلارنى تەپسىلىي تەتقىق قىلغان.

2) ھەدىس تېكستلىرى ئارىسىدا ئېنىق قارىمۇقارشىلىق بولغان ھەدىسنى ياكى شەكلى جەھەتتىن توقۇنۇش بولغان ھەدىسلەرنى بىر يەرگە توپلاپ، ئۇلارنىڭ تېكستىنى بىرلەشتۈرگىلى بولامدۇ-يوق، ياكى سېلىشتۇرۇپ تاللاشقا بولامدۇ-يوق ۋەياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانمۇ-يوق، بۇلارنى تەھلىل قىلىش لازىم. مۇھەددىس ئالىملار ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئىلمىدە بۇ نۇقتىدىمۇ مەخسۇس توختالغان.

---

[1] «كشف الخفاء ومزيل الإلباس» (يوشۇرۇن ئىشلارنى ئاشكارىلاش ۋە گۇمانلارنى يوقىتىش) دېگەن بۇ كىتاب ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد ئەجلۇنى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ھەدىس ئىلمىگە دائىر مەشھۇر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

3) ھەدىس تېكىستىنى مۇناسىۋەتلىك، ئىشەنچلىك دەلىللەر ۋە تارىخىي ۋەقەلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە ئىسپاتلاش كېرەك.

4) ھەدىس تېكىستىنىڭ ئۆزگەرمەس دىنىي پرىنسىپ ۋە فىقھى قائىدىلىرىگە خىلاپ كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى ئانالىز قىلىش كېرەك.

5) ھەدىس تېكىستىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ ۋە مەزمۇنىنىڭ تۇتۇرۇقسىز، قالايمىقان ياكى ئەمەسلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ ئەبەدىي تەسىرىنى يوقاتمايدىغان ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدىكى چوڭقۇر ۋە ھېكمەتلىك مەزمۇندىكى ھەدىسلىرىگە زىت ياكى زىت ئەمەسلىكىنى ئانالىز قىلىش لازىم.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، دەۋرىمىزدە يەنىلا ھەدىس ئىلمى ساھەسىدىن، ھەتتا دىنىي ساھەدىن بولمىغان بەزى كىشىلەر ھەدىسنىڭ تېكىستىنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ ئەيىبلەۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەھمەد ئەمىننىڭ بىر قىسىم ھەدىس تېكىستىنى تەنقىدلىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. نۇرغۇن مۇھەددىس ئالىملار ئۇنىڭ سەپسەتەلىرىگە رەددىيە بەردى. ئىبنى قۇتەيبەنىڭ «تەئۋىيل مۇختەلىفىلھەدىس»(ھەدىس ئىختىلاپىنى تەئۋىل قىلىش) دېگەن كىتابىمۇ بۇنىڭ مىسالىدۇر.

دىققەت قىلىش كېرەككى، ھەدىس ۋە ھەدىس ئىلمى ساھەسىدە مۇھەددىسلەرنىڭ تۈپ مەقسىتى بارلىق تاقىتىنى سەرپ قىلىپ، ئەڭ ئىنچىكە ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە بولغان سۆز-ئىبارىلەرنى خاتىرىلەشتۇر. ھەدىسنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئايرىشتا مۇھەددىسلەر كەسىپ ئەھلىنىڭ ھەدىسكە باھا بېرىشىگە قارشى تۇرمايدۇ، بىراق دىنىي ساھەدىن بولمىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۆزىنىڭ كەسپىي بىلىمىگە ئاساسلىنىپلا قارىغۇلارچە، خالىغانچە سەھىھ ھەدىسنى ئىنكار قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

چۈنكى، ھەدىس بارلىق دەۋرنىڭ ھەتتا ئاخىرەت كۈنىنىڭ ۋەقەلىكىنى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ۋەھالەنكى، مەلۇم بىر

ساھەدىكى مۇتەخەسسىسنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى ھەرخىل مەقسەتتە ۋە توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان كەسپىي ساھەدە ھاسىل قىلغان بىلىمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق تونۇش ۋە بىلىش زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، تەرەققىي قىلىشى، تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىنىشى، يېڭى شەيئىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى قاتارلىق ئامىللار ئىلگىرىكى ھۆكۈم ۋە پرىنسىپلارنى ئۆزگەرتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئېھتىماللىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، ھەدىس تېكىستىگە باھا بېرىشتە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاساسلىق پرىنسىپلارغا قەتئىي ئەمەل قىلىش لازىم.[1]

### ھەدىسلەرنىڭ سان جەھەتتىكى كۆپلىكىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار

ھەدىس ھەققىدە سۆزلەيدىغان بەزى شەرقشۇناسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەگەشكۈچىلىرى ھەدىسلەرنىڭ سانىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ بەزى ساھابىلارنىڭ نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەھىھ ھەدىسلەرگە گۇمان بىلەن قاراپ، بۇ قەدەر كۆپ ھەدىسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ.

بۇنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى، ھەدىسنىڭ ئەھمىيىتى**

ھەدىسنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن.

شۇنداق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۇنىڭ سۆزى ۋە ئىش – ئەمەلى بىلەن رېئاللىققا ئاشىدۇ.

[1] ھەدىس شەرىپتىن سوئال جاۋابلار

بۇنى چۈشۈنۈپ يەتكەن ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن تۆكۈلگەن ھەر بىر مەرۋايىتنىڭ ئەڭ ماھىر تىزىقچىلىرى ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك سۈننەتلىرىنىڭ ھېچ بىرىنى قولدىن بېرىپ قويماي مۇزاكىرە قىلىشاتتى، يادقا ئېلىپ زېھنىگە يەرلەشتۈرگەندىن كېيىن، ھاياتىنىڭ شوئارى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، جان دىلى بىلەن ئەمەل قىلاتتى.

شۇنداق، ئۇلار تولۇق يىگىرمە ئۈچ يىل ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا ياشىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ھال - ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ ئۇ زاتنىڭ ھايات مۇساپىسىنىڭ ھەر قاتلىمىنى ئۆزلىرىگە دەستۇر قىلىپ كەلگەنتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت – سائادىتى ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى ھەم ئۇلارغا ھەمدە قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن مۆمىن – مۇسۇلمانلارغا چۈشىنىشلىك قىلىپ، تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەنتى.

ئەبۇ زەيد ئامىر ئىبنى ئەختەبنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كۈنلىرى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مۇنبەرگە چىقىپ تا چۈش ۋاقتى بولغىچە سۆزلەيتتى. پېشىن نامىزىغا ئەزان ئوقۇلغاندا مۇنبەردىن چۈشۈپ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ، تەكرار مۇنبەرگە چىقىپ، ئەسىر ۋاقتىغىچە سۆزلەيتتى. ئەسىرگە ئەزان چىققاندا مۇنبەردىن چۈشۈپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيتتى، يەنە مۇنبەرگە چىقىپ ناماز شامغىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇ زات ئۆزىنىڭ سۆزىدە، كائىنات يارىتىلغاندىن باشلاپ تا قىيامەتتىن باشلاپ، ھەشىرگىچە، ھەشىردىن باشلاپ ئىنسانلارنىڭ جەھەننەملىك ياكى جەننەتلىك بولىدىغان ھېساب ـ كىتاب دەپتىرىگىچە بولغان پۈتۈن ھادىسىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرەتتى[1]؛ ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بېرەتتى، ئاندىن ئۇلارغا قاراپ: «مېنىڭ نامازنى قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن بولساڭلار شۇ بويىچە ناماز ئوقۇڭلار»[2] دەيتتى، ئۇلار بىلەن ھەج قىلاتتى ۋە ئۇلارغا: «ھەج

---

[1] «مۇسلىم»، پىتنە بابى، 25 – بەت (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)،

[2] «بۇخارى» ئەزان بابى، 18 – بەت. (ئىمامبۇخارى رىۋايىتى).

پائالىيىتىڭلارنى مەن قىلغاندەك قىلىڭلار»[1] دەيتتى.

بۇ ئەھۋالدا، ساھابە كىراملار ئۇ زاتنىڭ ھەر بىر قەدىمىگە ئەگىشىپ، ھەر بىر سۆزىگە قۇلاق سالاتتى، يادلاپ، زېھنىگە مەركەزلەشتۈرەتتى. ھاياتىغا تەتبىقلاپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزەتتى.

شۇنداق، ساھابە كىراملار ھەدىسلەرنى يادلايدۇ ۋە ئۇنى ھاياتىغا تەتبىقلايدۇ، ھەمدە باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ. چۈنكى ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئىنتايىن سادىق ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ۋە ئىش – ھەرىكىتىنىڭ جەننەتكە ئېچىۋېتىلگەن ئىشىك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇلار ئۇ زاتنىڭ سۈننىتىنى ئەمەس، ھەتتا چاچ – ساقىلىنىڭ بىر تېلىنىمۇ بىر – بىردىن قىزغىنىپ ساقلاشقا تىرىشاتتى. ئۇ زاتتىن سادىر بولغان ھەر بىر ئىش مۇبارەك ئەسلىمە ۋە ئەبەدىيلىشىشنىڭ يول خەرىتىسى دەپ قارىلاتتى.

ئىككىنچى: ئەسلىمىلەر

ھازىرمۇ ھەر بىر مۆمىن ـ مۇسۇلمان ئۆزى ئۇلۇغ بىلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار سۆزلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن بەزى ئەسلىمىلەرنى مۇقەددەس ئامانەت بىلىپ يېپەككە ئوراپ ساقلىسا، ئۆزلىرىنى ۋەھشىيلىكتىن بىردىنلا مەدەنىيەتكە، نادانلىقتىن ئىنسانىلارنىڭ يېتەكچىسىگىچە ئايلاندۇرغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۆھەردەك سۆزلىرىنى، ھال – ھەرىكىتىنى، ھەمدە ساھابە كىراملاردەك ساپ پىترەت ئىگىلىرىنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ نەقىل قىلىشىچە، ھەزرىتى ئۆمەر بىر جۈمە كۈنى ھەزرىتى ئابباسنىڭ ھويلا تېمىنى بويلاپ مەسچىتكە كېتىۋاتاتتى، بۇ ئەسنادا تامنىڭ ئۈستىدىن بىر قانچە تامچا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ كىيىمىگە ئاقىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قارىسا تامنىڭ ئۈستىدە بىر ياغاچ نونىڭ تۇرغانلىقىنى، تامچىلارنىڭ شۇ نودىن

[1] «ئەل مۇسنەد» 3 – توم، 318 – بەت. (ئاھمەد ئىبنى ھەنبەل).

ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نونى ئېلىپ تاشلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ مەسچىتكە كېلىدۇ ۋە مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە سۆزلەيدۇ. خۇتبىدە جائامەتكە: «ئى جامائەت جۇمە نامىزىغا كېلىۋاتسام يولدا پالانى هويلىنىڭ تېمى ئۈستىدىكى نودىن تامچە ئېقىپ كىيىمىمنى بۇلغىۋەتتى. ئۇنى ئېلىپ تاشلىدىم» دېگەندە، هەزرىتى ئابباس دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! رەسۇلۇللاه ئۆز قولى بىلەن قويغان نونى نېمە دەپ ئېلىۋەتتىڭ؟» دېگەندە، هەزرىتى ئۆمەر مۇنبەردىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، هەزرىتى ئابباسقا: «ئاللاه بىلەن قەسەمكى، ئۇ نونى جايىغا قويىدىغان كىشى مېنىڭ ئۆشنەمگە چىقىپ قويسۇن!» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن هەزرىتى ئابباس هەزرى ئۆمەرنىڭ ئۆشنىسىگە چىقىپ تۇرۇپ، نونى ئۆز ئورنىغا قويىدۇ»[1].

شۇنداق، ساھابە كىراملار پەيغەمبىرىمىزدىن قالغان ئاددىغىنە بىر ئەسلىمىگە شۇ قەدەر سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلغان يەردە، ئۇ زاتنىڭ ھەدىسلىرىگە كۆز يۇمۇپ، سەل قارايدىغانلىقىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟ چۈنكى، ھەدىس شەرىئەت دېمەكتۇر. شەرىئەت دېمەك دىن دېمەكتۇر، دىن بولسا بىر مۇسۇلماننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئاساسىدۇر.

**ئۈچىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم ئېگىلەشكە قىلغان تەشۋىقى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلىم ئىگىلەشكە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ھەدىسلىرى بار. تۆۋەندە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ھەدىسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سەفۋان ئىبنى ئەسسالدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا مۇنداق دېگەن: «ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئاياقلىرىغا پەرىشتىلەر قاناتلىرىنى يېيىپ تۇرىدۇ»[2].

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە

[1] "ئەلمۇسنەد" 1 – توم، 210 – بەت، (ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل).

[2] «تىرمىزى» ئىلىم بابى، 19 – بۆلۈم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان كىشىنى دىندا فەقىھ قىلىدۇ»[1].

ئەبۇ دەردادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا مۇمداق دېگەن: «كىمكى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىدۇ»[2]

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسان ئۆلۈش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئۈچ ئىش – ئەمىلىدىن باشقا پۈتۈن ئەمىلى توختايدۇ؛ بۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرى، سەدىقە جارىيە، ئىككىنچىسى، پايدىلىق ئىلىم، ئۈچىنچىسى، دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى پەرزەنت»[3]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان كىشى سەپەردىن ئۆيىگە قايتقۇچە ئاللاھ يولىدا بولغان بولىدۇ»[4]

ئەبۇ ئۇمامەتىل باھىلىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا مۇنداق دېگەن: «ئالىمنىڭ ئابىتتىن ئۈستۈنلىكى مېنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ تۆۋىنىڭلاردىن ئۈستۈنلىكىمگە ئوخشايدۇ. شەكسىزكى ئاللاھ، پەرىشتىلەر، ئاسمان ۋە زېمىن ئەھلى ھەتتا ئۆۋىسىدىكى چۈمۈلە ۋە بېلىقلارمۇ ئىنسانلارغا ياخشىلىق ئۆگەتكەنلەرگە رەھمەت تەلەپ قىلىدۇ»[5].

ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇددىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىزدىن ئاڭلىغانلىرىنى شۇ بويىچە

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ئىلىم بابى.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، زىكىر بابى، 39 – بۆلۈم.
[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، ۋەسىيەت بابى، 14 – بۆلۈم.
[4] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، ئىلىم بابى. 2 – بۆلۈم.
[5] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، ئىلىم بابى، 19 ـ بۆلۈم

باشقىلارغا يەتكۈزگەنلەرنىڭ يۈزىنى ئاللاھ يورۇق قىلسۇن، ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەن ئىلىمنى يەتكۈزگۈچىلەردىن ياخشىراق چۈشۈنۈپ ئۆزلەشتۈرىدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بار»[1]

كۈنىمىزدە بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىلىم ئىگىلەش ماقام – مەنسەپ، ۋە شان – شەرەپ ئۈچۈن، قىسقىسى پەقەت دۇنيالىق ئۈچۈن تەھسىل قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەينى ۋاقىتلاردا ئىلىم پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تەھسىل قىلىناتتى ۋە ئىلمى ھايات ئىنتايىن روھلۇق ۋە ھەرىكەتچان ئىدى. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينىگە ئوخشىغان زاتلار ئون يېشىدا ئىجتىھات قىلغۇدەك سەۋىيەگە يەتكەن ئىكەن[2]. ئىلگىرى چۈشەندۈرۈلگەندەك، ئىلمي سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلەر، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئۇنى ئوقۇشقا بولغان تەشۋىق ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان. دارىمىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، ئەبۇ سەئىدىل خۇدەرى ۋە ئىبنى ئاببا تالىپلىرىغا: «بۇ ھەدىسلەرنى ياد ئېلىڭلار ۋە ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلىڭلار...»[3] دەپ بۇيرۇيتتى.

ساھابە كىراملار دەۋرىدىكى ئىلىمگە بولغان قىزغىنلىق، تابىئىن ۋە تەبەئەتابىئىن دەۋرىدىمۇ، ھەتتا ئالدىنقى بەش ئەسىردە ئوخشاش دەرىجىدە داۋاملاشتى. شۇ قەدەركى بۇندىن بەش- ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بولغان، ئىبنى ھەجەر ئەل ئەسقىلانىدەك بىر ئالىم «سەھىھ مۇسلىم» نى ئىككى ئۈچ قېتىملىق ئولتۇرۇشتا ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇ چاغلاردا قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت ئىلمى ئۈچۈن جىددىي بىر رىغبەت ۋە قىزغىنلىق سەپەرۋەرلىكى بولغان. ئىلىم يولىدىكى بۇ سەپەرۋەرلىكنى ھەممە ئادەم ئىبادەت بىلىپ، غەيرەت كۆرسەتتى. بۇ رىغبەت ۋە بۇ ئاڭ ھىجرىيە 4 – 5 ئەسىرگىچە شۇنداق قىزغىن ۋە ھاياجان بىلەن داۋام قىلدى. ئىمام

[1] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، ئىلىم بابى 7 – بۆلۈم.

[2] «تەبەقاتۇل كۇبرا»، 1 – توم، 209 – بەت، (ئىمام شەئرانى).

[3] «دارەمى» مۇقەددىمە، 51 – بەت. «ئەلمۇسەننەپ» 5 – توم، 285 – بەت، (ئىبنى ئەبى شەيبە)

نەۋۋى ئائىلىلىك ھايات ئادەمنى مەشغۇل قىلىدۇ دەپ، تويى قىلماي، ھاياتىنى ئىلىم – مەرىپەتكە بېغىشلىغانتى. بۈيۈك ئالىم سەرەخسى، 30 توملۇق «مەبسۇت»[1] دېگەن ئەسەرىنى قۇدۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، يادىسىغا تالىپلىرىغا يازدۇرغانتى. ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن تالىپلىرى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنداق بىر سۆھبەت رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى تالىپلىرى ئۇ زاتقا ئىمام شافىئى ئۈچ يۈز توم ھەدىسنى يادىسىغا بىلىدىكەن» دېگەندە، ئۇ: «مېنىڭ بىلىدىغانلىرىمنىڭ زاكىتىنى بىلىدىكەن»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

ئەگەر بۇ گىگانت كىشىلەرنىڭ يازمىلىرىنى بىر-بىرلەپ ۋاراقلاشقا توغرا كەلسە، مەسىلەن: ئىبنى ھەجەرنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئىبنى جەرىرنىڭ كىتابلىرىنى، ئىمام سۇيۇتى، فەخرىددىن رازى قاتارلىق ئېرپان بۇلاقلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋاراقلاپ چىقمەن دېسەك بىر قانچە ھەپتە يەتمەسلىكى مۇمكىن. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بۇ ئىسىملار مەلۇم مەزگىلگە تەۋە بولۇپ، ساھابە كىرام ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرگە كەلسەك كۆز ئالدىمىزغا كەلگەن مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ:

## ئىلىم ئىشتىياقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئون يىل خىزمەت قىلغان ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئازادگەردىسى ۋە تابىئىنلەرنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى سىرىننىڭ ئىنىسى ئەنەس ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: «مەن كۇفىگە كەلگىنىمدە، كۇفە مەسچىتلىرىدە تۆت مىڭ كىشىنىڭ ھەدىس

---

[1] «المبسوط» ئەل-مەبسۇت ھەنەفىي مەزھەبىگە تەۋە فەقھى كىتاب بولۇپ، ئىمام شەمسىل ئەئىممەتۇس سەرەخسى تەرىپىدىن يېزىلغان 30 جىلد بۈيۈك ئەسەردۇر. ئىمام بۇ ئەسەرنى تۈرمىنىڭ قۇدۇقىدا يازغان.

بۇ كىتاب ئىككى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام شافىئىينىڭ مەزھەبلىرىنى سېلىشتۇررۇش ئاساسىدا يېزىلغان «سېلىشتۇرما قانۇنشۇناسلىق ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ قارىلىدۇ.

[2]

دەرسلىرىگە قاتنىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم»[1].

بىر شەھەرنىڭ مەسجىدلىرىدە تۆت مىڭ تالىپ-ئوقۇغۇچى ھەدىس ئۆگىنەتتى. شۇنىڭدەك، شامدا 1500 كىشى ئەبۇ دەردانىڭ ئىلىم ھالقىسىغا قاتنىشاتتى. ئەنەس ئىبنى سىرىننىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، كۇفىدا 400 دىن ئارتۇق فەقىھ-فۇقەھا بار ئىدى[2].

فەقىھ دېگەن ـ كىتاب، سۈننەت ۋە ئىجماغا مۇراجىئەت قىلغان ئاساستا شەرئىي ھۆكۈم چىقىرىشقا لاياقەتلىك مۇجتەھىد ئالىم دېگەنلىكتۇر. ئەبۇ ھەنىفە فەقىھتۇر، ئىمام ئەبۇ يۇسۇف فەقىھتۇر، ئىمام مۇھەممەد فەقىھتۇر، ئىمام شافىئىي فەقىھتۇر، ئىمام مالىك فەقىھتۇر. ئەمما يۈز مىڭلارچە ھەدىس بىلىدىغان ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلگە بىر قىسىم ئەھلى ئىلىم بۇ تەبىرنى راھەت ئىشلىتەلمىگەن. ئىشلەتمىگەنلەردىن بىرى بولسا ئەبۇ جەئفەر تەبەرىدۇر. ئۇ بىر كۈنى: «ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل فەقىھ ئەمەس» دېگەندە، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ تەرەپدارلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە تاش ئېتىپ، نارازىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مەيلى فەقىھ بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئەمما ئىمام تەبەرىنىڭ «ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل فەقىھ ئەمەس» دېگەن بۇ تەبىردىن «فەقىھ» بولۇشنىڭ ماھىيىتىنىڭ قانچىلىك زور ۋە شەرتلىرىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مانا تابىئىنلەر دەۋرىدە كۇفە جامەسىدىكى ھەدىس دەرسلىرىگە قاتناشقان 4000 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە 400 فەقىھنىڭ بولغانلىقىنى تۆۋەندىكىدەك مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ:

ئۇ ۋاقىتلاردا بىلىمگە بولغان ئىنتىلىش يۇقىرىدىكىدەك ئۇستۈن سەۋىيەدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەدىسكە بولغان قىزىقىشى ۋە قىزغىنلىقى

---

[1] «ئەلمۇھەددىس ئەلپاسىل بەينەلراۋى ۋەلۋائى» 560 – بەت، (ئەلھەسەن ئابدۇرراھمان ئەررامەھۇرمۇزى).

[2] «ئەل مۇھەددىسۇل پاسىل» 560 – بەت، (ئەلھەسەن ئابدۇرراھمان ئەررامەھۇرمۇزى).

ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. بىر ھەدىس ئۈچۈن يىزا-قىشلاق، ھەتتا شەھەر ئاتلاپ باشقا مەملىكەتلەرگە سەپەرگە چىقاتتى. ھەدىس ئىماملىرىنىڭ بىر ھەدىس ئۈچۈن سەپەرگە چىقىشى ئۇلارنىڭ ھەدىسكە بولغان ئالاقىسىنىڭ تىللارغا داستان بولغۇدەك دەرىجىدە قويۇق ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلاردىكى بۇ چوڭقۇر قىزىقىش ۋە ئىشتىياق بىر زەرگەرنىڭ ئالتۇننى قانداق تونۇيدىغان بولسا، ھەدىسلەرنى شۇنداق تونۇيدىغان ۋە باھالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. بۇ ئىقتىدار ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولماي، بەلكى ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىكى، جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم سەنەدلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يەردە ئىمام بۇخارىينى ئۆرنەك سۈپىتىدە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىمام بۇخارى باغداتقا كەلگەندە، ئۇن كىشىلىك بىر ھەيئەت ئۇنىڭ ئىلمي سەۋىيەسى، يادلاش قابىلىيىتى ۋە ھەدىس ئىلمىدىكى ئىقتىدارىنى سىناش ئۈچۈن كۆپ كىشى قاتناشقان بىر ئىلمي سورۇندا سىناقتىن ئۆتكۈزىدۇ. سىناقتا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم-ئايرىم ئون ھەدىستىن تەييارلاپ، ھەر ھەدىسنىڭ راۋىلىرىنى ۋە سەنەدلىرىنى ئۆزگەرتىپ بايان قىلىدۇ.

مەسىلەن: نىيەت توغرىسىدىكى مەشھۇر ھەدىسنى يەھيا ئىبنى سەئىد ئەلئەنسارى، مۇھەممەد ئىبنى تەيمىدىن، تەيمى ئەلقەمە ئىبنى ۋەققاس ئەلللەيسىدىن، ئۇ بولسا ھەزرىتى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان. ئەمما مەزكۇر ھەيئەت بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىغا سۇنغاندا، يەھيا ئىبنى سەئىدنىڭ ئورنىغا باشقا بىر راۋىنى، ئەلقەمەنىڭ ئورنىغا يەنە باشقا بىر راۋىنى قويۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. مۇشۇ ئۇسۇلدا ئىمام بۇخارىدىن جەمئىي **100** ھەدىس سورالغان.

ئىمام بۇخارى يۈزىنچى ھەدىستىن كېيىن: «بىرىنچى ھەدىستە پالانى راۋىنىڭ ئورنىغا پالانى راۋىنى قويۇپسىلەر. ئۇ ھەدىسنىڭ توغرا سەنەدى سىلەر ئېيتقاندەك ئەمەس، بەلكى مۇنداق بولۇشى كېرەك» دەپ، بىرىنچى

ھەدىستىن يۈزىنچى ھەدىسكىچە بولغان پۈتۈن ھەدىسلەرنىڭ راۋى ۋە سەنەدلىرىنى بىرمۇ-بىر توغرىلاپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنى كۆرگەن سورۇن ئەھلى ئىمام بۇخارىنىڭ زېرەكلىكى ۋە ھەدىس ئىلمىدىكى تالانتىغا ھەيران قېلىپ، قايىللىق بىلەن قايتىدۇ[1]. شۇڭدەك، ئىبنى خۇزەيمە ئىمام بۇخارى ھەققىدە: «ئاسمان-زېمىن ھەدىس ئىلمىدە ئىمام بۇخارىغا ئوخشاش ئىككىنچى بىر بىلىملىك كىشىنى كۆرمىگەن»»[2] دەپ ئۇنى ئالاھىدە تەقدىرلىگەن.

ئىمام بۇخارى ئىلمىنىڭ شەرىپىنى قوغداپ، ئۇنى دۇنيا ماتاسى ھالىغا كېلىشتىن ساقلىغان ئۇلۇغ ئالىملىرىمىزدىن بىرىدۇر. بىر كۈنى بۇخارا ئەمىرى ئۇنىڭغا: «سارايغا كېلىپ، مېنىڭ باللىرىمغا ھەدىستىن دەرس بەرگەن بولسىڭىز» دېگەن تەلەپتە بولىدۇ. ئىمام بۇخارى بۇنىڭغا: «ئىلىم ھۆكۈمدارنىڭ يېنىغا بارمايدۇ، ھۆكۈمدارغا ئىلىم كېرەك بولسا، ئىلىمنىڭ يېنىغا بېرىشى، باللىرىنى ئىلىم بار يەرگە ئېلىپ كېلىشى كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئەمىر: «ئۇنداق بولسا، مېنىڭ باللىرىمغا مۇئەييەن بىر كۈننى ئايرىغان بولسىڭىز» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ئىمام بۇخارى: «مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممىتىگە تەلىم بەرگەندە، ئەمىرنىڭ بولسۇن، پېقىرنىڭ بولسۇن ھېچكىمنى ئايرىمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە يالغۇز ياشاپ ئۆتىدۇ.

بۇ ئۇلۇغ ئىمام بىر كۈنى ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇ كىشىنىڭ تۇماقنى ئېلىپ بىر ئاتقا تەڭلەپ، ئۇنى تۇتماقچى بولغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، تۇماقنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە يوقلىقىنى بايقاپ: «ئاتنى ئالدايدىغان ئادەم، ئىنسانلارنىمۇ ئالدىشى مۇمكىن» دەپ، ئۇنىڭدىن ھەدىس ئالماي قايتىپ كېتىدۇ.

---

[1] «تارىخۇل باغداد»، 2 – توم، 20. 21 – بەت، (خاتىبۇل باغدادى).

[2] «تەزكىرەتۇل ھۇپپاز» 2 – توم، 556 – بەت، (ئىمام زەھەبى)

سۈننەت مانا مۇشۇنداق هوشيارلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن تەتقىق قىلىنىپ توپلانغان. هەدىسلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە ئۇنىڭغا توقۇلما هەدىسلەرنىڭ ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى باهانە قىلىپ، سۈننەتكە تىل ئۇزارتىدىغانلار، بىز چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئىلىم ئىشقى بىلەن ئۆمرىنى هەدىسكە بېغىشلىغان ئەهلى ئىلىم ۋە فۇقەهالارنىڭ نەزىرىدىكى سۈننەتنىڭ ئەهمىيىتىنى ۋە سۈننەتنىڭ قانداق ئېغىر شارائىتلار ئاستىدا، كىملەر تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇق نەزەرىيە ۋە تار چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن هۆكۈم چىقارسا، خاتالاشقان بولىدۇ.

## شارائىت مۇناسىۋىتى

يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ساهابە كىراملار، تابىئىن ۋە تەبەئەتابىئىنلەر دەۋرىدە هەدىسلەرنى يادلاشقا زامان، ماكان ۋە شارائىت تولىمۇ ماس ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ دەۋردىكى ئادەملەر ئۆز تىلىغا پىششىق ۋە ماهىر كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ كۆپ تارقالغان نەرسە تىل سەنئىتى ۋە ئەدەبىيات ماهارىتى ئىدى. شۇ زاماندىكى كەبىنىڭ تاملىرىغا ئېسىلغان مەشهۇر يەتتە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، هەقىقىي ئەدەبىياتچىلار شۇ دەۋردە ياشىغان دېيىشكە بولاتتى. مانا قۇرئان كەرىم ئەنە شۇ دەۋردە پەيغەمبىرىمىزگە نازىل قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈن تىل ئۇستىلىرىنى، ئەدەبىيات ماهىرلىرىنى ۋە شائىرلارنى قەلەملىرىنى سۇندۇرۇپ، سەجدىگە باش قويۇشقا مەجبۇر قىلغانىدى.

مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بىرى خەنسا[1]، ـ بۇ بۈيۈك ئايال ئۇستا شائىر ئىدى. ئۇنىڭ جاهىلىيەت دەۋرىدە ۋاپات بولغان ئىنىسى سەهەر ئۈچۈن ئېيتقان مەرسىيەسى، شۇنداق سەمىمىي ۋە تەسىرلىك ئىدىكى، ئۇنى

[1] هەزرىتى خەنسا (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن تونۇلغان داڭلىق ئايال ساهابە، هەمدە داڭلىق شائىرلارنىڭ بىرى ... جاسارەت ۋە قەهرىمانلىقى بىلەن داڭ چىقارغان بۇ ئايال تۆت ئوغلىنىڭ شەهىد بولغانلىق خەۋىرىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ، تەقدىرگە تەسلىم بولغان ئېتىقادلىق ئانا.

ئاڭلىغان ھەر قانداق ئادەم كۆز يېشى قىلماي تۇرالمايتتى. مانا بۇ ئايال پەيغەمبىرىمىزگە شۇنداق باغلانغان ئىدىكى، قادىسىيەدە تۆت ئوغلى نەيزە بىلەن كۆكرىكىدىن ئۇرۇلۇپ، كەينى-كەينىدىن شەھىد بولغاندا، ئوغۇللىرىنىڭ شەھىد بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئانىلىق مېھرى بىلەن قەلبى پۇچۇلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ: «ئى ئاللاھ!، سىلەر ماڭا تۆت ئوغۇل ئات قىلغان ئىدىڭ، بۇ تۆت ئوغلۇمنىڭ ھەممىسىنى پەيغەمبەرلىرىنىڭ دەۋاسى يولىدا قۇربان بەردىم؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىگە چەكسىز ھەمدۇ – سانا بولسۇن»[1] دەپ، رەببىگە دۇئا قىلغانىتى.

بۇ مەردانە ئايال شېئىر ۋە نۇتۇقتا بەكمۇ ئۇستا ئىدى. ئۆز شېئىرلىرىدا كاپىرلارنى مەسخىرە قىلىپ، ئىسلامنى ئۇلۇغلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلغان ئىكەن. ئۇ ھەسسان ئىبنى سابىتنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە يازغان تۆت مىسرا شېئىرىدىن سەككىز خاتالىقنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ سۆز ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى نامايەندە قىلغان.

مانا مۇشۇنىڭدەك تىل – ئەدەبىياتقا ماھىر ۋە ئۇستا ئايالمۇ، قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى ئالدىدا شېئىر يېزىشنى توختىتىپ، ئۆزىنى پەقەت قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئاتىۋەتكەنىتى. شۇنداق، بۇ ئاياللا ئەمەس، ئۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىل ئۇستىلىرى ۋە سۆز سۇلتانلىرى ئىدى. ئۇلار قۇرئان ۋە ھەدىس ئالدىدا سۆزلەشنى توختىتىپ، پۈتۈنلەي قۇرئان ۋە ھەدىس ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغانىتى. بۇلار ۋە بۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر ئاساسەن ھەممىسى بىرەر تىل مۇتەخەسسىسى، ھەدىس مۇتەخەسسىلىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى باشقا سۆزلەردىن ئاسانلا پەرقلەندۈرەلەيتتى.

---

[1] « ئۇسۇدۇل غابە»، 7 – توم، 90 – بەت، ( ئىبنۇل ئەسىر). «ئەل ئىسابە»، 7 – توم، 616 – بەت، (ئىبنۇل ھەجەر ئەسقىلانى)

## ئۇلار ئەستە ساقلاش داھىلىرى ئىدى

يەنە بىر سەۋەب، ئۇ سائادەت دەۋرىدىكى مۇبارەك كىشىلەرنىڭ ئاساسەن ھەممىسىنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى تولىمۇ كۈچلۈك ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ، قۇرئان كەرىمنى 3، 4 ئايدا پۈتۈنلەي يادلاپ بولغان كىشى تالانت ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن يېقىنقى تارىخىمىزغا قارايدىغانلا بولساق مەن شەخسەن يېقىندىن تونۇيدىغان «ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان» قىرىندىشىمىز قۇرئان كەرىمنى 60 كۈندە يادلاپ پەۋقۇلئاددە تالانت ئىگىسى بولۇپ تونۇلغان؛ ۋەھالەنكى ئۇ ئەسرى سائادەتتىكى سائادەتمەن زاتلار پىترەت ۋە مۇھىت جەھەتتە كۈنىمىزدىكى بۇ تالانت ئىگىلىرىدىن نەچچە ھەسسە چوڭقۇر ۋە ئۈستۈن بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە شەرقشۇناسلارنىڭ نىشان تاختىسىغا ئايلىنىپ قالغان ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنىنىر قېتىم ئاڭلىغان نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلاشقا ئەسلا ھاجەت ھېس قىلمايدىغان دەرىجىدە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ئىگە تالانت ئىگىسى ئىدى. زەيد ئىبنى سابىت- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن ئاز تولا ئىبرانىيچىنى ئۈگىنىپ قويغىن» دېگەندە، 15-20 كۈن ئىچىدە ئىبرانىيچىنى يېزىش ۋە تەرجىمە قىلىشقا يېتەرلىك سەۋىيەدە ئۈگىنەلىگەن تالانت ئىگىسى ئىدى...[1] ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ھەدىس راۋىلىرىدىن بولغان ئىبنى ئابباس ھايات چېغىدا «ھىبرۇلئۇممە (ئۇممەتنىڭ ئالىمى)» دېگەن، ئۇنىۋانغا ئېرىشكەن ... ئائىشە ئانىمىزمۇ ئوخشاشلا ئەستە ساقلاش قەھرىمانى ئىدى.

شۇنداق، بۇلار ئاڭلىغانلىرىنى بىراقلا ئەستە تۇتالايدىغان ۋە ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان كىشىلەر ئىدى، شۇنىڭدەك تابىئىنلارمۇ بۇلاردىن قېلىشمايتتى. مەسىلەن، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز دەۋرىدە قولىغا قەلەم ئېلىپ، تۇنجى قېتىم ھەدىسلەرنى تۈرگە ئايرىپ، يېزىشقا باشلىغان ئىبنى شىھاب ئەززۆھرى، ئەبۇ ھەنىفە بىلەن كۆرۈشكەندە: «مەن ئاڭلىغانلىرىمنى ھېچ ئۇنتۇپ قالمىدىم» دېگەن، ئەما (كۆر) قەتادە

---

[1] ئەبۇ داۋۇت، ئىلىم بابى، 2 – توم. تىرمىزى، ئىزىن سوراش بابى، 22 – بەت.

ئىبنى دىئامە، ئىمام شەئبى، ئەبۇ ھەنىفە مەدرىسىسىنىڭ ئىماملىرىدىن بىرى بولغان ئىبراھىم نەخەئى ۋە: «ئاڭلىغانلىرىمدىن ئۇنتۇپ قالغان ھېچ بىر نەرسە يوق» دېگەن ئىمام شافىئى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تالانت داھىلىرى ئىدى.

### ھەدىس لەۋزىلىرىنىڭ پەرقلىقلىقى

بىز بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىشىمىز ھاجەتكى بەزى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش ئەمما پەرقلىق لەۋزىلەر بىلەن پەرقلىق راۋىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان. مەسىلەن: «تەشەھھۇد» دۇئالىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

تەشەھھۇد دۇئالىرىنىڭ بىر نەچچە خىل رىۋايىتى بار:

1 ـ ساھابە كىراملار قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىدەك قېتىرقىنىپ يادلىغان، ھەنەپىلەردىن بولغان نۇرغۇن كۇفىلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىمام ئەۋزائىي ۋە سۇفيانۇسسەۋرى ئىبنى مەسئۇدتىن كەلگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسەن ئوقۇغان تەشەھھۇد دۇئاسى

2ـ جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ قارىشىغا ئاساسەن ئەڭ پەزىلەتلىك «تەشەھھۇد»[1] دۇئاسى

3ـ ئىمام شاپىئىنىڭ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان تەشەھھۇد دۇئاسى

ئىبنى ئابباستىن كەلگەن بۇ ئاخىرقى تەشەھھۇد دۇئاسىنىڭ يۇقىرىدىكى راۋىيلار تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان تەشەھھۇد دۇئاسىدىن پەرقى «ئەلمۇبارەكات» كەلىمىسىنىڭ زىيادە قىلىنغانلىقىدۇر[2].

4 ـ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ قىلغان خىتابىدا سۆزلىگەن

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يەنە بىر تەشەھھۇد[1] دۇئاسى ۋە باشقا پەرقلىق رىۋايەتلەر بىلەن كەلگەن تەشەھھۇد دۇئالىرى[2].

ھەدىس ئىنكارچىلىرى مانا مۇشۇنىڭدەك رىۋايەتلەرنى باھانە قىلىپ «ھەدىسلەرنىڭ لەۋزى راۋىيلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن» ياكى «ساھابىلار ھەدىسلەرنى سۆزمۇ-سۆز ئېسىدە ساقلىيالمىغان» دېگەندەك ئاساسسىز دەۋالارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىراق بۇ قاراشلار ھەقىقەتتىن يىراق.

بۇنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. نامازنىڭ پەرز قىلىنىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، ناماز ھىجرەتتىن 3-5 يىل بۇرۇن پەرز قىلىنغان.

2. ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئىبنى مەسئۇد قاتارلىق ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كەم دېگەندە 10 يىل بىللە ناماز ئوقۇغان.

3. ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن 23 يىل بىرگە ياشىغان.

مانا مۇشۇنداق تۇرۇپ يەنە كۆچلۈك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ساھابە كىراملارنىڭ ھەدىسلەرنى «ئۇنتۇپ قالغان» ياكى «ئېسىدە ساقلىيالمىغان» دەپ قاراش ئەقىلغا سىغمايدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئاساسسىز دەۋالار ئارقىلىق سۈننەتنى ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەس.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە شۇكى، قۇرئان كەرىم، ھەدىسلەردە بايان قىلىنغىنىدەك: «ئۇ يەتتە ھەرپ بىلەن نازىل بولغان»[3]. بىز بۇ يەردە بۇ يەتتە خىل قىرائەتنىڭ شەكلىنى بايان قىلىپ بولالمايمىز. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ ئاشۇ ئۈممى - ساۋاتسىز بىر قوۋمگە، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلىنغان ئىلاھىي رەھمىتىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، يەتتە خىل قىرائەت بىلەن ئوقۇشقا

[1] «مۇۋەتتا» نىدا بابى، 52 ، 53 - بەت .

[2] «مەجمۇئەتىززاۋائىد» 2 – توم، 141، 144 – بەت، (ھەيسەمى)

[3] «سەھىھۇل بۇخارى»، قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلەتلىرى بابى، 11 – بەت.

ماس ھالدا نازىل قىلىنغان. مانا بۇ ئەھۋال ھەدىسلەرنىڭ تېكىستىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى بىر قېتىم بىر قىرائەت بىلەن ئوقۇسا، يەنە بىر قېتىمدا باشقا بىر قىرائەت بىلەن ئوقۇغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇ ئىبنى مەسئۇدقا بىر قىرائەت بىلەن ئۆگەتكەن بولسا، ھەزرىتى ئۆمەرگە باشقا بىر قىرائەت بىلەن ئوقۇپ بەرگەن، شۇنىڭدەك ئىبنى ئاببasقا ئۈچىنچى بىر قىرائەت بىلەن تەلىم بەرگەن. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىمنى «سەبئەتى ئەھرۇف» دەپ ئاتىلىدىغان يەتتە قىرائەت بىلەن ئوقۇش جائىز بولغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىمۇ ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە لەۋزىلەر بىلەن سۆزلەنگەنلىكىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەشەھھۇدلارنىڭ ۋە ئۇلارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن، دېيىشكە بولىدۇ.

«جەۋامىئۇل كەلىم»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «جەۋامىئۇل كەلىم» ئىگىسىدۇر.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «جەۋامىئۇل كەلىم» (كۆپ مەنىلىك ئىخچام سۆزلەر) نىڭ ئىگىسىدۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى ئىچىدە شۇنداق سۆزلەر باركى، بىرلا كەلىمە بىلەن نۇرغۇن چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنىلەرنى بىر كىتابقا پۈتۈنلەي سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ھەدىسلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ئەرەب تىلىنىڭ تۆۋەندىكى تەرەپلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش زۆرۈر:

- گىراماتىكىلىق قائىدىلەر
- بالاغەت ئىلمى

[1] «جەۋامىئۇل كەلىم» نۇرغۇن مەنە ۋە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مەنىلىك سۆز دېگەن بولىدۇ. يەنە بىر مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «ئىخچام» سۆز دېگەنلىكتۇر

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

- مەجازى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى

پەقەت يۇقىرىقى ئاساسلارنى چۈشەنگەندىلا، بۇ كەلىمىلەرنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ۋە مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنەلەيمىز.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ «جەۋامىئۇل كەلىم» سۆزلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ: بۇ سۆزلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن زات سۆزلىيەلەيدۇ. مەيلى ساھابە كىرامI بولسۇن ياكى ھازىرقى زاماندىكى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تىل-ئەدەبىيات دوكتورلىرى ۋە پىروفېسسورلار بولسۇن، ئۇلار بۇنداق سۆزلەرنى قىلالمايدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ «جەۋامىئۇل كەلىم» سۆزلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ھېكمىتى قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ ھەدىسلەر گەرچە سان جەھەتتىن كۆپتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن چىققان، ۋەھيي ماھىيەتلىك سۆزلەردۇر.

## سۈننەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا يېزىلغانلىقىغا دائىر دەلىللەر

سۈننەتنىڭ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ زامانىدا يېزىلغانلىقىغا دائىر قاراشلار بىر تەرەپتىن توغرا قاراشتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن بۇ بىر يېتەرسىز قاراشتۇر. چۈنكى بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات چېغىدا بىر قىسىم ساھابە كىراملار تەرىپىدىن سۈننەتنىڭمۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش يېزىپ قالدۇرۇلغانلىقىغا دائىر ھۆججەتلەر، رىسالە ۋە ئارخىپلارنىڭ مەۋجۇتلىقى مەلۇمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەرەب خەلقى ئاساسەن ساۋاتسىز ئىدى. ئەمما مەككە خەلقىنىڭ باشقا قەبىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتى قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋاتلىقلار يوق ئەمەس ئىدى. كېيىن قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋات چىقىرىش سەپەرۋەرلىكى باشلانغان. چۈنكى مۇسۇلمان

بولغان ھەر بىر كىشىنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشى ۋە ئەھكاملىرىنى چۈشىنىشى كېرەك بولغان زۆرۈرىيەتلەردىن ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشقا باشلىنىشى بىلەن بىرگە ئىلىم ۋە مەدەنىيەت سەپەرۋەرلىكى باشلانغان.

«تەبەقات» كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قىرىققا يېقىن ۋەھىي كاتىبلىرى بار ئىدى[1]. بۇلار ئادەتتىكى ساۋاتلىق كىشىلەر قاتارىدىن ئەمەستى. چۈنكى ۋەھىي كاتىپى دېگەنلىك، كۈنىمىزدىكى ئىپادە بىلەن ئېلىپ ئېيتساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىي كاتىپلىرى دېگەنلىك بولاتتى.

ئۇ كۈنلەردە ساۋاتلىق بولۇشقا ئۇ قەدەر تەشۋىق قىلىنغان ئىدىكى، بەدىر ئۇرۇشىدا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەرنىڭ ھەر بىرى ئون ئادەمنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش بەدەلىگە ئازاد قىلىنغان[2]. بۇ ئەھۋال، ئۇ دەۋردىكى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن تولىمۇ چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىك بىر ھادىسە ئىدى. شۇنداق، ئۇ كۈنلەردە ھەممە ئادەم ساۋات چىقىرىشقا ئالدىرايتتى. چۈنكى ھەر كۈنى ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى ۋە مۇھىم ۋەھىيلەر نازىل بولۇپ، ھەدىسلەر سۆزلىنىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي قانۇن ۋە شەرئىي بىلىملەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇپ بۇ دەۋاغا كۆڭۈل بۆلگەن ساۋاتلىقلار ئومۇمەن ھەممىسى قوللىرىدا دەۋەت ۋە قەلەم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن تۆكۈلگەن ھەر بىر سۆزنى يازاتتى ۋە ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتەتتى.

دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، قۇرئان كەرىم ۋەھىي كاتىپلىرى تەرىپىدىن قانداق قەيت قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ تەپسىرى ۋە بايانى بولغان سۈننەتمۇ خاتىرىلىنىپ، مۇھاپىزە قىلىناتتى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە، ھەدىسلەر توپلىمى ياكى ھەدىسلەر مەجمۇئەسى شەكلىدە رەسمىي تەدۋىنگە ئېلىنىپ، دەۋر قىيامەتكىچە ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي مەنبەسى سۈپىتىدە داۋام قىلماقتا.

[1] «السنة قبل التدوين» 298 – بەت (خەتىب مۇھەممەد ئەجاج)

[2] «تەبەقاتۇل كۇبرا» 2 – توم، 22 – بەت. (ئىبنى سەئد)

### تەدۋىنگە زىت دەلىللەرگە قارىتا مۇلاھىزە

بۇ خۇسۇستا ئالدى بىلەن سۈننەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇزۇن زامانلار كېيىن، يېزىلىپ قەيت قىلىنغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇستەشرىقلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بىر تۈركۈم مۇسۇلمان يازغۇچىلار دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن بەزى ھەدىسلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى: «تەقيىدۇل ئىلىم»[1] دېگەن ئەسەردە ئەبۇ سەئىدىلخۇدەرىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «بىز ھەدىسلەرنى يېزىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىغان ئىدۇق، بىزگە رۇخسەت قىلىنمىغانتى»[2]

«Ignaz Goldziher»[3] ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دەلىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان بۇ رىۋايەتنى ھەدىس ئۆلىمالىرى دىققەتكە ئالمىغان. شۇنىڭدەك يەنە ”سەھىھ مۇسلىم“ غا ئوخشاش سەھىھ ھەدىسلەر مەنبەسى بولغان ئەسەرلەردە يەنە ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدەرىيدىن رىۋايەت قىلىنغان مونۇ ھەدىسمۇ نەقىل قىلىنغان: «مەندىن بىر نەرسە يازماڭلار، كىمكى مەندىن قۇرئان كەرىمنىڭ سىرتىدا بىر نەرسە يازغان بولسا، ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتسۇن!»[4]. شۇنىڭدەك يەنە «تەقيىدۇل ئىلىم» دېگەن ئەسەردە، ھەدىسكە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ھەدىسنىڭ يېزىلىشىنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلغان، ئەمما يېزىشتىن ئېسىدە ساقلىۋېلىشنى ئارتۇق كۆرگەن ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن مۇنداق بىر رىۋايەت نەقىل قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى يېنىمىزغا كەلدى ئارىمىزدا بەزى قېرىنداشلىرىمىز ھەدىسكە مۇناسىۋەتلىك بىر نەرسە يېزىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە يېزىۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى؛ ئۇلار: «ئۆزلىرىدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى يېزىۋاتىمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىغا قوشۇپ باشقا بىر نەرسىلەرنىمۇ يازغانلىقى ئۈچۈن،

---

[1] ”تەقيىدۇل ئىلىم“ - ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشى - (خاتىپ ئەلباغدادى)

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى. ئىلىم بابى 11 – بەت.

[3] «Ignaz Goldziher» (1850-1921) ۋېنگرىيەدە ئۆتكەن يەھۇدىي ئىرقىدىن - شەرقشۇناس.

[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، زۇھد بابى، 72 – بەت.

ئۈلارنىڭ ئېزىپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟»[1] دېگەن.

يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان رىۋايەتلەر سەھىھ دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىنى دەسلەپكى چاغلاردا چەكلىشىنىڭ ھېكمىتى ئىنتايىن ئېنىق. قۇرئان كەرىم بولسۇن ياكى تەۋرات ۋە ئىنجىل بولسۇن ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ باشقا سۆزلەردىن خالىي بولۇشى؛ ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرى ياكى باشقىلارنىڭ رىۋايەتلىرى ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك. ئەمما ئۆز ۋاقتىدا تەۋراتقا نۇرغۇن نەرسە ئارىلىشىپ كەتكەن، ئىنجىل بىر قانچە يىلغا بارماي بىر قانچە تۇم بولۇپ كەتكەن ۋە بۇ شەكىلدە بۇ ھەر ئىككى ئۇممەت توغرا يولدىن ئېزىپ، ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىم تېخى يېڭى نازىل قىلىنىشقا باشلىغان مەزگىللەردە، ئۇلارنىڭ ھەدىس بىلەن قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئارلاشتۇرىۋېتىپ مەسىلە چىقمىسۇن دېگەن ئاساستا، باشتا ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىنى چەكلىگەنلىكى ئېنىق. چۈنكى كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشىغا بولغان تەشۋىقى ھەمدە ئۆزىنىڭ يازدۇرغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان، ھەمدە نۇرغۇن ساھابە كىراملارنىڭ ھەدىس يازغان خاتىرىلىرى، رىسالىلىرى ئوتتۇرىغا چىققان. شۇ جۈملىدىن يەنە ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن باشقا مەندىن تېخىمۇ كۆپ ھەدىس بىلىدىغان بىر كىشى بولماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى مەن يازمايتتىم، ئەمما ئابدۇللاھ يازاتتى»[2].

ئەمەلىيەتتىمۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرنىڭ ئېيتىشىچە ئاساسلانغاندا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يازاتتى.

---

[1] «تەقيىدۇل ئىلىم» ـ ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشى ـ 34 – بەت، (خاتىپ ئەلباغدادى)

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ئىلىم بابى، 39 – بەت.

ئۇنىڭغا: «سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەممە نەرسىنى يازىدىكەنسەن، ھالبۇكى ئۇمۇ بىر ئىنسان، ئاچچىقلىنىدىغان ياكى خۇشال بولىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، دېگەنلەرمۇ بولغان؛ شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر يېزىشنى توختىتىپ، مەسىلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئېغىزىغا قويۇپ، مۇنداق دېگەن: «سەن يازغىن! ھاياتىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئېغىزدىن ھەقتىن باشقىسى چىقمايدۇ»[1].

ئۇ بىر ئىنسان بولغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ئۇنىڭ غەزەبلىنىشىمۇ، خۇشاللىقىمۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ھەقنى سۆزلەيدۇ. شۇنداق ئۇنىڭ ھېچقانداق بىر سۆزى ئۆز خاھىشى بىلەن بولمايدۇ، شۇنىڭدەك ئىنسانىي پىترەت خاھىشى بىلەنمۇ بولمايدۇ. تېخىمۇ توغرىسى: ﴿**(ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيتتى، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيتتى**﴾[2]. ئۇ زاتنىڭ خاراكتېرى ۋەزىپىسى بىلەن پۈتۈنلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پۈتۈن ھالىي پەيغەمبىرانە ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى ئېچىلىپ، نەپسى ۋە شەيتانغا ئائىت پۈتۈن نەرسىلەر چىقىرىپ تاشلانغانىتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك خىسلىتىگە دەخلى – تەرۇز قىلالمايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن سۆزى دىن ۋە شەرىئەت ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئابدۇللاھقا «يازغىن» دېگەنىدى.

### ھەدىسلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرۇلغانلىقىغا دائىر دەلىللەر

ئېنىق ۋە كەسكىن مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ھەدىسلەرنىڭ تا ئەسرى سائادەتتىن بېرى خاتىرىلىنىپ، يېزىلىشقا باشلىغانلىقىغا دائىر نۇرغۇن ۋەقەلىكلەرنى ۋە بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنى كۆرىمىز. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئىلىم بابى، 39 – بەت.

[2] ﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ الْهَوَىٰ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَىٰ﴾ (نەجم سۈرىسى، 3. 4 ئايەتلەر).

زات مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مەن ئۆزلىرىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلايمەن، ئۇلارنى يېزىۋالسام بولامدۇ؟» ـ دېگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولىدۇ» – دېدى، ئاندىن مەن يەنە «مەيلى سىلىنىڭ ئاچچىقلانغان ھالەتتىكى ياكى خۇشاللىق ھالەتتىكى سۆزلىرى بولسىمۇ يازسام بولامدۇ؟» دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولىدۇ. چۈنكى مەن بۇ ئىككى ھالەتتىمۇ ھەقتىن باشقىسىنى سۆزلىمەيمەن» دېگەن [1]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىمام دارىمى ۋە ئىبنى ھەجەرنىڭ كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىساس، دىيەت قاتارلىق مەسىلىلەرگە دائىر بىر قىسىم ھۆكۈملەرنى يازدۇرۇپ يەمەندىكى ئەمرى ئىبنى ھەزمگە ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋائىل ئىبنى ھۇجرىگە ئەھدىنامە يازغانلىقىنى كۆرىمىز. بەزى مەنبەلەردە، ھەزرىتى ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىلىمنى يېزىۋېلىڭلار»[2]، يەنە سەھىھ ھەدىس مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى قىلىنغاندا خۇتبە سۆزلىگەن، بۇ ئەسنادا ئەبۇ شاھ ئىسىملىك بىر يەمەنلىك كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇلارنى ماڭا يازدۇرۇپ بەرگەن بولسىلا» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەبۇ شاھقا يېزىپ بېرىڭلار»[3] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا، ئېغىر كېسەل ھالەتتە تۇرۇپ، ئەتراپىدىكى ساھابە كىراملارغا: «ماڭا قەغەز – قەلەم ئېلىپ كېلىڭلار، دەپتەر بولسىمۇ بولىدۇ، مەندىن كېيىن ئېزىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە بىر نەرسە يېزىپ بېرەي»[4] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى دېگەندە، كېسەللىك ئەھۋالى تولىمۇ

[1] «عن عمرو بن شعيب، عن أبيه، عن جده عبد الله بن عمرو بن العاصي، قال: قلت: يا رسول الله، إني أسمع منك أشياء، أفأكتبها؟ قال: « نعم «، قلت: في الغضب والرضا؟ قال: « نعم، فإني لا أقول فيهما إلا حقا» (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى)

[2] ئىمام دارەمى ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

[3] ئىماما بۇخارى، ئىلىم بابى

[4] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىش ئەمەلىيلەشمىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېزىپ بەرمەكچى بولغان تەۋسىيەسى يېزىلماي مەخپىي قالغان بولسىمۇ لېكىن مۇھىم بولغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هاياتتا ئىكەن ھەدىسلەرنىڭ يېزىلغانلىقى، يازدۇرغانلىقى ۋە يېزىپ بېرىشنى ئاررزۇ قىلغانلىق مەسىلىسىدۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن سىرت يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى خاتىرلىۋالىدىغان باشقا نۇرغۇن ساھابە كىراملار بار ئىدى. مەسىلەن: ھەزرىتى ئەلىي ئىبنى ئەبى تالىپ، يارىلىنىپ ـ زەخىملەنگەنلەرنىڭ دىيىتى، مەدىنە مۇنەۋۋەرىنىڭ ھۆرمىتى، كاپىرنىڭ بەدىلىگە مۆمىن ـ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە مەسىلىگە ئالاقىدار ھۆكۈم خاتىرىلەنگەن سەھىپىلەرنى قىلىچىنىڭ غىلىپىغا سېلىپ يېنىدىن ئايرىمايتتى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىلىچىنىڭ قىنىغىمۇ يايلاقتا بېقىلغان چارۋا ـ ماللارنىڭ زاكىتىغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر يېزىلغان بىر ۋاراق سېلىقلىق ئىدى[1]. يەنە شۇنىڭدەك ئىبنى سەئدنىڭ «تەباقات» دېگەن ئەسىرىدە قەيت قىلىنىشىچە: ھەزرىتى ئىبنى ئاbباسنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ۋە ساھابە كىراملاردىن ئاڭلىغانلىرى خاتىرىلەنگەن ئارخىپلارنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان[2].

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ساھابە كىرام ۋە تابىئىنلار تەرىپىدىن ھەدىس يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇلاردىن بىر قانچىسىنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە تىرىشىمىز:

**ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس خاتىرىسى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىكى ھەمراھى ۋە خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەھرەينگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا زاكاتنىڭ نىسابى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات

[1] ئەبۇ داۋۇد، زاكات بابى.

[2] «تەبەقاتۇل كۇبرا» 5 – توم. 293 – بەت. (ئىبنى سەئد)

يېزىلغان بىر خاتىرە بەرگەن. خاتىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاكات ھەققىدىكى ھەدىسلىرى قەيت قىلىنغان[1]. شۇنىڭدەك ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى خاتىرىلەنگەن بىر رىسالە ئەۋەتكەنلىكىمۇ تارىخى مەنبەلەردە زىكىر قىلىنىدۇ[2].

### ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس خاتىرىسى

ھەدىس ئىنكارچىلىرى ئادالەتنىڭ سىمۋولى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس يېزىشقا قارشى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ، ھالبۇكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس خاتىرىلەپ قالدۇرغان[3]. شۇنداقلا زاكاتنى ئاساس قىلغان ۋە قوشۇمچە بىر تۇركۇم تېمىلانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەدىسلەرنى يېزىپ، ئۇنى ئەمەلدارلىرىغا ئەۋەتكەن[4].

### مەيمۇنە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىس خاتىرىسى

مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسنى ئازادگەردىسى ئاتائ ئىبنى يەسارغا يېزىپ بەرگەنلىكى مەنبەلەردە بايان قىلىنغان[5].

### مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس خاتىرىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋا مەسىلىلىرىگە پىششىق دەپ ماختىغان

---

[1] ئىمام ئىبنى خۇزەيمەنىڭ «صحيح ابن خزيمة» ئىسىملىك ئەسىرى، 2261 ـ ھەدىس، 4 ـ جىلد، 14 ـ بەت، بەيرۇت، 1970.

[2] ئىمام تەبەرانىينىڭ «المعجم الكبير» ئىسىملىك ئەسىرى، 45 ـ ھەدىس، 1 ـ جىلد، 63 ـ بەت، قاھىرە.

[3] ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» ئىسىملىك ئەسىرى، 2069 ـ ھەدىس، 3 ـ جىلد، 1642 ـ بەت، بەيرۇت، 1991.

[4] ئىبنى زەنجەۋەيھىنىڭ «الأموال» ئىسىملىك ئەسىرى، 2 ـ جىلد، 807 ـ بەت، رىياد، 1986.

[5] ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «المسند» ئىسىملىك ئەسىرى، 26827 ـ ھەدىس، 44 ـ جىلد، 410 ـ بەت، بەيرۇت، 2001.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ھەدىس خاتىرلەنگەن بىر ۋەسىقىنىڭ بارلىقى مەنبەلەردە بايان قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا زاكات ھەققىدە بىر يازما بەرگەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر قەيت قىلىنغان[1].

## سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبنىڭ ھەدىس خاتىرىسى

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى خاتىرىلەپ، ئۇنى ئوغلىغا ئەۋەتكەن. سەمۇرەنىڭ ئوغلىغا ئەۋەتكەن خاتىرە ھەققىدە تابىئىنلاردىن بولغان ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: «سەمۇرە ئىبنى جۇندۇبنىڭ ئوغلىغا ئەۋەتكەن خاتىرىدە نۇرغۇن مەلۇماتلار بار»[2].

## جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس خاتىرىسى

ئەنسارىلاردىن بولغان جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن ھەج ھۆكۈملىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەدىسلەر قەيت قىلىنغان بىر خاتىرىنىڭ بارلىقىنى ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ "سەھىھ مۇسلىم" ناملىق ئەسىرىدە ئالاھىدە تىلغا ئالغان[3]. خاتىرە ئالتە بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەج پائالىيىتى ئىنتايىن تەپسىلى بايان قىلىنغان[4].

---

[1] مۇھەممەد ھەمىدۇللاھنىڭ «مجموعة الوثائق السياسية للعهد النبوي والخلافة الراشدة» ناملىق ئەسىرى، 212 ـ بەت، 106 ـ نۇمۇر. بەيرۇت، 1987.

[2] ئەبۇ ھەججاج مىززىينىڭ «تهذيب الكمال» ناملىق ئەسىرى، 12 ـ جىلد، 132 ـ بەت، بەيرۇت، 1980.

[3] ئىمام مۇسلىمنىڭ «صحيح مسلم» ناملىق ئەسىرى، 1218 ـ ھەدىس، 2 ـ جىلد، 886 ـ بەت، بەيرۇت ـ 1991.

[4] زەھەبىينىڭ «تذكرة الحفاظ» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ جىلد، 35 ـ بەت، بەيرۇت، 1998.

## زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىراس ھەققىدىكى ھەدىس خاتىرىسى

ساھابە كىراملار تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان تۇنجى خاتىرىلەر قاتارىدا ۋەھىي كاتىپلىرىدىن بولغان ۋە قۇرئان كەرىمنى توپلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان زەيد ئىبنى سابىت مىراس ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خاتىرىسى ھەققىدە، "فەسەۋي"[1] ئۆزىنىڭ "ئەلمەرىفە ۋە تتارىخ" دېگەن كىتابىدا ئىبنى شىھاب زۇھرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مىراس ھەققىدىكى خاتىرىسى بولمىغان بولسا، مىراس ئىلمى يوقاپ كەتكەن بولاتتى».

### ئەمر ئىبنى ھەزم ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس خاتىرىسى

ئەمر ئىبنى ھەزم ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەجرانغا ئەۋەتكەن ۋالىسى ئىدى. ئۇ نەجرانغا قاراپ يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرىپىدىن يازدۇرۇلغان (زاكات ۋە يەنە باشقا مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) بىر خاتىرە تاپشۇرۇلغان[2].

---

[1] «فەسەۋى» ئەبۇ يۇسۇپ يەئقۇپ ئىبنى سۇفيان ئىبنى جۇۋۋان (جۇۋان) ئەل-فەسەۋى (مىلادىيە 890 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

فەسەۋى، ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم ھەدىس ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ «ئەلمەئەرىفە ۋەتتارىخ» (بىلىم ۋە تارىخ) ناملىق ئەسىرى، ئىسلام تارىخىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

[2] ھاكىم نىسابۇرىنىڭ «المستدرك على الصحيحين» ئىسىملىك ئەسىرى، 1447 ـ ھەدىس 1 ـ جىلد، 552 ـ بەت، بەيرۇت، 1990.

# يەتتىنچى باب

## ھەدىس ئىلمى ھەققىدە

### ھەدىس ئىلمى

ھەدىس ئىلمىنىڭ دەسلەپكى پىرىنسىپلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىلا باشلانغان. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ۋە ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشىدىن كېيىن، ساھابىلەر ئىسنادنى (ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ زەنجىرىنى) سوراشقا باشلىغان. كېيىن بۇ ئىلىم ئايرىم-ئايرىم تەتقىقاتلاردا ياكى باشقا ئىلىملەر ئىچىدە كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئاندىن ئۇنىڭ ھەر خىل تېمىلىرى بويىچە ئەسەرلەر يېزىلغان. مەسىلەن: راۋىيلارنى باھالاش ۋە ھەدىس ئىللەتلىرى قاتارلىق تېمىلار. رامھۇرمۇزىنىڭ «ئەل-مۇھەددىسۇل فاسىل» ناملىق كىتابى بىلەن بۇ ئىلىم مۇستەقىل ئىلىم سۈپىتىدە شەكىللەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن نىسابۇرى، ئىسپاھانى، باغدادى، قازى ئىياز ۋە ئىبنى سالاھ قاتارلىق ئالىملار بۇ ساھەدە كىتاب يازغان. ئىبنى سالاھنىڭ «ئۇلۇمۇل ھەدىس» (كېيىن «مۇقەددىمەتۇ ئىبنى سالاھ» دەپ تونۇلغان) كىتابى بۇ ئىلىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھەدىس ئەھلى ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش ھەدىس ئىلمىنىڭ تېمىسى سەنەد ۋە مەتىننىڭ ھەر ئىككىلىسىنى بىلىشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ. سەنەد جەھەتتىن ئۇنىڭ شەخسلىرى، راۋىيلىرى، تۇتۇشۇشۇپ كېلىشى

ياكى ئۇزۇلۇشى، يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى ۋە باشقا جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەتىن جەھەتتىن بولسا ئۇنىڭ سەھىھ ياكى زەئىپلىكى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ.

ھەدىس ئىلمىنىڭ كەڭ تېرمىن ۋە قائىدىلىرىنىڭ بىر قىسمى توپلاپ يېزىلغان تۇنجى ئەسەرلەردىن بىرى، بەلكىم بىرىنچىسى رامھۇرمۇزىنىڭ «ئەل-مۇھەددىسۇل-فاسىل بەينەر-راۋى ۋەل-ۋائى» ناملىق ئەسىرىدۇر. كېيىن، ھاكىم نىسابۇرىنىڭ «مەرىفەتۇ ئۇلۇمىل-ھەدىس»، خەتىب باغدادىنىڭ «ئەل-كىفايە فى ئىلمىر-رىۋايە» ۋە قازى ئىيازنىڭ «ئەل-ئىلمائ ئىلا مەرىفەتى ئۇسۇلىر-رىۋايە ۋە تەقيىدىس-سەمائ» ناملىق ئەسەرلەر يېزىلغان.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ئىسناد (ھەدىس راۋىيلىرى زەنجىرى) بىلەن بىرگە نەقىل قىلىشتۇر. بۇ ئەسەرلەردىن كېيىن ئىبنۇس-سالاھنىڭ «مۇقەددىمە» دەپ تونۇلغان «ئۇلۇمۇل-ھەدىس» ناملىق كىتابى كەلگەن. بۇ كىتاب ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇسۇل تەتقىقاتلىرىنىڭ ئاساسى بولغان. بۇ ئەسەرنىڭ قىسقارتىلمىلىرى ئارىسىدا نەۋەۋىنىڭ «ئەت-تەقرىب»، ئىبن كەسىرنىڭ «ئىختىسارۇ ئۇلۇمىل-ھەدىس» ۋە ئىراقىنىڭ «ئەلفىييە» قاتارلىق ئەسەرلەر دىققەتكە سازاۋەر كىتابلاردۇر.

گەرچە ئوخشاشلا شۇ ئەسەرنىڭ قىسقارتىلمىسى بولسىمۇ، تېمىلارنى يېڭى بىر تەرتىپكە تىزغان ئىبن ھەجەرنىڭ «نۇخبەتۇل-فىكەر» ۋە بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان «نۇزھەتۇن-نەزەر» ناملىق شەرھىسى زور ئېتىبارغا ئېرىشكەن. كېيىنكى دەۋرلەردە قىلىنغان ئۇسۇل تەتقىقاتلىرى «نۇخبەتۇل-فىكەر» ئۈستىدە مەركەزلەشكەن.

نەۋەۋىنىڭ «ئەت-تەقرىب» ناملىق ئەسىرىگە سۇيۇتى تەرىپىدىن يېزىلغان «تەدرىبۇر-راۋى» ناملىق شەرھى، ئەسلى ئەسەرنى ئۇنتۇلدۇرغۇدەك دەرىجىدە چوڭ ئېتىبارغا ئېرىشكەن. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان جامالىددىن قاسىمىنىڭ «قاۋائىدۇت-تەھدىس»، تاھىر جەزائىرىنىڭ «تەۋجىھۇن-نەزەر» ناملىق كىتابلىرى ۋە ئىبنى

كەسىرنىڭ «ئىختىسار»نغا ئەھمەد مۇھەممەد شاكىر يازغان «ئەل-بائىسۇل-ھەسىس» نامىلىق شەرھىمۇ مەشھۇر بولغان.

ھەدىس ئىلمىنىڭ پايدىسى: سەھىھ ھەدىسنى تونۇش ۋە ئۇنى ئىللەتلىك بولغان زەئىپ ھەدىستىن پەرقلەندۇرۇش، قوبۇل قىلىنغان ھەدىسنى رەت قىلىنغان ھەدىستىن ئايرىشتۇر.

ئىلگىرىكى ئەھلى كىتابلار رىۋايەتلەرنى ئىسناد بىلەن نەقىل قىلىش ۋە راۋىيلارنىڭ ئادىللىقى ۋە زەبتىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمىگەن، شۇڭا نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر تەكشۈرۈلمەي نەقىل قىلىنغان. ئەمما ھەدىس ئىلمى شەرئىي ئىلىملەر ئىچىدە ئەڭ كەڭ دائىرىلىك ئىلىم بولۇپ، خەۋەرلەرنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرۈش ئىلمى بويىچە، ئىسلام ئۈممىتىدە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان.

ھەدىس ئىلمى بۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ نەزىرىدە، «ھەدىس رىۋايەت ئىلمى» ۋە «ھەدىس دىرايەت ئىلمى» دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

### ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى

ئىسلام ئالىملىرى ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىگە تەبىر بېرىشتە ئىككى خىل قاراشتا بولغان:

بىرىنچى خىل قاراشقا ئىبنى ئەكفانى، زەكەرىيا ئەنسارى، ئابدۇررەئۇف مەناۋى، ئەلى قارى، ئەبۇ يەئلا ئەلمۇسىلى قاتارلىق ئالىملار ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق سۆز-ئىبارىسى، ئىش-ھەرىكىتى، سۈكۈتى ھەمدە ئۇنىڭ ئەخلاقى ۋە تاشقى قىياپىتى ھەققىدىكى تەسۋىر-بايانلارنى، شۇنىڭدەك بارلىق ساھابىلەر، تابىئىنلارنىڭ سۆز-ئىبارىسى ۋە ئىش-ھەرىكىتى ھەمدە بارلىق رىۋايەتلەرنى تارقىتىش، تەھقىقلەش ۋە خاتىرىلەشنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر، دەپ قارايدۇ.

بۇ تەبىردە ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

سۈننەتنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار تەھقىقلەش، خاتىرىلەش، ساقلاش ۋە كىتاب قىلىپ تۈزۈش خىزمىتى قاتارلىقلار بىلەن چەكلەنگەن. بۇ نۇقتىدىن شۇنى دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ تەبىر ”رىۋايەت“ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى، رىۋايەت ئەسلىدىنلا قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش ئىشلىرىنى مەركەز قىلىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشقا تاش كۆبرى زادە، هاجى خەلىفە، سىددىق ھەسەنخان قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى ھەدىسنى قانداق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلاشنى، ھەدىسنىڭ سەھىھ ياكى زەئىپ ئىكەنلىكىنى، رىۋايەتچىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىنى، رىۋايەتنىڭ ئېنىق ياكى ئەمەسلىكىنى، رىۋايەتچىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلەنگەن ياكى ئەيىبلەنمىگەنلىكىنى، سەنەددە ئۈزۈكلۈك بار-يوقلۇقىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنى قوللايدىغان يەنە باشقا ئالىملار: ”ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى رىۋايەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى، شەرتلىرىنى ھەمدە ھەدىس سەنەدىنىڭ قانداق ئۇلانغانلىقىنى، رىۋايەتچىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ھەدىس رىۋايىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىمدۇر“.

بۇ ئىلىم ”ئىلمۇل مۇستەلەھ“(ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئىلمى)، ”ئىلمى ئۇسۇلۇل ھەدىس“(ھەدىس قائىدىلىرى ئىلمى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ پەننى ”ئىلمۇ رىۋايەت ئەلھەدىس“(ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى) دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى ھەرقايسى جەھەتتىن ھەدىسنى رىۋايەت قىلىشنى تەتقىق قىلىش بىلەن چەكلەنگەن.

2) ئالىملار مۇنداق دېگەن: ھەدىس ئىلمى دەل ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئىلمىدۇر، شۇڭا مەزكۇر ئىلىم ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ھەدىس رىۋايىتى ئىلمى دەپ ئاتالغان.

خەتىيب ئەلباغدادى ھەدىس ئىلمى ئاتالغۇلىرى ھەققىدە يازغان كىتابىنى «رىۋايەت ئىلمىگە كۆپايە» دەپ ئاتىغان؛ ئىبنى جەزەرى ھەدىس

ئىلمى ئاتالغۇسى ھەققىدە يازغان كىتابىنى «ئەلھىدايە فىئىلم ئەررىۋايە» (رىۋايەت ئىلمى يېتەكچىسى) دەپ ئاتىغان؛ ساخاۋى بۇ كىتابقا شەرھ يېزىپ ئۇنى «ئەلغايە فى ئىلمىررىۋايە»(رىۋايەت ئىلمىنىڭ نىشانى) دەپ ئاتىغان؛ ئەبۇلھەق ئىشبىلىمۇ ھەدىس ئىلمى كىتابىنى «مۇختەسەر ئەلكىفايە فىئىلم ئەررىۋايە» (رىۋايەت ئىلمىگە كۇپايەنىڭ قىسقارتىلمىسى) دەپ ئاتىغان.

ئىبنى ھەجەر «نۇخبەتۇل فىكەر» دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىسى «نۇزھەتۇن نەزەر»دە مۇنداق دېگەن: "ئۇلاردىن كېيىن باغدادتا ئەبۇ بەكرى خەتىب دېگەن كىشى مەيدانغا كەلدى، ئۇ رىۋايەت قائىدىسى ھەققىدە بىر كىتاب يېزىپ، ئۇنىڭغا «رىۋايەت ئىلمىگە كۇپايە» دەپ ئات قويدى. ھەدىس رىۋايەت قىلىش ھەققىدە يەنە بىر كىتاب يېزىپ ئۇنىڭغا «ئەلجامىئۇ لىئەدەبىششەيخى ۋەتتالىب»(ئۇستاز ۋە شاگىرت ئەدەپلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان) دەپ ئىسىم قويدى".

**ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى**

مەزكۇر ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ساھابە كىرام ۋە تابىئىنلارغا تۇتىشىدىغان ھەدىسلەردۇر. بۇ ئىلىم ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىشى، رەتلىنىشى ۋە ھەدىسنىڭ سەنەدىنى تەتقىق قىلىدۇ، ھەربىر ھەدىسنىڭ سەھىھ، ھەسەن ياكى زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئايرىيدۇ، شۇنداقلا ھەدىسنىڭ مەزمۇنى، ھەدىسنىڭ تېكىستىدىن ئېلىنىدىغان ھۆكۈملەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

**ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىنىڭ نىشانى**

ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۇرۇش ھەدىس رىۋايىتى ئىلمىنىڭ نىشانىدۇر. چۈنكى، بۇ ئىلىم رىۋايەتچىنى ھەدىس رىۋايەت قىلغان چاغدا بىپەرۋالىق قىلىشتىن ساقلايدۇ، رىۋايەتچىگە ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامغا توغرا

ئەگىشىشكە ۋە ئۇ زاتنى ئۈلگە قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.[1]

**ھەدىس دىرايەت ئىلمى**

«ھەدىس رىۋايەت ئىلمى» ئاتالغۇسى بىلەن بىرگە قوللىنىلغان «ھەدىس دىرايەت ئىلمى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى تۇنجى قېتىم ئىپنىقلىغان كىشى، مەلۇم بولۇشىچە تارىخچى ئىبنۇل ئەكفانى ئىدى. رىۋايەتۇل ھەدىس ئىلمىدە پەقەت ھەدىسلەرنىڭ نەقىل قىلىنىشى مەۋجۇت بولغان بولسا، دىرايەتۇل ھەدىستە سەنەد ۋە مەتىنىنىڭ (راۋى بىلەن مەرۋىنىڭ) ئەھۋاللىرى تەتقىق قىلىنىدۇ.

بۇ ئىلىم ئارقىلىق پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىلا ئەمەس، ساھابە ۋە تابىئىنلارغا ئائىت بارلىق رىۋايەتلەرنىڭ سەھىھ، ھەسەن ۋە زەئىپ تۈرلىرىدىن قايسىسىغا كىرىدىغانلىقى، رىۋايەت قىلىنغان خەۋەرنىڭ قوبۇل قىلىش يوللىرىدىن قايسىلىرى بىلەن ئېلىنىپ قانداق نەقىل قىلىنغانلىقى، راۋىلارنىڭ قانچىلىك ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ۋە نەتىجىدە بۇ خەۋەر قوبۇل قىلىنامدۇ ياكى رەت قىلىنامدۇ دېگەن مەسىلىلەر بەلگىلىنىدۇ.

بۇ شەكىلدە دىرايەتۇل-ھەدىس ئىلمى جەرھ ۋە تەئدىل، ناسىخ ۋە مەنسۇخ، مۇختەلىفۇل-ھەدىس، غەرىبۇل-ھەدىس قاتارلىق تۈرلۈك ئىلىملەر بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئالىملارنىڭ دىرايەتۇل-ھەدىس ئورنىغا مۇستەلەھۇل-ھەدىس، ئۇلۇمۇل-ھەدىس، ئۇسۇلى ھەدىس ۋە ئىلمۇل-ئىسناد ئاتالغۇلىرىنى قوللانغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

دىرايەتۇل-ھەدىس ئىلمى رىۋايەتۇل-ھەدىس ئىلمىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئىلىم بىرگە قوللىنىلىپ كەلگەن. ساھابىلەرنىڭ ھەدىس نەقىل قىلىش ۋە رىۋايەت قىلىشتىكى ئىنچىكىلىكى، يەنە ئۇلارنىڭ بىۋاستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىمىغان رىۋايەتلەرنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەردىن ئاڭلاش ئۈچۈن قىلغان ئۇزۇن سەپەرلىرى ۋە تۇنجى

[1] «ھەدىس شەرىفتىن سوئال-جاۋابلار» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

خەلىپىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن ئېھتىياتچانلىقى دىرايەتۇل-ھەدىس ئىلمىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان.

ساھابە كىراملارنىڭ ھەدىس رىۋايەتلىرىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ۋە تەكشۈرۈشىنىڭ سەۋەبى قۇرئان كەرىمنىڭ: «بىلمىگەن نەرسەڭنىڭ كەينىگە كىرمە»[1] ۋە «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر بىر پاسىق سىلەرگە بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئۇنى تەكشۈرۈڭلار»[2] دېگەن ئەمرىنىڭ ئەھمىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغانلىقىدىن بولغان .

ھەدىس تەنقىدى ئىلمىنىڭ ئاساسلىرى شۇنچە قەدىم بولسىمۇ، دىرايەتۇل-ھەدىس قائىدىلىرىنىڭ مۇستەقىل ئەسەرلەردە ئېلىپ بېرىلىشى، تەبىئىي ھالدا رىۋايەتلەرنىڭ كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن بولغان. بۇ مەۋزۇغا دائىر دەسلەپكى مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى ئەسەرلەردە ئۇچرىتىمىز:

- شافىئىينىڭ «ئەر-رىسالە» ناملىق كىتابىدا
- ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ شاگىرتلىرىغا بەرگەن جاۋابلىرىدا
- سەھىھ مۇسلىمنىڭ مۇقەددىمىسىدە
- ئەبۇ داۋۇدنىڭ مەككىلىكلەرگە يازغان خېتىدە
- تىرمىزىنىڭ «ئەل-جامىئۇس-سەھىھ»ىگە قوشۇمچە قىلغان «ئەل-ئىلەل» ناملىق ئەسىرىدە
- بۇخارىنىڭ تارىخ كىتابلىرى ۋە جەرھ-تەئدىلگە ئائىت كىتابلىرىدا

دىرايەتۇل-ھەدىس ئىلمى، سەنەد تەتقىقاتى ۋە تەنقىد ئۇسۇللىرى بىلەن بىرگە مەتىن تەنقىدى ئاساسلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن، مۇھەددىسلەرنىڭ پەقەت سەنەد بىلەنلا شۇغۇللانغانلىقىنى دەۋا قىلىش كەمچىل ۋە خاتا باھالاشتۇر. بۇ ئىلىم يېڭى تەتقىقاتلار بىلەن تەرەققىي قىلىشىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ھەدىس دىرايەت ئىلمىنىڭ غايىسى: دىننى بۇرمىلاش ۋە ئۆزگەرتىشتىن

---

[1] سۈرە ئىسرا، 36 – ئايەت.

[2] سۈرە ھۇجۇرات، 49 – ئايەت.

ساقلاشتۇر. بۇنىڭ بىلەن بىز سەھىھ ھەدىسلەرنى زەئىپ ھەدىسلەردىن پەرقلەندۈرەلەيمىز. ئەگەر ئۇ بولمىسا ئىدى، سەھىھ ھەدىس زەئىپ ۋە توقۇلما ھەدىسلەر بىلەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى باشقىلارنىڭ سۆزى بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى.

### سەنەد ۋە ئىسناد

«سەنەد» سۆزى ئىسىم بولۇپ، مەنىسى: «يۆلەنمەك، تايانماق، ئىشەنمەك» دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ سۆز تومۇرى «سۇنۇد» دۇر.

ئىستىلاھ جەھەتتىن: «رىۋايەت ئۇچۇن قوللىنىلغان سۆزلەر بىلەن راۋى ياكى راۋىلارنى تىلغا ئېلىپ، ھەدىس مەتنىنى تۇنجى ئېيتقۇچىسىغا يەتكۈزمەك، ھەدىس مەتنىنى يەتكۈزگەن راۋىلارنى رىۋايەت تەرتىپى بويىچە بايان قىلماق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئىسناد» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى: «ئاساسلاندۇرماق، يۆلەندۈرمەك؛ سۆزنى ئېيتقۇچىسىغا يەتكۈزمەك، بىر سۆز ياكى رىۋايەتنىڭ كېلىش يولىنى خەۋەر قىلماق، دەسلەپكى مەنبەگە قەدەر ئېلىپ بارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى ئالىملار «ئىسناد» دېگەن سۆزنى «سەنەد» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىدۇ.

ئىسناد بەزىدە «سەنەد» مەنىسىدە ئىسىم، بەزىدە «سەنەدنى تىلغا ئېلىش» مەنىسىدە مەسدەر سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. مۇھەددىسلەر، بولۇپمۇ دەسلەپكى دەۋرلەردە سەنەد بىلەن ئىسنادنى پەرقلىق مەنىلەردە ئىشلىتىپ، سەنەدنىڭ راۋىيلارنىڭ ئىسمى ياكى ئىسىملىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ئىسنادنىڭ بولسا راۋىيلارنىڭ ئىسىملىرىنى تەرتىپ بويىچە «ئەخبەرەنا، ھەددەسەنا، ئەنبەئەنا» قاتارلىق ئالاھىدە سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىش مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. كېيىنكى ئالىملار بولسا كۆپىنچە ھاللاردا سەنەد بىلەن ئىسنادنى ئوخشاش مەنىدە ئىشلەتكەن.

قىسقىسى، ھەر بىر ھەدىسنىڭ ئۆزىنىڭ سەنەدى بولىدۇ، بۇ سەنەدلەر ھەدىسنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. سەنەد بولسۇن ياكى ئىسناد بولسۇن ھەدىسنىڭ مەتنىدىن بۇرۇن كېلىدىغان قىسمى بولۇپ، مۇھەددىس (ھەدىس ئالىمى) بايان قىلىدىغان ھەدىس راۋىيلىرىنىڭ زەنجىرىدۇر. بۇ زەنجىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ تىزمىسىدۇر. سەنەد ياكى ئىسناد مۇھەددىس ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان مەنبەگە يەتكۈچە بولغان يولدۇر. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان رىۋايەت يولىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەنەد ياكى ئىسناد دەپ ئاتىلىدۇ.

## راۋى (ھەدىس رىۋايەتچىسى) سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى

«راۋى» سۆزى: «سۇ بېشىغا بېرىپ سۇ ئىچىش؛ ھەدىس نەقىل قىلىش» مەنىسىدىكى «رىۋايەت» يىلتىزىدىن كەلگەن. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «رۇۋات» بولۇپ، ئىستىلاھ جەھەتتىن «ھەدىسنى ئۆگىنىپ، ئۇنى ھەدىس رىۋايەت قىلىش ئۇسۇلىغا كۆرە نەقىل قىلغان كىشى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ «ھەدىسنى تۇنجى قېتىم سۆزلىگۈچىگە نىسبەت بېرىپ رىۋايەت قىلغان كىشى»، بەزىدە «ھەدىس ھەققىدە بىلىمى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇنى سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان كىشى» دېگەندەك «مۇسنىد» نىڭ مۇقابىلى سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ.

راۋى سۆزىدىن «فىقھۇر-راۋى، ئادالەتۇر-راۋى، بىدئەتۇر-راۋى، فىسقۇر-راۋى، جەھالەتۇر-راۋى»؛ كۆپلۈك شەكلى رۇۋاتتىن «تەسمىيەتۇر-رۇۋات، تاباقاتۇر-رۇۋات، ھالۇر-رۇۋات» («ئەھۋالۇر-رۇۋات»)، «بۇلدانۇر-رۇۋات» («ئەۋتانۇر-رۇۋات ۋە بۇلدانۇھۇم») قاتارلىق ئاتالغۇلار كېلىپ چىققان.

مۇتلەق يەتكۈزگۈچى، ھېكايە قىلغۇچى دېگەن مەنىدىكى «راۋى»، ھەدىس ئۇسۇلىدىكى تەرىپىگە كۆرە، ھەدىسنى سەنەدى بىلەن ئۇسۇلىغا مۇۋاپىق يەتكۈزگەن كىشى دېمەكتۇر. راۋىنىڭ رىۋايەت قىلغان نەرسىسى مەرۋى، يەنى سۆز مەنىسى بويىچە سۇ ياكى سۆز ۋە شېئىردۇر. مەرۋى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت قىلىنغان ھەر نەرسە بولۇشى مۇمكىن بولغىنىدەك، ساھابە، تابىئىن ۋە باشقىلارغا نىسبەت قىلىنغان نەرسىلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن.

رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىكى، ھەممىدىن بۇرۇن، ھەدىسلەرنى نەقىل قىلغان راۋىلارنىڭ ئىشەنچلىك (سىقە) بولۇشىغا باغلىق. چۈنكى ئىشەنچلىك راۋى ئۆزىگە ئوخشاش ئىشەنچلىك، سەھىھ ھەدىسلەرنى نەقىل قىلىدۇ. ئىشەنچلىك بولمىغانلار بولسا سەھىھ بولمىغان، ئاجىز، ئاساسسىز سۆزلەرنى ھەدىس دەپ نەقىل قىلىدۇ. شۇڭا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار قايسى تەبىقىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەدىسى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

راۋىنىڭ ھەدىسى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى بىر قاتار شەرتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈشىگە باغلىق. ھەدىس ئالىملىرى بۇ شەرتلەرنى رىۋايىتى قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە قىلىنمايدىغان راۋىنىڭ سۈپەتلىرى دېگەن ئىسىم بىلەن چۈشەندۈرگەن. چۈشەندۈرۈلگەن بۇ سۈپەتلەردىن ھەرقانداق بىرىنىڭ كەم بولۇشى راۋىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش سالاھىيىتىدىن چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىكى راۋىلار ھەدىس رىۋايەت قىلسىمۇ ۋە ھەتتا رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى ئەسلىدە سەھىھ بولسىمۇ، بۇ ھەدىسلەر ئۇلاردىن ئېلىنمايدۇ؛ ئۇ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان باشقا ئىشەنچلىك (سىقە) راۋىلاردىن ئېلىنىدۇ.

راۋىلاردىن ھەدىس قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە ئىزچىل قائىدىلەر ھەدىس ئىلمىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەزگۈر قائىدىلەرنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق مەقسەت؛ ئىسلام دىنىنىڭ قۇرئان كەرىمدىن كېيىنكى ئىككىنچى مەنبەسى بولغان ھەدىسلەرنى ئىشەنچلىك يوللاردىن ئېلىش ۋە تارقىتىش تىرىشچانلىقىدۇر.

ھەدىس ئۆلىمالىرى مەقبۇل رىۋايەت ئۈچۈن ناھايىتى ئىنچىكە

شەرتلەرنى بېكىتكەن. ئىشەنچلىك راۋى ۋە سەھىھ ھەدىس ئۈچۈن قويۇلغان بۇ شەرتلەر، راۋىنىڭ راستچىللىقى، نەقىللىرىدە يالغان، خاتالىق ۋە غەپلەتتىن خالىي ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ شەرتلەرنى تۆۋەندىكىدەك تىزىپ چىقىش مۇمكىن:

### 1. مۇسۇلمان بولۇشى:

بۇ تىلى بىلەن تەستىق قىلىپ، دىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، ئەمەلىي جەھەتتىن ئىسلامغا تەسلىم بولۇشتۇر. راۋىنىڭ مەيلى ئىلمىدە ياكى ئەمەللىرىدە ئىمان ۋە ئىسلام يولىدا بولۇشى كېرەك. باشقا دىنلاردا يالغان ئېيتىش چەكلەنگەن بولسىمۇ، راۋىدە ئىسلام شەرتىنىڭ تەلەپ قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: ھەممىدىن بۇرۇن مەسىلە دىنىي ۋە ئېتىقادىي مەسىلىدۇر. كاپىر كۆپىنىڭ يېتىشىچە باشقىلارنىڭ دىنىنى بۇزمىلاشقا تىرىشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىقاد قىلغان نەرسىلىرى سەۋەبلىك ئەيىبلىك ھېسابلىنىدۇ. ئېتىقادىي جەھەتتىن ئەيىب مەۋجۇت بولغان مۇددەتچە، دىنىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىنى قوبۇل قىلىش توغرا بولمايدۇ. ئەگەر خەۋەرنى مۇسۇلمان ئەمەس ۋاقتىدا ئاڭلاپ، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن يەتكۈزگەن بولسا قوبۇل قىلىنىدۇ.

### 2. مۇكەللەپ بولۇشى:

راۋىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى دېگەنلىكتۇر. بالاغەتكە يەتمىگەن كىشى ۋە ساراڭنىڭ رىۋايىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن كىشى ئەقلىي جەھەتتىن يېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شەرئىي جەھەتتىن مەسئۇللۇق يۈكلەنمەيدۇ. شەرئىي جەھەتتىن مەسئۇللۇق يۈكلەنمىگەن كىشىنىڭ يالغان سۆزلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ساراڭ كىشى بولسا، چۈشىنىش ۋە پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم. ئەمما بىر كىشى ئۆسمۈرلۈك يېشىدا، يەنى بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن خەۋەرنى ئاڭلاپ، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن رىۋايەت قىلغان بولسا، رىۋايىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىبنى ئابباس، ئىبنى زۇبەير ۋە مەھمۇد ئىبنى رەبىئ قاتارلىق ياش ساھابىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بۇنىڭغا

دەلىلدۇر. ساھابە كىراملاردىن كېيىن كەلگەنلەرمۇ بۇنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار بىر كىشىنىڭ بالاغەتتىن بۇرۇنقى ئۆسمۈرلۈك يېشىنى بەش ياشتىن باشلاپ بالاغەتكە يەتكۈچە دەپ قارىغان. بۇ مەسىلىدە مەھمۇد ئىبنى رەبىئنىڭ رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسىگە تايانغان: «مەن بەش ياش ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىغا سۇ ئېلىپ، يۈزۈمگە چېچىپ قويغانلىقى ئېسىمدە»[1].

### 3. ئادالەت:

راۋىنىڭ ئادىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر سۈپەت. راۋىنىڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىلىشى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغىنا بۇ ئادالەت شەرتى، زۇلۇمنىڭ ئەكسىلا ئەمەس؛ شېرىك، پىسىق ۋە بىدئەت قاتارلىق بارلىق چوڭ ۋە كىچىك گۇناھلاردىن ساقلىنىش ۋە تەقۋادار، سەممىي مۇسۇلمان بولۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. بۇ سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلەرگە ھەدىس ئىستىلاھىدا «ئەدل» (ئادىل) دېيىلىدۇ.

ئادالەت، كىشىنىڭ تەقۋا ۋە مۇرۇۋۋەت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان بىر خۇسۇسىيەتتۇر. تەقۋا؛ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلىش، توسقان ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇشتۇر. بۇ بولسا چوڭ گۇناھ سادىر قىلماسلىق، كىچىك گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرماسلىق ۋە بىدئەتلەردىن يىراق تۇرۇش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

مۇرۇۋۋەت بولسا؛ رىئايە قىلىنغاندا ئىنساننى گۈزەل ئەخلاق ۋە ئادالەت ئىگىسى قىلىدىغان ئەدەپ قائىدىلىرىدۇر. مۇرۇۋۋەتنى ئىككى نەرسە يوق قىلىدۇ: بىرىنچىسى: ئىنساننىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان كىچىك گۇناھلار؛ ئاددىي ۋە كىچىك بىر نەرسىنى ئوغرىلاشقا ئوخشاش. ئىككىنچى: ئىنساننىڭ ئىززىتىنى چۈشۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ شەرىپىگە داغ كەلتۈرىدىغان بەزى ئىشلار؛ يولغا تەرەت قىلىش، سەت گەپ بىلەن چاقچاق قىلىشقا ئوخشاش. بۇنداق ئىشلار ئىنساننىڭ مۇرۇۋۋىتىنى زىدىلەيدىغان ئىشلاردۇر.

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

**4. زەبت:**

ھەدىس راۋىسىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ۋە ئادالەتتىن كېيىن راۋىدا بولۇشى زۆرۈر دەپ قارالغان بىر سۈپەت بولۇپ، ئىلمىنى ساقلاش، ئېسىدە چىڭ تۇتۇش مەنىسىدە كېلىدۇ. زەبت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچىسى: يادلاش ئارقىلىق ساقلاش (زەبتۇس-سەدر). راۋىنىڭ، ئۇستازدىن ئاڭلىغىنىنى يادلىشى ۋە ئاڭلىغان ۋاقتتىن باشلاپ يەتكۈزگۈچە ئۇنى تەكرارلىيالىشىدۇر.

ئىككىنچىسى: يېزىش ئارقىلىق ساقلاش (زەبتۇل-كىتاب).

ھەدىسلەرنى يازغان كىتابنى ساقلاش ۋە ئۇنى ئاڭلىغان ۋاقتتىن تارتىپ رىۋايەت قىلىدىغان ۋاقتقىچە ھەر خىل ئۆزگەرتىشتىن قوغداشتۇر. بىر راۋىدا بۇ شەرتلەر ئەمەلگە ئاشقاندا، ئۇنىڭ رىۋايىتى قوبۇل قىلىشقا لايىق بولىدۇ. ئەگەر راۋى ھەدىسنى مەنا بىلەن رىۋايەت قىلسا، ھەدىس مەتنىدە ئۆزگەرتكەن ۋە ئورنىغا قويغان سۆزلەرنىڭ مەنالىرىنى ياخشى بىلىشى ۋە بۇلارنى ئىشلەتكەندە ھەدىسنىڭ مەنىسىدە ھەرقانداق بىر ئۆزگىرىشكە سەۋەب بولماسلىقى كېرەك. مەنا بىلەن رىۋايەت قىلىپ، ھەدىسنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتكەن راۋى ئىشەنچلىك (سىقە) بولۇش ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن، مۇھەددىسلەرنىڭ رىۋايەت جەھەتتە ئىنتايىن ئېھتىياتچان مۇئامىلە قىلغانلىقى چۈشىنىلمەكتە.

**قانداق ئادەملەرنى ھەدىس رىۋايەتچىسى دېيىشكە بولىدۇ؟**

ھەدىس رىۋايەتچىلىرى ئۇستازىدىن ھەدىس ئاڭلىغان ۋاقتتا، ئاڭلىغان ھەدىسنى ئاڭقىرالىشى، توغرا يادلىشى ياكى خاتىرىلىۋېلىشى لازىم. ئۇلار ئاڭلىغان ھەدىسلىرىنى شاگىرتلىرىغا يەتكۈزگەندىمۇ مۇسۇلمان ھالىتىدە، ئەقلى-ھوشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى، مۇرۇۋۋەتلىك ۋە ياخشى نامى بولۇشى، ئاڭلىغان ھەدىسنى باشقىلارغا توغرا يوسۇندا يەتكۈزەلىشى لازىم.

ھەدىس رىۋايەتچىسىنىڭ جىنسى، سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى چەكلەنمەيدۇ. مۇرۇۋۋەتلىك ۋە راستچىل رىۋايەتچىلەر كۆپ بولسا ھەدىسنىڭ سەھىھلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ توقۇلما بولۇشى ياكى خاتا رىۋايەت قىلىپ سېلىش ئېھتىماللىقىنى يوققا چىقىرىدۇ ياكى تۆۋەنلىتىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ھەدىسنىڭ خاتا رىۋايەت قىلىنىش ياكى يالغان ھەدىس بولۇش ئېھتىماللىقىنى كۈچەيتىدۇ.

شۇڭا، مۇھەددىس ئالىملار رىۋايەتچىنى تەپسىلىي تۈرگە ئايرىغان، بىرمۇ-بىر تەكشۈرۈپ تەھقىقلەپ باھا بەرگەن، رىۋايەتچىنىڭ ئاز كۆپلۈكى ۋە ئىشەنچلىكلىكىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا ئاساسەن، ئۇلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇتەۋاتىر ھەدىس ۋە ئاھاد ھەدىس، قوبۇل قىلىنىدىغان ھەدىس ۋە رەت قىلىنىدىغان ھەدىس دەپ ئايرىغان.

مۇھەددىسلەر يەنە رىۋايەتچىلەرگە بېرىلگەن باھا ۋە ھۆكۈملەرنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان. ئەبۇ ھاتىم، ئىبنى ھىببانغا ئوخشاش بىر قىسىم ئالىملار ئىشەنچلىك رىۋايەتچىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى مەخسۇس جەملەپ، ئۇلارنى بىرمۇ-بىر تونۇشتۇرۇپ چىققان. يەنە بىر قىسىم ئالىملار مەخسۇس ھەدىس يادلىغان ئالىملارنى توپلاپ كىتاب قىلغان. زەھەبىنىڭ «تەزكىرەتۇل ھۇففاز»(ھاپىزلار تەزكىرىسى)، سۇيۇتىنىڭ «تەبەقەتۇل ھۇففاز»(ھاپىزلار تەبىقىسى) دېگەن كىتابلىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر؛ بەزى مۇھەددىس ئالىملار رىۋايىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان ئىشەنچسىز كىشىلەرنى يىغىپ مەخسۇس كىتاب قىلىپ چىققان، مەسىلەن، ئىبنى ئەدىنىڭ «ئەلكامىل فىززۇئەفا»(ئاجىز كىشىلەر توپلانمىسى)؛ يەنە بەزى ئالىملار پەقەت ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان رىۋايەتچىلەرگە بېرىلگەن باھالارنى كىتاب قىلىپ يازغان، بۇنىڭغا بۇخارىنىڭ «ئەتتارىخ ئەلكەبىر»(چوڭ تارىخ)، ئەبۇ ھاتەمنىڭ «ئەلجەرھى ۋەتتەئدىل» (رىۋايەتچىلەرنى ئاقلاش ۋە ئەيىبلەش) دېگەن كىتابلىرى مىسال بولالايدۇ.

بەزى ئالىملار مەلۇم بىر ھەدىس كىتابىدىكى رىۋايەتچىلەرگە باھا يېزىپ چىققان. ئىبنى ھەجەرنىڭ ئالتە ھەدىس كىتابى(سىھاھ سىتتە ياكى كۇتۇب سىتتە دېيىلىدۇ،)نىڭ ئىچىدىكى رىۋايەتچىلەر ھەققىدە

يازغان «تەھزىب ئەتتەھزىب» دېگەن كىتابى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

يەنە بىر بۆلۈك ئالىملار ھەدىس رىۋايەتچىسىنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە كىتاب يازغان، مەسىلەن، ئىبنى سەئدنىڭ «تەبەقات ئەلكۇبرا» دېگەن كىتابى.

بىر قىسىم ئالىملار مەلۇم دەۋردىكى بىر تۈركۇم كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى كىتاب قىلغان. تاجۇددىن ئەسسۇبكى يازغان «تەبەقات ئەششافىئى»(شافىئىي ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى) ۋە شەمسىددىن داۋۇد تۈزىگەن «تەبەقات ئەلمۇفەسسىرىن»(مۇپەسسىرلەر ئىچىدىكى ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى) دېگەن كىتابلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار رىۋايەتچىلەرگە قىلىنغان تەنقىدىي قاراشلارنى مەخسۇس كىتاب قىلىپ چىققان. مەسىلەن، زەھەبىنىڭ «مىيزانۇل ئىئتىدال فى نەقدىررىجال» (رىۋايەتچىلەرنى تەنقىدلەشنىڭ توغرا ئۆلچىمى)، ئىبنى ھەجەرنىڭ «لىسانۇل مىزان» (ئۆلچەم تىلى) دېگەن كىتابلار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خەتىيب باغدادىنىڭ «تارىخۇل باغداد» (باغداد تارىخى)، ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تارىخ ئەددىمەشىق»(دەمەشق تارىخى)، زەھەبىنىڭ «تارىخۇل ئىسلام» (ئىسلام تارىخى) دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن تارىخ كىتابلىرىدىمۇ ھەدىس رىۋايەتچىلىرى ھەققىدە بايانلار قەيت قىلىنغان.[1]

### راۋىيلارنىڭ ھەدىس خىزمىتىدىكى رولى

مىلادىيە 7- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ھەدىسلەر كەڭ كۆلەمدە رىۋايەت قىلىنىشقا باشلىغان بۇ مەزگىلدە، ھايات بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، ئەنەس ئىبنى مالىك

[1] «ھەدىس شەرىفتىن سوئال-جاۋابلار» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى

قاتارلىق ساھابىلەر ياللانچىلارغا قارشى ھەدىسلەرنى قوغداش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولسا، بۇ ساھابىلەرنىڭ شاگىرتلىرى بولغان ئەبۇلئالىيە ئەر-رىياھى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئىبراھىم ئەن-نەخەئى، شەئبى ۋە مۇھەممەد ئىبنى سىرىن قاتارلىق مۇھەددىسلەر ھەدىسنىڭ سەنەدىنى سوراش ۋە راۋىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كۈچىگەن.

8 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، ئىبنى شىھاب ئەز-زۇھرى، يەزىد ئىبنى ئەبۇ ھەبىب، ئەييۇب ئەس-سەختىيانى، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋن، ئەۋزائى، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، سۇفيان ئەس-سەۋرى، مالىك ئىبنى ئەنەس، ھەمماد ئىبنى زەيد، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەل-قەتتان، ئابدۇراھمان ئىبنى مەھدى ۋە شافىئى قاتارلىق ھەدىس ئالىملىرى راۋىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەدىسلەرنىڭ سەنەدىدە نامى تىلغا ئېلىنغان راۋىلار ھايات بولسا، ھەر قانداق قىيىنچىلىققا بەرداشلىق بېرىپ، ھەدىسنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە تىرىشقان. راۋىلارنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىنى بەلگىلەش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى يېزىلغان ۋە راۋىلار ھەققىدە مۇستەقىل ئىلىم تارماقلىرى ھەم تەلىپ تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەن.

ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىنى بەلگىلەشتە ئەڭ مۇھىم ئامىل راۋىدۇر. سەنەدتە كۆرسىتىلگەن راۋىلاردىن بىرى ياكى بىر نەچچىسى ئىشەنچلىك بولمىسا، سەھىھلىك ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان باشقا ئۆلچەملەرگە قارىماستىن، ھەدىسنىڭ سەھىھ ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. راۋىلارنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى ئۇلاردا بەزى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ كامىللىقى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ، بۇلار «ئادالەت» ۋە «زەبت»[1] سۈپەتلىرىدۇر.

[1] ھەدىس ئاتالغۇسىدا «زەبت» سۆزى لۇغەتتە «بىر نەرسىنى مەھكەم تۇتۇش؛ بىر سۆزنى پۇختا ئۆگىنىپ يادلاش، خاتىرىلەش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىس ئىستىلاھى جەھەتتە بولسا، راۋىينىڭ قوبۇل قىلىنغان رىۋايەت قىلىش يوللىرى ئارقىلىق ئالغان بىر ھەدىسنى، ھېچقانداق ئىككىلىنىشكە چۈشمەستىن ۋە ئۆزگەرتمەستىن، ئۇستازىدىن قانداق ئالغان بولسا شۇ بويىچە نەقىل قىلىش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ساھابە كىراملارنىڭ ھەممىسى «ئادالەت» ئىگىسىدۇر. ساھابە كىراملاردىن باشقا راۋىلارنىڭ «ئادالەت» سۈپىتىدە مۇسۇلمان بولۇش، بالاغەتكە يەتكەن بولۇش، ئەقىللىق بولۇش، تەقۋادار بولۇش ۋە مۇرۇۋۋەت (ناچار قىلمىشلاردىن يىراق تۇرۇش) قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇلاردىن بىرىنىڭ يوقلۇقى راۋىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى يوقىتىدۇ.

«ئادالەت» ئىگىسى بولغان راۋىنىڭ ھەدىسى ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ «زەبت» سۈپىتىگىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. زەبت سۈپىتىدە ئۇنتۇغاق ۋە غەپلەتتە بولماسلىق، ئېسىدىن رىۋايەت قىلسا ھەدىسنى مۇكەممەل شەكىلدە يادلىغان بولۇشى، كىتابتىن رىۋايەت قىلسا كىتابىنى دىققەت بىلەن يېزىپ، تەكشۈرۈپ ۋە ساقلىغان بولۇشى، مەنا بىلەن رىۋايەت قىلسا ھەدىس مەتنىدە ئۆزگەرتكەن سۆزلەرنىڭ مەنالىرىنى ياخشى بىلىشى ۋە ھەدىسنىڭ مەنىسىدە ھەرقانداق ئۆزگىرىشكە يول قويماسلىق قاتارلىق نۇقتىلار بار.

بۇ خۇسۇسىيەتلەردىن بىرى ياكى بىر نەچچىسىدە كەمچىلىكى بار راۋىلارنىڭ ھەدىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئادالەت ۋە زەبت خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان راۋىغا «سىقە»[1] (ئىشەنچلىك) دېيىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىغا ئەمەل قىلىنىدۇ. بۇ سۈپەتلەرنى ئەرزىمەس قىلىدىغان دەرىجىدە كەمچىلىكى ياكى كەمچىلىكلىرى بولسا، «مەتائىنى ئەشەرە» دېيىلگەن ئون تەنقىد نۇقتىسى جەھەتتىن ئەھۋالى تەكشۈرۈلىدۇ ۋە كەمچىلىكىگە مۇۋاپىق ئىبارىلەر بىلەن باھالىنىپ، جەرھ قىلىنىدۇ.

---

[1] «سىقە» (الثقة) ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ئادالەت ۋە زەبت سۈپەتلىرىگە ئىگە بولۇشىنى ئىپادىلەيدىغان تەئدىل سۆزلىرىدىن بىرى. سەئد ئىبنى ئىبراھىمنىڭ: «ھەدىسنى ئىشەنچلىك راۋىلاردىن ئېلىڭلار» دېگەن سۆزى، بۇ ئاتالغۇنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمىي قوبۇل قىلىنغان قاراشقا كۆرە، راۋىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى ھەدىس ئىلمىدە ماھىر ۋە سالاھىيەتلىك بىر ئالىمنىڭ ئۇنىڭ «سىقە» يەنى ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىشى بىلەن بىلىنىدۇ.

بىر ھەدىسنىڭ «سەھىھ» بولۇشى ئۈچۈن، راۋىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى ۋە ھەدىسنى مۇھەددىسلەر بەلگىلىگەن سەككىز خىل مۇناسىپ ھەدىس ئېلىش ۋە يەتكۈزۈش يوللىرىدىن بىرى ئارقىلىق ئالغان بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ چېكىت ۋە زىر-زەبەرلەر ئومۇملاشمىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھەدىسنى توغرا ئوقۇش، بۇرمىلاشتىن ساقلاش ۋە خاتالىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىن بۇ ئۇسۇللار مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

## راۋىيلارنىڭ تەبەقەلىرى

مۇھەددىسلەر راۋىلارنىڭ يېشى ۋە شەيخلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ شەكىللەندۈرگەن ھەر بىر گۇرۇپپىغا تەبىقە دېگەن ئىسمنى بېرىشتە ئاساسەن بىردەك پىكىرگە كەلگەن. راۋىلارنىڭ تەبىقىلەرگە ئايرىلىشى پۈتۈنلەي ئىستىلاھى بىر مەسىلىدۇر. راۋىلارنىڭ تەبەقەلىرىنى بىلىش، نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ؛ بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسىم ۋە كۇنيەلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە توسالغۇ بولىدۇ؛ تەتقىقاتچىغا «تەدلىس»[1]، «ئىنقىتا»[2] ۋە

---

[1] «تەدلىس» سۆزى لۇغەتتە «بىر نەرسىنىڭ كەمچىلىكىنى يوشۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاتالغۇ جەھەتتىن «راۋىنىڭ ئۇچراشمىغان ياكى ئۇچراشقان بولسىمۇ ھەدىس ئاڭلىمىغان ئۇستازىدىن ھەدىس ئاڭلىغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان شەكىلدە رىۋايەت قىلىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تەدلىس قىلغان راۋى «مۇدەللىس»، تەدلىس بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇدەللەس» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەدىس رىۋايىتىدە راۋىلار «سەمىئتۇ» (ئاڭلىدىم)، «ھەددەسەنى» (ماڭا سۆزلەپ بەردى) ۋە «ئەخبەرەنى» (ماڭا خەۋەر قىلدى) دېگەندەك ھەدىسنى ئۇستازىدىن ئېنىق ئاڭلىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئىبارىلەرنى قوللىنىشى كېرەك. ھېچ كۆرۈشمىگەن ياكى ھەدىس ئاڭلىمىغان ئۇستازىدىن بۇ سۆزلەر بىلەن نەقىل قىلغان راۋى يالغانچى ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ بارلىق رىۋايەتلىرىنىڭ رەت قىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مۇدەللىسلەر كۆپىنچە «ئەن فۇلانىن» (پالانچىدىن) ۋە «قالە فۇلانۇن» (پالانچى دېدى) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. چۈنكى بۇ سۆزلەر ھەدىسنىڭ بىۋاستە ئاڭلانغانلىقىغا دالالەت قىلغاندەك، ئۇستازدىن بىۋاستە ئاڭلىماي تۇرۇپ رىۋايەت قىلىنغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

[2] لۇغەتتە «كېسىش» مەنىسىدىكى «قەتئ» يىلتىزىدىن «ئىنفىئال» ۋەزنىدە

**«ئىرسال»[1] نىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ئۆگىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن**

---

تۈرلەنگەن «ئىنقىتائ» (يەنى كېسىلگەن، ئۈزۈلگەن) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «مۇنقەتىئ» سۆزىنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان تەرىپلەر بېرىلگەن. تېرمىنولوگىيە تېخى ئورۇنلاشمىغان دەسلەپكى ئۈچ ئەسىرلىك مۇتەقەددىمىن دەۋرىدە بۇ ئاتالغۇ «سەنەدى تۇتاش بولمىغان رىۋايەت» مەنىسىدە قوللىنىلغان. ئىمام شافىئىينىڭ سەنەدىدە راۋىيسى چۈشۈپ قالغان رىۋايەتلەر بىلەن مۇرسەل رىۋايەتلەرنى «مۇنقەتىئ» دەپ ئاتىشى بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كېيىنكى مۇھەددىسلەردىن تىرمىزى ۋە ئەلى ئىبنى مەدىنى قاتارلىق ئالىملارنىڭمۇ ساھابە راۋىيسى چۈشۈپ قالغان رىۋايەتنى «مۇنقەتىئ» دەپ سۈپەتلىشى مۇتەقەددىمىنلەرنىڭ بۇ ئاتالغۇنى «سەنەدىدە ئۈزۈلۈش بار ھەر خىل رىۋايەت» مەنىسىدە قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ھىجرىيە بەشىنچى ئەسىر مۇھەددىسلىرىدىن ئىبنى ئابدۇلبەر مەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، مەيلى باشقا بىرىگە نىسبەت قىلىنسۇن، تۇتاش بولمىغان ھەر قانداق رىۋايەتنى «مۇنقەتىئ» دەپ قارىغان («ئەت-تەمھىد»، 1-توم، 21-بەت). بۇ قوللىنىش ۋە تەرىپلەردىن، مۇتەقەددىمىن دەۋرى مۇھەددىسلىرىنىڭ سەنەدتىكى ئۈزۈلۈشتىن كېلىپ چىققان «مۇرسەل»، مۇئدال ۋە مۇئەللەق قاتارلىق رىۋايەت تۈرلىرىنى مۇنقەتىئ سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەنلىكى چۈشىنىلىدۇ. 3-(9-) ئەسىر مۇھەددىسلىرىدىن بەردىجىنىڭ مۇنقەتىئنى «مەقتۇ» (تابىئىن ۋە تەبەئۇت-تابىئىنلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى) مەنىسىدە قوللىنىشى ھەدىس ئۇسۇلچىلىرى تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغان (نەۋەۋى، 84-بەت).

[1] لۇغەتتە «ئەۋەتىش، قويۇۋېتىش، قويۇپ بېرىش» دېگەن مەنىدىكى «ئىرسال» مەسدىرىدىن كەلگەن «مۇرسەل» سۆزى ئىستىلاھ جەھەتتە «تابىئىنلاردىن بولغان راۋى ئۆزى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىسىدىكى ساھابىنىڭ ئىسمىنى ئاتلاپ رىۋايەت قىلغان ھەدىس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇسۇل ئالىملىرى ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ ئىشلىتىشىگە كۆرە «مۇنقەتىئ، مۇئدال، مۇدەللەس ۋە مۇئەللەق قاتارلىقلارغا ئوخشاش سەنەدىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىن بىر ياكى بىر نەچچە راۋى چۈشۈپ قالغان ھەدىس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھتىن بىۋاستە ئەمەس، باشقا بىر ساھابىدىن ئاڭلىغان، ئەمما رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغاندەك رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە «ساھابە مۇرسەلى»، بىر راۋىنىڭ زاماندىشى بولسىمۇ كۆرۈشكەنلىكى بىلىنمەيدىغان بىر كىشىدىن قىلغان رىۋايىتىگە «ئەل-مۇرسەلۇل خەفىي» دېيىلگەن، مۇرسەل ھەدىس رىۋايەت قىلغان راۋى ئۈچۈن «مۇرسىل»، بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلىش ھەرىكىتى ئۈچۈن بولسا «ئىرسال» ئىستىلاھى قوللىنىلغان.

ھەدىس ئالىملىرى سەنەدتىكى راۋىلارنى تەبەقەلەرگە بۆلۈپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى يولغا قويغان.

ئۇلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاماندا شلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئىككى ئەسىر كىشىلىرى ئىكەنلىكى[1] بايان قىلىنغان ھەدىسنى ئاساس قىلغان ۋە دەسلەپكى ئۈچ تەبىقىنى ساھابە، تابىئىن ۋە تەبەئۇت-تابىئىن تەبەقەسى دەپ بېكىتكەن.

ئۇلارنىڭ قارىشىدا، ساھابە كىراملار ھەدىس رىۋايەت قىلىش جەھەتتىن ئەڭ ئادىل كىشىلەر دەپ قارالغان. ئىمام زەھەبى ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ سانىنىڭ 1500 ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.[2] ساھابە كىراملارنىڭ دەۋرى ۋەھيىنىڭ باشلىنىشىدىن (مىلادى 610) ئەڭ ئاخىرقى ساھابىنىڭ ۋاپات بولغان (ھىجرىيە 110 - مىلادى 728) يىلىغىچە داۋاملاشقان.

تابىئىنلار، ھەدىستىن باشلاپ، ئىسلامىي ئىلىملەرنىڭ يېزىلىشى، تۈرگە ئايرىلىشى ۋە تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بۇ ئىككىنچى ئەۋلاد راۋىلارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ دەۋرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن (يەنى ھىجرىيە 11- يىلى، (يەنى مىلادىيە 632- يىلى) دىن باشلاپ، ھىجرىيە 180-يىلى (يەنى مىلادىيە 796-يىلى) غىچە داۋاملاشقان.

تەبەئۇت-تابىئىن دەپ ئاتالغان ئۈچىنچى ئەۋلاد راۋىلارنىڭمۇ سانى نامەلۇم.

ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتا» دېگەن كىتابى ۋە ئابدۇررەززاق ئىبنى ھەممام سەنئانىنىڭ «مۇسەننەف» دېگەن ئەسىرى تەبەئۇت-تابىئىن دەۋرىدە (يەنى مىلادىيە 728-835 يىللىرى) ھەدىسلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىش ساھەسى بويىچە تۈنجى قېتىملىق سىستېمىلىق ھالدا تۈزۈلگەن ئەسەر

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى،شاھادەت بابى، 9 – بەت. ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى، پەتنە بابى، 45 – بەت.

[2] «تەجرىدۇ ئەسمائىس-ساھابە»، مۇقەددىمە، I - بەت.

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆتىنچى ئەۋلاد راۋىلىرى ھىجرىيە 260 – (يەنى مىلادىيە 873 ـ) يىلى، بەشىنچى ئەۋلاد راۋىلىرى ھىجرىيە 300 ـ يىلى (يەنى مىلادىيە 912 ـيىلى) ئاخىرلاشقان.

ھەدىس تارىخىدا «كۇتۇبى سىتتە» مۇئەللىپلىرى دەپ تونۇلغان ئالتە ھەدىس ئىمامى تۆتىنچى ۋە بەشىنچى تەبىقە راۋىلىرى ئارىسىدا ئورۇن ئالىدۇ. ئىمام زەھەبى ساھابە كىراملاردىن باشلاپ ئۆز دەۋرىگىچە (ھىجرىيە 730ـ يىلى، يەنى 1329ـيىلى) ياشىغان 2424 ھەدىس ھاپىزى ۋە راۋىسىنى يىگىرمە سەككىز تەبىقىگە[1]، ئىبنى ھەجەر ئەسقىلانى بولسا دەسلەپكى ئۈچ ئەسىرگە ئائىت بەش راۋى تەبىقىسىنى سەنەدتىكى يېقىنلىقى، ئۇستازلىرى، تەڭتۇشلىرى ۋە باشقا ئورتاق نۇقتىلارنى نەزەرگە ئېلىپ ئون ئىككى تەبىقىگە ئايرىغان.

مەنبەلەردە نەقىل قىلىنغان ۋە رىجال كىتابلىرىدا «جەرھ ـ تەئدىل»[2]

---

[1] «ئەل ـ مۇئىن»، 17ـ بەت.

[2] «جەرھ» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى مەيلى ماددىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەنىۋى جەھەتتىن مۇتلەق «يارىلاندۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىس ئىستىلاھىدا بولسا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈچلۈك ۋە دىققەتچان ئالىمنىڭ، پاسىقلىق ۋە يالغانچىلىق قاتارلىق ئۆزىدە بار بولغان ياكى ئىشەنچلىك راۋىيلارنىڭ رىۋايىتىگە خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق رىۋايىتىدە ئۇچرايدىغان بىر كەمچىلىكى سەۋەبىدىن ھەم ئۆزىنىڭ ھەم رىۋايىتىنىڭ رەت قىلىنىشىدۇر. راۋىيغا مۇشۇنداق بىر كەمچىلىكنى نىسبەت بەرگەن كىشىگە «جارىھ»، كەمچىلىكى بار كىشىگە «مەجرۇھ» دېيىلىدۇ.

«تەئدىل» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «مۆتىدىللىك، دۇرۇستلۇق؛ قەلبتە توغرا ئىكەنلىكىگە دائىر قانائەت پەيدا بولغان نەرسە» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان «ئەدل» ياكى «ئادالەت» سۆزىدىن كېلىپ چىققان مەستەر بولۇپ، «تۈزىتىش، توغرا ھۆكۈم قىلىش، تەزكىيە قىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىس ئىستىلاھىدا بولسا «راۋىينى، رىۋايىتىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. راۋىينى بۇنداق سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگۈچىگە «مۇئەددىل»، ئادالەت ئىگىسى دەپ ئېيتىلغان كىشىگە «ئەدل» ياكى «ئادىل» دېيىلىدۇ.

«جەرھ ۋە تەئدىل» بولسا، مەلۇم خاس سۆزلەرنى قوللىنىپ رىۋايەتلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ياكى رەت قىلىنىشى نۇقتىسىدىن راۋىيلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ۋە ئۇلار ھەققىدە قوللىنىلغان سۆزلەرنىڭ دەرىجىلىرىدىن بەھس قىلىدىغان

قىلىنغان راۋىلارنىڭ ئومۇمىي سانى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، تەخمىنەن 20،000 ئەتراپىدا راۋى بار دەپ، مۆلچەرلىنىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى رىۋايەت دەۋرى دەپ قارالغان دەسلەپكى ئۈچ ئەسىردە ياشىغان.

مەخسۇس ھەدىس رىۋايىتى بىلەن مەشغۇل بولغان راۋىلارنىڭ مەلۇم دەرىجىلىرى بار. ھەدىس ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللىنىپ رىۋايەت قىلالايدىغان ئورۇنغا كەلگەنلەرنىڭ تۆنجى دەرىجىسى راۋى ياكى مۇسنىد مەرتىۋىسىدۇر. راۋى ياكى مۇسنىدنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت رىۋايەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغاچقا، رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنىڭ سەنەد ۋە مەتىنلىرى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنمايدۇ.

كۇتۇبى سىتتە، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «مۇسنەد»، تەبەرانىنىڭ «مۇئجەمۇل-كەبىر»، بەيھەقىنىڭ «سۇنەن» قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىنىڭ مەتىنلىرىنى، سەنەدلىرىنى ۋە سەنەدلەردىكى راۋىيلارنىڭ جەرھ-تەئدىل ئەھۋالىنى ئۆگەنگەندە، راۋى مۇھەددىس دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئوخشىمىغان قاراشلار بولسىمۇ، بىر مۇھەددىس 100،000 ھەدىسنى سەنەد ۋە مەتىنلىرى بىلەن يادلىسا، راۋىلىرىنىڭمۇ ھاياتى، جەرھ-تەئدىل ئەھۋالىنى بىلسە «ھافىز»، 300،000 ھەدىسنى بىلسە «ھۇججەت»، سۈننەتنىڭ ھەممىسىگە ۋاقىپ بولسا «ھاكىم» ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. ھاكىم ئۇنۋانىغا ئىگە راۋىلار ئارىسىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلەرگە «ئەمىرۇل-مۇئمىنىن فىل-ھەدىس» دېيىلىدۇ.

ھەدىس راۋىلىرى «جەرھ ۋە تەئدىل» قائىدىلىرى بويىچە تەنقىد قىلىنىپ، (يەنى تەكشۈرۈلۈپ)، مەلۇم ئاتالغۇلار بىلەن باھالانغان. بۇ ئاتالغۇلاردىن يولغا چىقىپ ھەر خىل تەسنىپلەرگە ئايرىلغان. ئەڭ تەپسىلىي دەپ قارالغان ئىبنى ھەجەر ئەل-ئەسقەلانى ۋە سۇيۇتىنىڭ ئون ئىككى دەرىجىلىك راۋى تەسنىپىنى ئاساسەن ئۈچ گۇرۇپپىغا يىغىنچاقلاش

---

بىر ھەدىس رىجالى ئىلىمدۇر. مەنبەلەردە بۇ ئىلىمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «رىۋايىتى قوبۇل ياكى رەت قىلىنىدىغان راۋىيلار ئىلمى»، «ئىشەنچلىك ۋە ئاجىز راۋىيلار ئىلمى»، «ئاجىز ۋە تەرك قىلىنغان راۋىيلار ئىلمى»، «راۋىيلاردا بولۇشى زۆرۈر بولغان سۈپەتلەر ئىلمى»، «راۋىيلار تارازىسى ئىلمى» ۋە «رىجال تەنقىد ئىلمى» قاتارلىق ئىسىملارمۇ قوللىنىلغان.

مۇمكىن:

1 ـ ئىشەنچلىك راۋىلار، بۇلار ئادالەت ۋە زەبت جەھەتتە كەمچىلىكسىز ياكى رىۋايەتلىرى قوبۇل قىلىنمىغۇدەك دەرىجىگە بارمىغان ئاز كەمچىلىكى بار راۋىلاردۇر. بۇ راۋىلارنىڭ قىلغان جەرھ ۋە تەئدىللىرى قوبۇل قىلىنىدۇ، رىۋايەتلىرى دەلىل سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

2 ـ ئاجىز راۋىلار، ئادالەت ۋە زەبت جەھەتتىن تەكشۈرۈلگەن راۋى، ئادالەت جەھەتتىن ھەدىس رىۋايەت قىلىشقا لاياقەتلىك بولمىسا، جەرھ قىلىنىدۇ ۋە رىۋايىتى رەت قىلىنىدۇ. ئادالەت جەھەتتىن رىۋايەت قىلىشقا لاياقەتلىك بولسا، زەبت جەھەتتىن ئەھۋالى تەكشۈرۈلىدۇ. زەبت جەھەتتىن راۋىلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا خاتالىق ۋە غەپلەتنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن رىۋايىتى تاشلانغانلار بولغىنىدەك، خاتالىق ۋە غەپلەتنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن پەقەت ئاجىز دەپ قارالغانلارمۇ بار. بۇ راۋىلارنىڭ ھەدىسلىرى دەلىل سۈپىتىدە قوللىنىلمايدۇ. ئاجىز راۋىلارنىڭ رىۋايەتلىرىنىڭ ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە دەلىل سۈپىتىدە قوللىنىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ھەدىسشۇناسلار ئارىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ تەرغىب ـ تەرھىب، زۆھد ۋە ئەدەپ، مەغازى ۋە رەقائىق مەۋزۇلىرىدىكى رىۋايەتلىرىگە ئەمەل قىلىشتا بىر توسالغۇ كۆرۈلمىگەن.

3 ـ تاشلانغان راۋىلار. ھەدىس تەنقىدچىلىرىگە كۆرە يالغان سۆزلەيدىغان، يالغانچىلىق بىلەن ئەيىبلەنگەن، بىدئەتكە چاقىرىدىغان، يەڭگىلتەكلىككە بېرىلگەن، كۆپ خاتالىشىدىغان، ئىشەنچلىك راۋىلارغا زىت رىۋايەت قىلىدىغان، رىۋايەت قىلغىنىنى ياخشى بىلمەيدىغان ۋە خاتالىقىدىن يانمايدىغان راۋى تاشلىنىدۇ ۋە ھېچقانداق رىۋايىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## خاتىمە

پەيغەمبىرىمىزگە بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت، ئۇنى يېتەكچى ۋە ئۈلگە قىلىپ ئەگىشىش مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەخلاقىنىڭ تەلىپىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتتىن كېيىن مۇھەببەتكە ئەڭ لايىق بولغىنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى ئۇ «ھەبىبۇللاھ» (ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىسى) دەپ ئاتالغان ۋە ئۇلۇغ رەببىمىز قۇرئان كەرىمدە: ﴿**ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)**﴾[1] دەپ، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىكى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەزىلىتىنى ئۇچۇق بايان قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرگەن، جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلىمى بىلەن تەڭپۇڭ مۇناسىۋەت ئورناتقان، ھېچكىمگە ئىجتىمائىي ئورنىغا قاراپ مۇئامىلە قىلمىغان. ئىنسان سۆيگۈسى، پىداكارلىق، ياردەمپەرۋەرلىك، كەمتەرلىك ۋە كەڭ قورساقلىق قاتارلىق بارلىق ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە خىسلەتلەر ئۇنىڭ مۇبارەك شەخسىيىتىدە مۇجەسسەملەنگەن. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە ئىسلامنى تونۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن، مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىرەتتى، ئاندىن

[1] ﴿إِنَّ اللّٰهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ (سۈرە ئەھزاب، 56 – ئايەت).

ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن بۇ مېھىر-مۇھەببىتى ئەلۋەتتە بەدەلسىز قالمىغان، دۇنيادا ئەڭ كۆپ سۆيۈلگەن، ئۆزىگە مۇھەببەت باغلانغان ئۇلۇغ بىر شەخس بولغان.

پەيغەمبەر سۆيگۈسىنىڭ ئەڭ گۈزەل مىساللىرىنى ساھابىلارنىڭ ھاياتىدا كۆرىمىز. ھىجرىيەنىڭ 4-يىلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزلىرىگە قۇرئان كەرىم ۋە ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان قەبىلىلەرگە ئون كىشىلىك بىر ھەيئەت ئەۋەتكەن. «رەجىئ» دەپ ئاتالغان يەرگە يېتىپ كەلگەندە، بىر توپ قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمى نەتىجىسىدە كۆپچىلىكى شېھىت قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن زەيد ئىبنى ئەسىنە بىلەن خۇبەيب ئىبنى ئەدىي ئەسىرگە چۈشكەن. ئۇلار شېھىت قىلىنىشتىن بۇرۇن ئەبۇ سۇفيانىنىڭ - ئۇ چاغدا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان - «ھاياتىڭنىڭ ساقلىنىشى بەدىلىگە مۇھەممەدنىڭ بۇ يەردە بولۇشىنى خالامسەن؟» دېگەن سوئالىغا، زەيد ھېچ ئىككىلەنمەستىن: «ئۇنىڭ بۇ يەردە بولۇشىنى خالاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، مەدىنىدە پۇتىغا بىر تىكەن كىرىشىگىمۇ ئەسلا كۆڭلۈم رازى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭغا ئەبۇ سۇفيان «مەن دۇنيادا مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئۇنى سۆيگىنىدەك، بىر-بىرىنى سۆيىدىغان ئىككى كىشىنى كۆرمىدىم» دەپ، ساھابىلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى بۇ تارىخىي سۆزلەر بىلەن ئېتىراپ قىلغان.

ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەت، ئەڭ ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر. چۈنكى رەببىمىز قۇرئانى كەرىمدە: **﴿پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز جېنىدىنمۇ ئەۋلادۇر، پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر﴾**[1] دەپ بۇيرۇغان. بۇ ئەھۋالنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىلىرىدىن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگۈچە تولۇق ئىمان ئېيتقان

[1] ﴿النَّبِيُّ أَوْلَىٰ بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنفُسِهِمْ وَأَزْوَاجُهُ أُمَّهَاتُهُمْ﴾ (سۈرە ئەھزاب، 6 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

بولمايدۇ»[1] دەپ ئېيتىلغان.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورىغان بىر ساھابىگە «سەن قىيامەت ئۈچۈن نېمە تەييارلىدىڭ؟» دەپ سورىغان، ئۇ كىشى كۆپ تەييارلىقى يوقلۇقىنى، ئەمما ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، مۇنداق خۇش بېشارەت بەرگەن: «ئۇنداقتا سەن، ياخشى كۆرگەنلىرىڭ بىلەن بىللە بولىسەن»[2]

قىسقىچە ئېيتقاندا، پەيغەمبىرىمىزنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنى ھەر تەرەپتىن توغرا تونۇش، ئۇنىڭغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ نامىنى كۆپ تىلغا ئېلىش، ئۇنىڭ ئىسمىغا ۋە بىزگە قالدۇرغان قىممەت-قاراشلارغا ئىگە چىقىش، ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرىنى ياخشى كۆرۈپ ياقتۇرمىغانلىرىدىن يىراق تۇرۇش، ئۇنىڭ ئەخلاقى بولغان قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ئارقىلىق بولىدۇ. ئۇنى ياخشى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا لايىق ئۈممەت بولۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئىچىدىن بىر ئەلچى تاللاپ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ كاتتا نېمەتتۇر. ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش پەقەت ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىقلاشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇنى بىۋاستە ئۆزى تەربىيەلىگەن، قۇرئاندا ئۇنىڭ ئالىي ئەخلاق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇئمىنلەر ئۇنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىش كېرەكلىكىنى بايان قىلغان.

ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيي پەقەت قۇرئاندىنلا ئىبارەت ئەمەس، ئايەتلەردە كىتاب بىلەن بىرگە بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنغان ۋە سۈننەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ھېكمەت» مۇ ۋەھيي مەنبەلىكتۇر. شۇنداقلا، ئۇنىڭ ئۆز ئىجتىھادى بىلەن قىلغان ئىشلىرى ۋە سۆزلىگەن سۆزلىرىمۇ يەنە ۋەھيىنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولغاچقا، كىچىككىنە خاتالىقلىرىمۇ

---

[1] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، (ئىمان بابى)

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، (ئەدەب بابى)

ۋەھيي بىلەن تۈزىتىلگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىشلىرى ۋە سۆزلىرى ھەر خىل خاتالىقتىن خالىي قىلىنغان. بۇ نۇقتا ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىۋاسىتە ئاللاھ تەرىپىدىن ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقىنىڭ بېرىلگەنلىكى، مۆئمىنلەرگە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېنىق كۆرسەتمەكتە.

يەنە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئايەتلەردە بىرگە تىلغا ئېلىنىشى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە بېرىلگەن قىممەتنى ئوچۇق ئىپادىلىمەكتە. بۇ ئىتائەت ئەلۋەتتە ھايات ۋاقتىدا بىۋاسىتە ئۆزىگە، ۋاپاتىدىن كېيىن سۈننىتىگە ئەگىشىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، قۇرئاندا بولمىغان مەسىلىلەردە ھۆكۈم چىقىرىش، ھالال-ھارامنى بەلگىلەش ھوقۇقى بىۋاسىتە ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن. شۇ ئېتىبار بىلەن قۇرئاندا بولمىغان مەسىلىلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى شەرئىي مەنبەدۇر.

ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى دېيەلەيمىزكى: ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي ھاياتقا تەتبىقلىنىشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، سۆزلىرى ۋە ئەمەلىي ھاياتىنىڭ مۇھىم رولى بارلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن دىن دۈشمەنلىرى، بىۋاسىتە قۇرئانغا ھۇجۇم قىلالمىغاچقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ دىندىكى ئورنىنى سۇسلاشتۇرۇشقا، ھەدىسلەر ئۈستىدە گۇمان پەيدا قىلىشقا تىرىشماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمەن مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ ئەھلى ئىلىم زاتلار بۇ ھىيلە-مىكىرىگە ئالدانماسلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىگە ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە چىڭ ئېسىلىشى لازىم.

رەببىمىز بىزلەرگە، ئۇلۇغ كىتابىمىز قۇرئان كەرىمنى ئوقۇيالىشىمىزنى، ئۇقۇغانلىرىمىزنى چۈشىنەلىشىمىزنى، چۈشەنگەنلىرىمىزنى ھاياتىمىزغا

تەتبىقلىيالىشىمىزنى، ھەمدە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپا ئەلەيھىسسالامنى چىن قەلبىمىزدىن سۆيەلىشىمىزنى، ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىپ، شەرىئىتىنى لايىقىدا ئىجرا قىلالىشىمىزنى نېسىپ قىلسۇن؛ ئامىن...

تىرىشچانلىق بىزدىن، مۇۋاپپىقىيەت ئاللاھتىن .